«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵 双效期刊 中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ



قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئورۇنداش بويىچە كامىل ئۇستاز ئەنسەت مۇختار ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

5

2008

ISSN 1008-6498



«تۇمانلىق ئۇپۇق»، «زاماندىشلار»، «قىسمەت»، «يېگانە دۇنيا» قاتارلىق رومانلار؛ «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ»، «خىلۋەتتىكى بىنا»، «يىغلىما قىز» قاتارلىق پوۋېستلار توپلاملىرى؛ «دەسلەپكى مۇھەببەت»، «تەقدىر»، « ھەر كاللىدا بىر خىيال»، «ئۆيمەھەللىنىڭ ئادەملىرى» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، يازغۇچى، ژۇرنالىست ئالىمجان ئىسمائىل ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 57- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2008- يىل 5- سان
( ئومۇمىي 293- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئىشخانىسىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك خادىمى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى
**بەھرام قۇربان سىنتاش**


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئۇقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


**زامان تەقەززا پىكىرلەر**

«ئۆگىنىش جەمئىيىتى»گە كىرىش ........ دىلمۇراد مەھمۇد 2

**« ئۆزۈڭنى تونۇ!»**

بەدەن، مودا ۋە كىملىك........ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 14

**تارىخ سەپىرىدە**

لايىدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى ........ يالقۇن روزى 29

**كۆڭۈل ئىزھارى**

ئىشقىي ۋەتەن ۋە پىراقىي يارىم ........ نۇرمۇھەممەت توختى 39

**روھ چۇقانلىرى**

يېڭى ئىدىيە ........ ئۇرفات 46

يېڭى ئىدىيە جۆيلۈمىسى........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 47

**ئەقىدە غەلىيانلىرى**

داستىخان ........ نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 48

**«بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم»**

غورتەك........(ھېكايە)........ ئالتۇنگۈل رەجەپ 53

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى........ يارمۇھەممەت پەرھاد قاتارلىقلار 56

**تەرجىمە كۆزنىكى**

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار .... ئا. ئوسمان ھەقيار قاتارلىقلار تەرجىمىسى 65

**ھەركىم ھەرخىل ھەۋەستە**

تېلېۋىزىيە ئېكرانى ۋە «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى» ........ زەمىرە مەجىت 73

**«ھەسەنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق»مۇ؟**

ئاتقا مىنگۈزگەنلەرنى ئۇنتۇمايلى ........ مۇھەممەتجان راشىددىن 77



بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى: قۇربان مامۇت

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 57- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2008- يىل 5- سان
( ئومۇمىي 293- سان )

باش مۇھەررىر:
زۇنۇن باقى ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئىشخانىسىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك خادىمى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
قۇربان مامۇت
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
رىسالەت مۇھەممەت
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى:
بەھرام قۇربان سىنتاش


● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### زامان تەقەززا پىكىرلەر


«ئۆگىنىش جەمئىيىتى»گە كىرىش ........... دىلمۇراد مەھمۇد 2


### « ئۆزۈڭنى تونۇ! »


بەدەن، مودا ۋە كىملىك................... زۇلپىقار بارات ئۆزباش 14


### تارىخ سەپىرىدە


لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى .................يالقۇن روزى 29


### كۆڭۈل ئىزھارى


ئىشقىي ۋەتەن ۋە پىراقىي يارىم .................نۇرمۇھەممەت توختى 39


### روھ چۇقانلىرى


يېڭى ئىدىيە ................................ ئورفات 46
يېڭى ئىدىيە جۈيلۈمىسى.................ئابدۇقادىر جالالىدىن 47


### ئەقىدە غەليانلىرى


داستىخان ....................نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 48


### «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم»


غورتەك.....................(ھېكايە).......... ئالتۇنگۈل رەجەپ 53


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى...................يارمۇھەممەت پەرھاد قاتارلىقلار 56


### تەرجىمە كۆزنىكى


«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار.... ئا. ئوسمان ھېقيار قاتارلىقلار تەرجىمىسى 65


### ھەركىم ھەرخىل ھەۋەستە


تېلېۋىزىيە ئېكرانى ۋە «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى» .............زەمىرە مىجىت 73


### «ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق»مۇ؟


ئاتقا مىنگۈزگەنلەرنى ئۇنتۇمايلى ........... مۇھەممەتجان راشىدىن 77



بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت



www.uygurkitap.com




كېيىنكى ئەسىردە ئىقتىسادتا ئۇتۇق قازانغۇچى ئەللەر ئۆگىنىش جەمئىيىتىگە ئايلانغانلار، ھەممىسى ئۇنۇملۇك ئوقۇتۇش ۋە يېتەكلەش ئارقىلىق ئۆمۈربويى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلەر بولۇپ چىقىدۇ.

— بىرىتانىيە دۆلەتلىك ئالىي مائارىپنى تەكشۈرۈش كومىتېتى دوكلاتى (1997)

مۇشۇ بىلىمىم كېيىنكى پۈتكۈل ئوقۇتقۇچىلىقىم ۋە ھاياتىمغا يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا بىر كومپيۇتېر ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ دەرس ئارىلىقىدا بىزنىڭ ھورۇنلۇقىمىزنى تەنقىد قىلىپ، ئۆزىنى تەرىشچانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ دېگەن سۆزى.

## بىر جىددىي زۆرۈرىيەت

بىرنەچچە يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن دىپلوم ۋە گۇۋاھنامىلەر بىر كىشىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟ بىلىمگە تايىنىشچانلىقى كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان ۋە تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا كىشىلەر پەقەت دەسلەپكى ھاياتىدا جۇغلىغان بىلىملىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ساق ۋە بەختەر ھېس قىلالامدۇ؟ ئىنسانىيەت يالغۇز ئەنئەنىۋى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا ئېرىشەلەمدۇ- يوق؟ مانا بۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى مائارىپتىكى بىر ئىسلاھات — «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» (Lifelong learning, 终身学习) پروگراممىسنى زۆرۈرىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» — «كىشىلەر ئۆگىنىشتە ھەرگىز بەك بالدۇر ياكى بەك كېچىككەن بولمايدۇ» دېگەن ئۇقۇمدىن ئىبارەت. دېمەك ئۇ بىر خىل پوزىتسىيە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بىراۋنىڭ يېڭى ئىدىيىلەر، قارارلار، ئىقتىدارلار ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلارغا ئاكتىپ يۈزلىنىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ چوقۇم بارلىقى ھەم شۇنداق قىلىشى لازىملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ، «قېرى ئىتقا يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆگەتكىلى بولماس» دېگەن تېئورىيىنى كۈچتىن قالدۇرىدۇ. ئۇ، كىشىلەرنى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا ئەمەس، ھاياتىنىڭ ھەممە باسقۇچىدا، مەكتەپلەردىلا ئەمەس، يەنە مەكتەپلەردىن ھالقىغان كونتېكستلاردا، يەنى خىزمەتتە، ئۆيدە ۋە ياكى كۆڭۈل ئېچىش جەريانلىرىدىمۇ ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشىشنى ئالغا سۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دېمىسىمۇ ھەممىمىز ھەركۈنى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئىچىدە بولىمىز. بۇ جەريان «بۆشۈكتىن گۆرگىچە» داۋاملىشىدۇ. بىراق «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش»نى بۇنداق ئاددىي چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ مېغىزلىق مەنىسى شەخسىي تەرەققىيات ۋە لاياقەت ئۈچۈن پايدىلىق، زامانغا ماس

زامان تەقەززا پىكىرلەر

www.uyghurkitap.com

ھەم ھاياتقا پايدىلىق بولغان يېڭى بىلىملەرنى ئىزچىل ئۆگىنىپ مېڭىش دېمەكتۇر. خۇددى مائارىپشۇناس سۇچودولسكي ئېيتقاندەك: «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» ئوقۇمى ــ ئىنساننىڭ ئىزچىل تەرەققىياتى ئۈنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر بۆلىكىگە ئايلىنىشىدىن ئىبارەت ئىدىيە ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.[1] مائارىپشۇناس پالىپۇرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» دېمەك، ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىگە مەكتەپ سىستېمىلىرى سىرتىدا ئېرىشىشنىڭ مۇمكىنلىكى، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقان تەلەپلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.[2] مائارىپشۇناس لوگۇورس نورماننىڭ ئىزاھاتى بۇنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «‹ئۆمۈربويى ئۆگىنىش› ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ئىجابىي جەريان ئارقىلىق ئىنساننىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا شەخسلەر پۈتكۈل ھاياتىدا تەلەپ قىلىنىدىغان بارلىق بىلىم، قىممەت، ماھارەت ۋە چۈشىنىشكە ئىگە بولۇشقا قوزغىتىلىدۇ ھەمدە شۇلارنى بارلىق ئەھۋال ۋە شارائىتتا ئىشەنچ، ئىجادچانلىق ۋە ھوزۇر بىلەن قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.»[3] داڭلىق مائارىپشۇناس جون دېۋېي بولسا «بۆشۈكتىكىلەر» نىڭ، يەنى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەرنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلارنى كەلگۈسى ھاياتقا تەييارلاندۇرۇش دېمەك، ئۇلارنى ئۆزىگە قوماندان بولۇشنى ئۆگىتىش دېمەكتۇر. شۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتلىرىنى تولۇق ھەم تەييار ئىشلىتەلەيدىغان بولىدۇ.»[4] روشەنكى، بۇ رەسمىي مائارىپ باشلىنىش ئالدىدىكى غەيرىي رەسمىي مائارىپ، يەنى «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» جەريانىنىڭ يەنە بىر مۇھىم قىسمى بولغان گۆدەكلەر مائارىپىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى بولۇشى كېرەك.

شۈبھىسىزكى، باللىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىمىزدە ئائىلىمىزدە، مەكتەپلەردە ئۆگەنگەنلىرىمىز ئۆمۈر بويى يەتمەيدۇ، يەنى ئۇلار تېزلا زاماندىن قالىدۇ. بۈگۈنكى رېئاللىقتا بۇ جەرياننىڭ تېزلىكى تارىختىكى ئەڭ زور رېكورتىنى ياراتتى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپالماسلىق ياكى تاپقان خىزمىتىنى ئۈزۈلۈنچە داۋاملاشتۇرالماسلىق، مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا دەل مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىقماقتا. ئەلۋەتتە بازار ئىگىلىكى دولقۇنى بۇ جەھەتتىكى نېگىزلىك سەۋەبتۇر. شۇڭا بىز غەرب ئەللىرىدە نېمە ئۈچۈن «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» دولقۇنلىرىنىڭ ئەڭ بالدۇر كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ. ئەنئەنىۋى مائارىپ مەيلى قايسى ئەلدە بولسۇن پەقەت ئون نەچچە يىل داۋاملىشىدۇ. ئالىي مائارىپنى قوشقاندا بۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا 14 ـ 18 يىلغا يېتىدۇ. لېكىن كۈنسېرى تېز سۈرئەتتە يېڭىلىنىۋاتقان ۋە رىقابەتكە تولۇۋاتقان دۇنيادا كىشىلەر داۋاملىق يۇت تىرەپ تۇرىمەن دېيىشكەن، ئاشۇ ئون نەچچە يىللىق ئۆگىنىش ھاياتىدا ئېرىشكەن بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرسا مەڭگۈ ئالغا باسالمايدۇ. يەنى، بۈگۈنكى دۇنيادا مەكتەپتىن ، ئوقۇتقۇچىلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان كىشى زامانىۋى ساۋاتسىزغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئەمدى قېرىپ مۈكچىيىپ كەتسىمۇ ئۆگىنىشنى توختاتماسلىق بىر خىل پەزىلەت بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر زۆرۈرىيەت سانىلىشى كېرەك. يەنە كېلىپ ئەنئەنىۋى مائارىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تولۇق ماسلىشالماي قالغان بۈگۈنكى كۈندە «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» پروگراممىلىرى ۋە پائالىيەتلىرى دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلانماي قالمايدۇ. مەسىلەن، « نۆۋەتتە جۇڭگودا ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقان ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگۈچىلەرنىڭ ئىشسىز قېلىشى ئىقتىدار بىلەن تەلەپ ئارىسىدىكى ماسلاشماسلىقتىن، ئالىي مائارىپنىڭ جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ۋەزىيەتنى ئاساسلىقى ناچار دەرس لايىھىسى، زاماندىن قالغان تەربىيىلەش مېتودلىرى، ناچار تۈزۈلگەن دەرس تەرتىپى، ناچار ئۈچۈر مۇلازىمىتى ۋە كەمتۈك خىزمەت بازىرى قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارماقتا، دەيدۇ دۇنيا بانكىسى ئىقتىسادشۇناسى ۋاڭ شۈيلىن.»[5] دەرۋەقە، نۆۋەتتە جۇڭگودا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئاشماقتا. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بىراق بۇ يەنىلا تەلەپتىن يىراق. «جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر خەۋەرلەر تورى»نىڭ 2007 ـ يىلى 12 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 2007 ـ يىلى جۇڭگودا ياشلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى 23 پىرسەنتكە يەتكەن.[6] شىنجاڭدا بۇ نىسبەت 1998 ـ يىلى 8 پىرسەنت بولۇپ، 2005 ـ يىلى 18.1 پىرسەنتكە يەتكەن.[7] ھالبۇكى، ھازىر دۇنيادا ياشلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى 35 پىرسەنتتىن ئاشىدىغان دۆلەتتىن 29 ى بار. كانادا، ئاۋستىرالىيە، فىنلاندىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە نورۋېگىيىدە بۇ سان 50 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. ئامېرىكا بىلەن كورىيىدە بولسا 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق.[8] دېمەك، بۇ پۈتكۈل دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان جۇڭگودا ياشلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش نىسبىتى پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش يېشىدىكى ياشلارنىڭ تېخى تۆتتە ئۈچىدىن كۆپرەكىگە نېسىپ بولمىدى، دېگەن گەپ. شىنجاڭدا بولسا بۇ نىسبەت تېخىمۇ تۆۋەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان خىزمەت تېپىش مەسىلىسى بۇ يەردە مەلۇم چاتاقلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2008-يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر 5.5 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 500مىڭ ئاشقان. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2007-يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن 5 مىليون ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە بىر مىليونى ھازىرغىچە خىزمەت تاپالمىغان.»[9] دەرۋەقە، مەلۇم جەمئىيەتتە خىزمەتكە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرنى مۇتلەق ھالدا بىلىمسىزلەر بىلەن بىر قاتارغا تىزىشقا بولمايدۇ. ئىراق ئابدۇرېھىم دۆلەت ئېيتقاندەك «بىر ئادەمنىڭ ئۆگەنگەنلىرى، بىلىدىغانلىرى كۆپ، ئەمما يەنىلا ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، ئۇنى بىلىملىك دېگىلى بولمايدۇ. ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشى ۋە يېڭىلىنىشى شەخسنىڭ بىلىم ئىزدىشى، ئىلگىرىلىشى، تەتقىقات يۆنىلىشى، كەسىپ تاللىشىغا دەرھال، بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر مەلۇم جەمئىيەتتىكى بۇ خىل ئېھتىياج شۇ جەمئىيەتنىڭ بىلىم-مائارىپ سىستېمىسىدا جايىدا، مۇۋاپىق ئىنكاسقا ئېرىشەلمىسە، بۇ جەمئىيەتنىڭ بىلىملىك كىشىلىرى ئورگانلارغا نىسبەتەن بىلىملىك ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئەمەلىي ئېھتىياجغا نىسبەتەن تولىمۇ نابابلىقنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.» [10] ھالبۇكى، ئېھتىياجلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە يېڭىلىنىشى ھەممە كىشىنىڭ ئۆگىنىشى، تەتقىقاتى ۋە كەسىپ تاللىشىغا ئوخشىمىغان تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ، كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسى ۋە ھوشيارلىقىدىن باشقا، شۇ جەمئىيەتتىكى مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ سۈپىتىگە باغلىقتۇر. ئەنئەنىۋى مائارىپ ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر ئەللە كەم-كۈتىسىز ئەمەس. يۇقىرىقى مەسىلىلەر يەنە نۇرغۇن مەملىكەتتە خىلمۇخىل دەرىجىدە مەۋجۇت. بۇ مەسىلىلەرنى تېز ھەم ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەنئەنىۋى مائارىپقا يەنە ئارتۇقچە تايىنىۋېلىشنىڭ ھەرگىز پايدا ئەكەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. شۇنداق ئىكەن، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» روھى ۋە پائالىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىم تاللاش بوپقالىدۇ.

## «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش»نىڭ يوللىرى

«ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» زادى قانداق كونكرېت ھالدا بولۇشى كېرەك؟ بۇنى ئىككى ياقتىن كۆزىتىش مۇمكىن. بۇنىڭ بىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتۇر. بۇ، بىراۋنىڭ ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز ھەم مەكتەپتىن سىرت ئۆگىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنگلىز تارىخچىسى ئېدۋارد گىببوننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ھەربىر كىشىنىڭ ئېرىشىدىغان ئىككى خىل مائارىپى بولىدۇ، بۇنىڭ بىرىنى ئۇ باشقىلاردىن قوبۇل قىلىدۇ، تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىرىنى بولسا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى بېرىدۇ.» [11] دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، گىببون ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى رەسمىي مائارىپتىنمۇ ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان. ئۇشبۇ نەقىل كىرگۈزۈلگەن، شوتلاندىيىنىڭ داڭلىق ئەخلاقشۇناسى ۋە مۇۋەپپەقىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاتىسى سەمۇئېل سىمىلېس (1812-1904)نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش» مۇ ھەرئىشتا ئۆزىگە تايىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان ئەسەردۇر. ئامېرىكىنىڭ مائارىپ پسىخولوگى كارل روگېرسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئىنساننى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە ئۈندەيدىغان بىرلا خىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشتۇر.»[12] روگېرسنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى روھىيەت نۇقتىسىدىن بۇنداق يۇقىرى باھالىشى كىشىگە ھەقىقەتەن ناھايىتى زور ئىلھام بېرىدۇ. بۇ يەنە ئەلۋەتتە «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» روھىغا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان پوزىتسىيىدۇر. روشەنكى، تارىختا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئۇتۇق قازانغانلار ھەققىدىكى مىساللار كۆرمىلىك. بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بىز پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ ئەزەلدىن ئەڭ ئاچقۇچلۇق جەريان بوپكەلگەنلىكى، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى جەمئىيەت يۈزلىنىشىدە تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇمىساقلا بولىدى. «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» نىڭ يەنە بىر خىل شەكلى دەل ئەنئەنىۋى مائارىپقا ئوخشاش باشقىلاردىن قوبۇل قىلىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن قوبۇل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىدا مۇئەييەن پەرقلەر بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان « ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» روھىغا لايىقلىشىپ مەيدانغا كەلگەن «ئۆمۈرلۈك مائارىپ»(lifelong education,终身教育) دەل مۇشۇنداق مائارىپتۇر . بۇ يەردە ئۇنىڭ كونكرېت شەكىللىرى بولغان «ئۈزلۈكسىز مائارىپ» (education continuing, 继续教育) ، «چوڭلار مائارىپى»(adulte ducation ,成人教育) ، «يىراقتىن ئوقۇتۇش» (远程教育،distance learning) يىلكى «ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش»( e_learning, 网上学习 ) ، «ئۆيدە ئوقۇتۇش» (home schooling , 家庭学校 )، «خەت-ئالاقە دەرسلىرى» (correspondence courses , 函授课程) قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئېھتىمال، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى بىزگە ناتونۇش بولسا كېرەك. « 1728-يىلى كالېپ فىللىپس ئىسىملىك بىر تېز خاتىرىلەش ماھارىتى ئوقۇتقۇچىسى ‹بوستون گېزىتى›دە ھەپتىدە بىر قېتىم ئەۋەتىلىدىغان دەرسلىكلەر ئۈچۈن ئوقۇغۇچى ئىزدەپ ئېلان چىقىرىدۇ. ‹ يىراقتىن ئوقۇتۇش› نىڭ تارىخى ئەنە شۇ چاغدىن باشلىنىدۇ.»[13] «ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش» بولسا كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنتېر تورى ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە يىراقتىن ئوقۇتۇش


www.uyghurkitap.com

ئۆسۈلىنىڭ بىر زامانىۋى شەكلىدۇر. ئىنتېرنېت ۋە كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكىلاردىكى تەرەققىياتلار بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۈگۈن ئىنتېر توردا ئوقۇتىدىغان، ھەم «تور ئۇنۋانى» (网上学位 online degree) بېرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەكتە. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپمۇ بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوشۇمچە يولغا قويۇشقا كىرىشمەكتە. بۇ خىل ئوقۇتۇش شەكلى تايىنىدىغان تېخنىكىلارمۇ كۈنسېرى يۈكسەلمەكتە. دېمەك بۇ مېتودنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تېخىمۇ تېز تەرەققىياتقا ئېرىشىشىدە گەپ يوق. «ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 2006-يىلى كۈزگىچە ئامېرىكىدا ئىنتېر توردا ئالىي مائارىپ تەربىيىسى قوبۇل قىلىۋاتقانلار 3.5 مىليونغا يەتكەن. بۇ سان ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10پىرسەنت ئاشقان. 2001-يىلدىن2006-يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 9.7 پىرسەنت بولۇپ، ئومۇمىي ئالىي مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى (1.5 پىرسەنت )دىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن.»[14] «ئۆيدە ئوقۇتۇش» باللارنى مەكتەپلەردە ئەمەس، بەلكى ئۆيدە ئاتا-ئانىلار ياكى كەسپىي تەربىيىچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ غەربتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان يېڭىچە ئوقۇتۇش شەكلى بولۇپ، ئۇ، «مەجبۇرىيەت مائارىپى» تۈزۈمى ئاستىدا پەرزەنتلىرىگە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تەربىيىسىنى ئۆيدە بېرىشنى ئەۋزەل دەپ بىلگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇقى ئىدى. 1964-يىلى جون كالدۋېل خولت ئەنئەنىۋى مەكتەپلەرنى تەنقىد قىلىدىغان «باللار قانداق مەغلۇپ بولىدۇ»ناملىق كىتابىنى يازىدۇ. ئۇ،مەكتەپتىكى بېسىملار باللارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ، 1967-يىلى نەشر قىلدۇرغان «باللار قانداق ئۆگىنىدۇ» دېگەن كىتابىدا باللارنىڭ ئۆگىنىش جەريانى ۋە بۇ جەرياننىڭ مەكتەپلەردە قاتتىق توسالغۇغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربتە ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى قامچىلايدىغان نۇرغۇن تەنقىد بولىدۇ. مۇشۇ جەرياندا غەربتىكى نۇرغۇن دۆلەتتە پەرزەنتلەرنى ئائىلىدە ئوقۇتۇش ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. نۆۋەتتە، بۇ تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن دۆلەتتە، ھەتتا تەرەققىي قىلىۋاتقان بەزى دۆلەتلەردىكى ئەنئەنىۋى مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش قۇرۇلمىلىرى، مەزمۇنلىرى، شۇنىڭدەك مۇھىتلىرىغا نارازى بولغان بىر تۈركۈم ئاتا-ئانىنىڭ قانۇنلۇق تاللىشى بوپقالدى.

دېمەك، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» بىر خىل ئىدىيە بولسا، «ئۆمۈرلۈك مائارىپ» ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كونكرېت يوللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل مائارىپ شەكلى ئەنئەنىۋى مائارىپقا ئوخشاش مۇستەقىل سىستېمىغا ئىگە بولۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇ، ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ بىر يېڭى ھەمراھى سۈپىتىدە مائارىپ سىستېمىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ئوڭشاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ئەنئەنىۋى مائارىپقا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئېزچىل، تەرەققىياتقا ماسلىشىشچان، دائىرىسى كەڭ، قوللىنىشچان، سەزگۈر ۋە ۋاقىت ئېگىي يۇقىرى بولۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۈنسېرى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئاشكارىلىماقتا.

## ئۆگىنىشنىڭ پسىخىكىلىق شەرھى ۋە باشقىلار

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا يېڭى نەرسىلەرنى توختىماي ئۆگىنىش ئىنسان ئۈچۈن زۆرۈرىيەت بولسا، پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئۇ ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى ئېھتىياجلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئەقەللىي ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرى قانغان ھەرقانداق بىر ئىنساندا تەبىئىي ھالدا ئويغىنىدۇ. پسىخولوگ ئابراھام ماسلوۋ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنساننىڭ ئېھتىياج پىرامىداسىغا قارايلى.




ئۇ ئىنسان ئېھتىياجلىرىنى پىرامىدا شەكلىدە سەككىز قەۋەتكە تىزىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى فىزىئولوگىيىلىك، يەنى قورساق، تەن ئېھتىياجلىرىدۇر. ئىككىنچىسى، بىخەتەرلىك (تۇرالغۇ،ئۆي) ئېھتىياجىدۇر. ئۈچىنچىسى، تەۋەلىك ۋە مۇھەببەت، يەنى باشقىلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىش، باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشى، قەدىرلىنىشكە ئېرىشىش ئېھتىياجلىرىدۇر. تۆتىنچىسى، ھۆرمەت، يەنى باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى، ھۆرمىتى ۋە تونۇشىغا ئېرىشىش ئېھتىياجلىرىدۇر. بەشىنچىسى، ئۆگىنىش ئېھتىياجى، يەنى يېڭى نەرسىلەرنى بىلىش، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئېھتىياجىدۇر. ئالتىنچىسى، ئېستېتىك

ئېھتىياج، يەنى سىممېترىكلىك، تەرتىپ ۋە گۈزەللىككە بولغان ئېھتىياجدۇر. يەتتىنچىسى، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش ئېھتىياجى، يەنى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى ۋە ئۆزىنىڭ تالانتى، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئېھتىياجىدۇر. سەككىزىنچىسى بولسا ئۆزىدىن ھالقىش ئېھتىياجى، يەنى «ئۆزلۈك» تىن ھالقىغان ئوبيېكتلارغا باغلىنىش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىغا تولۇق مەنە ئىزدەش ئېھتىياجىدۇر. ماسلوۋنىڭ قارىشىچە، دەسلەپكى قاتلامدىكى ئېھتىياجلار قانمىغان ئەھۋالدا يۇقىرى قاتلامدىكى ئېھتىياجلار ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. يەنى ئۇلار ئۇيقۇ ھالىتىدە قالىدۇ. مىسالەن، قورساق ۋە بىخەتەرلىك ئېھتىياجلىرى قانمىغان ئىنساندا مۇھەببەت ياكى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ئويغانمايدۇ. ئاددىي بىر مىسال ئالساق، بىر بوۋاق قورسىقى توق ۋە بىخەتەر ھەمدە مۇھەببەتكە تولۇق قانغان شارائىتتىلا ئاندىن ئانىسىنىڭ ئېتىكىدىن چۈشۈپ يېڭى شەيئىلەرنى تۇتۇپ، كۆرۈپ ۋە بىلىپ بېقىش ئىستىكىدە بولىدۇ. ئانىسى كۆزدىن يىتكەن ھامان ئۇنىڭ بۇ خىل يېڭى نەرسىلەرنى «قىدىرىش» ئىستىكى غايىب بولىدۇ ھەم ئانىسى قايتىپ كەلمىگىچە ئەسلىگە كەلمەيدۇ. ماسلوۋنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا! « يېڭى نەرسىلەرنى بىلىشكە بولغان قىزىقىشنىڭ كەم بولۇشى تەشۋىش ۋە قورقۇنچنىڭ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ ئىپادىسىدۇر. قورقۇنچنى كۆچەيتىدىغان بارلىق ئامىل بىلىشكە بولغان ئىنتىلىشىمىزنى قىرقىيدۇ.»[15]

روشەنكى، ھەربىر ئىنساندا تۇغما مەۋجۇد بولغان يېڭى نەرسىلەرنى بىلىش، ئۆگىنىش ئېھتىياجى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. خوش، ئۇنداقتا بىلىش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرت ئېھتىياجلىرى قانغان بىر جەمئىيەتتە كىشىلەر قانداق ئۆگىنىشى كېرەك؟ مانا بۇ ئىزچىل تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش ئۈچۈن جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان بىر سوئال. كىشىلەر خالىغان نەرسىنى ئۆگىنىش ۋە بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋاتقان ھەم كۆنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە ئەلۋەتتە نېمىلەرنى ئۆگىنىشنى تاللاش ئەڭ مۇھىم مەسىلە بوپقالىدۇ. دەرۋەقە، غەرب ئەللىرىدە ۋە مۇئەييەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەن شەرق ئەللىرىدە ئەھۋال كۆپىنچە شۇنداق. ئۇلار تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلارغا قارىغاندا ئۆزى ياخشى كۆرگەن، خالىغان كەسىپلەر ياكى بىلىملەرنى تاللاپ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە كۆپرەك ئىگە. شەرقلىقلەر بولسا بۇ جەھەتتە يەنىلا كۆپلەپ قۇربانلىق بېرىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى ماددىي ئېھتىياجلارنىڭ كاپالىتى يەنىلا تۇراقسىز. شۇڭا ئۇلار شۇ ئېھتىياجنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزى خالىمايدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ماددىي پاراۋانلىقلار تولۇق كاپالەتكە ئېرىشكەن بىر جەمئىيەتتە بولسا ئەھۋال ئومۇمەن باشقىچە بولىدۇ. كىشىلەر پەقەت جانساقلاش ياكى ياشاش ئۈچۈن مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆگەنمەيدۇ. بەلكى ئۆزى ياقتۇرغان ۋە ھۇزۇرلىنىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭى نەرسىلەرنى بىلىش ئېھتىياجىنى ھەقىقىي تۈردە قاندۇرىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەت تۇرمۇش بىلەن تەبىئىي ھەم دوستانە رەۋىشتە بىر گەۋدىگە ئايلانغان. لېكىن تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلار ئۈچۈن بۇلارنى بىر يەرگە قويۇش خېلى تەس. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە خىزمەت قىلىشى پەقەت تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، خالاس. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆگىنىش ۋە خىزمەت تۇرمۇش بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم، ھەتتاكى زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپتۇر. ئېھتىمال، بۇ خىل ھالەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىك دەرىجىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۆلچەيدىغان بىر ئۆلچەم بولالىشى مۇمكىن. تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلار بولسا ئۆزى ئەمەس بەلكى جەمئىيەت جىددىي تەقەززا بولۇۋاتقان بىلىملەرنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. مىسالەن، باي ئەلدىكى مەلۇم بىر كىشى رەسساملىقنى ياخشى كۆرگەن بولسا دەل شۇنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇ بەلكىم شۇ كەسىپنى ئۆگىنىپ كەلگۈسىدە ئىش تاپالماي قېلىشتىن ئەنسىرىمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجى ئويغاق ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭ يەنىلا چىقىش يولى بولىدۇ. بۇ بىر ئىجابىي ئايلىنىش جەريانىدۇر. لېكىن تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەلدە ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ جەمئىيەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەقىقىي ياقتۇرىدىغان ھەم تەبىئىي تالانتى بولغان كەسىپلەرنى تاللاش مۇمكىنچىلىكى بەكمۇ تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە نېمىدە ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بايقاشقىمۇ قۇربى يەتمەسلىكى مۇمكىن. دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە تۆلەيدىغان بەدەللىرى كىشىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ.

ھالبۇكى بۇ، تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى رىقابەتنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە زامانىۋى رىقابەت ئېڭى دەل غەربلىكلەردىن كەلگەن. ئۇلاردا ماددىي ئېھتىياجلارنىڭ كاپالەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئۆزىلا، ئۇلاردا بىلىم ئېلىش رىقابىتىنىڭ كەم بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنى ئىككى جەھەتتىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن: بىرى، ئاتالمىش ماددىي كاپالەت زادى قانچىلىك دەرىجىدە بولىدۇ؟ قورساق تويسا، ئۇستىۋاش پۈتۈن بولسا، بىخەتەر تۇرالغۇ بولسىلا بولغىنىمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. كىشىلەر بۇنى ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى بويىچە باھالايدۇ ھەمدە ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ ھېس قىلغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن تىرىشىپ رىقابەتلىشىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشى زورۇر بولىدۇ. روشەنكى، غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتە تويۇنغانلىقى، ئۇلارنىڭ يەنە ئىقتىساد ئۈچۈن تىرىشمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تېخىمۇ كۆپلەپ كاپىتالغا ئېرىشىش ئىستىكى دەل بۇگۈنكى دۇنياۋى ئاساسلىق ئېقىمدۇر. شۇڭا غەربلىكلەرمۇ ئوخشاشلا يەنە ئۆزى سۆيگەن كەسىپ بىلەن كۆپلەپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان كەسىپ ئارىسىدا مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى دوكتورى ھەم ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى ئامېرىكىدا ئىقتىساد پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇپ، ھازىر بوستوندا ئىشلەپ تۇرۇۋاتقان قەيسەر مىجىتنىڭ ئۆزىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق مائاش ئالىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. ئۇ يەنە «ناۋادا كۆپرەك پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلغان بولسام ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىنى ئەمەس، باشقا كەسپنى تاللىغان بولاتتىم» دېگەنىدى. دەرۋەقە، بۇ پروفېسسور بۇ يەردە پۇلنى ئەمەس، ئۆز قىزىقىشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. ھالبۇكى، غەربتىكى ئومۇمىي ئېقىمغا قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەڭ جەلپكار كەسىپ سودا باشقۇرۇش بولۇپ چىقىدۇ. [16] بەزى تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا خىزمەت تېپىش ئەڭ تەس دەپ قارالغان ئون ئالىي مەكتەپ كەسپى ئىچىدە دىنشۇناسلىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە پەلسەپە كەسپى 9-ئورۇنغا تىزىلغان. [17] دېمەك غەربتە سودا باشقۇرۇش كەسپىنىڭ شۇ قەدەر نوپۇزلۇق بولۇشى، ئۇلاردا ئىقتىسادىي ئاڭنى داۋاملىق چوڭقايتىش ئىستىكىنىڭ يەنىلا كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپلەپ بىلىم ئېلىشى پەقەت كۆپلەپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. مانا بۇ غەرب دۇنياسىدا كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىستېمالىزمنىڭ بىر ئىپادىسى. روشەنكى، بۇ خىل يۈزلىنىش ئەركىن بازار كاپىتالىزمغا ئەگىشىۋاتقان شەرق ئەللىرىدىمۇ ئاللىبۇرۇن باش كۆتۈرۈپ بولدى. «ئىستېمال قىلىش ئېرىشىشنىڭ بىر خىلىدۇر. ئېھتىمال بۇ بۈگۈنكى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىم بولغان بىر تۈرلۈك ئېرىشىشتۇر. ئۇنىڭ خاراكتېرى كىشىنى قايمۇقتۇرىدۇ. ئۇ تەشۋىشنى پەسەيتىدۇ... بىراق كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى ئىستېمال قىلمىسا بولمايدۇ. چۈنكى ئالدىنقى قېتىملىق ئىستېمال ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىنىڭ رازى قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. زامانىۋى ئىستېمالچىلار ئۆزلىرىگە تۆۋەندىكىدەك فورمۇلا ئارقىلىق ئېنىقلىما بېرىشى مۇمكىن: مەن = مەن ئېرىشكەن ۋە مەن ئىستېمال قىلغان نەرسىلەر.»[18] روشەنكى، پسىخولوگ ئېرىچ فروم غەرب دۇنياسىدىكى ماددىي ئىستېمالىزم ھادىسىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. ئۇ ئىنسان ھاياتىنى «ئېرىشىش شەكلىدىكى ھايات» ۋە «بولۇش شەكلىدىكى ھايات» دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. «ئېرىشىش شەكلىدىكى ھايات» تا ياشاۋاتقان كىشىلەر پەقەت كۆپرەك نەرسىگە ئىگە بولۇشنى ئىستەيدۇ. ھالبۇكى، فروم تەشەببۇس قىلغان «بولۇش شەكلىدىكى ھايات»تا كىشىلەر ماددىي ئېھتىياجلىرى قانغان ھامان ئۇنى يەنە ئەڭ مۇھىم دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ھاياتنىڭ مەنىۋى تەرەپلىرىنى ئىچكىرىلەپ قىدىرىشقا باشلايدۇ. تۈگىمەس ئېرىشىش ئىستەكلىرىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىۋەرمەيدۇ. «ئېرىشىش شەكلىدىكى ھايات» تا بىركىمنىڭ بەختى ئۇنىڭ مەلۇم جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئابرويى، كۈچى ۋە ھوقۇقى ياكى باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇ. «بولۇش شەكلىدىكى ھايات» بولسا بەخت، مۇھەببەت تەڭ بەھرىمەن بولماق ۋە بەرمەك ئىچىدە بولىدۇ. « ئەگەر مەن ئېرىشكەن نەرسىلەر بىلەن تەڭ بولسام، ئۇ نەرسىلەر يوقالسا، ئۇنداقتا مەن زادى نېمە بولىمەن؟ »[19] دەپ كىنايە قىلىدۇ فروم يەنە. بۇ، كىشىگە نەسرىدىن ئەپەندىدىن ئۆز باھاسىنى سورىغان پادىشاھنىڭ ئېرىشكەن جاۋابىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. دەرۋەقە، بۇ پسىخولوگ تەشەببۇس قىلىۋاتقان ھايات دەل بىز ئۇشبۇ مۇلاھىزىدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان «ئۆگىنىش جەمئىيىتى»نىڭ روھىغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. روشەنكى، بىز ئېرىچ فرومنىڭ ئىستېمالىزمغا بولغان تەنقىدى ئارقىلىق باي ئەللەردىكى رىقابەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى ۋە مەقسىتىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىز مۇمكىن.

ئېرىچ فروم يەنە ئۆگىنىشنىمۇ «ئېرىشىش» ۋە «بولۇش» شەكلى بويىچە كۆزىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار لېكسىيە ئاڭلايدۇ، دەرسنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار يەنە دەرس مەزمۇنىدىن سۆزمۇسۆز خاتىرە قالدۇرىدۇ. كېيىن مۇشۇ خاتىرىلىرىنى يادقا ئېلىپ ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. بىراق لېكسىيەلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانمايدۇ. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار خاتىرە دەپتەرلىرىنى چىڭ ساقلايدۇيۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىلىملەرگە ھەقىقىي ئىگە بولالمايدۇ، يېڭى پىكىر، ئىدىيەلەرنى يارىتالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار يېڭى ئىدىيەلەر ۋە ئۆزگىرىشلەردىن قورقىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلار مىڭ جاپادا يىغقان كونا ئىدىيە ۋە بىلىملەرنى گۇمان ئىچىدە قالدۇرىدۇ. مانا بۇ «ئېرىشىش شەكلىدە ئۆگەنگۈچىلەر» نىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. «بولۇش شەكلىدە ئۆگەنگۈچىلەر» بولسا بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۇلارمۇ لېكسىيەلەرگە قاتنىشىدۇ، لېكىن دەرسكە كىرىشنىڭ ئالدىدا ئۆتۈلمەكچى بولغان مەزمۇن ھەققىدە ئاللىبۇرۇن مەلۇم كۆزقاراشلار ۋە سوئاللارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇلار دەرسنى قىزىقىش ئىچىدە قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا ئاكتىپ ۋە ئىجادىي رەۋىشتە ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

ئاڭلىغان مەزمۇنلار ئۇلاردا يېڭى پىكىرلەرنى ئويغىتىدۇ. ھەرقېتىملىق لېكسىيىدىن كېيىن ئۇلاردا يېڭى ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. دېمەك، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئۆز ھاياتىنىڭ بىر بۆلىكىگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئەنئەنىۋى مائارىپىمىزدا قايسى خىلدىكى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى دېمىسەكمۇ ھەممىگە ئايان. ۋەھالەنكى، «ئېرىشىش شەكلىدە ئۆگەنگۈچىلەر» كۆپ بولغانسېرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە يېڭىلىققا يۈزلىنىشى شۇنچە كۆپ توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا كىشىلەرنى بۇ خىل ئۆگىنىش شەكلىدىن ئازاد قىلىشتا ئاكتىپ ھەم ئىجابىي بولغان «ئۆمۈرلۈك مائارىپ» سىستېمىلىرىغا تايىنىش تامامەن مۇمكىن. غەرب ئەللىرىدە ئۆگىنىش رىقابىتىنىڭ يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر ياقتىن كۆزەتسەك مەلۇم بولىدۇكى، يەنە نۇرغۇن كىشى ماددىي ئىستېمالىزم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى يۈكسىلىشلەر ئۈچۈن ئۆگىنىشتە بولىدۇ. ماسلوۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئىنسانلار تېخىمۇ يۇقىرى بولغان مەنىۋى ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش، يەنى ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشقا موھتاج. كۆپلەپ بىلىمگە ئېرىشىش ئاشۇ نىشانلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ئاساس بوپقالىدۇ. مانا بۇ، يەنە ئېرىچ فروم ئوتتۇرىغا قويغان «بولۇش تىپىدىكى ھايات» نىڭ بىر تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىدۇر. روشەنكى، ئۇ تەشەببۇس قىلغان «بېجىرىم جەمئىيەت» مۇ شۇنداق بىر پرىنسىپنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. دېمەك، مەيلى قانداق ئەل بولسۇن، ئۇ ئاچارچىلىقتا قالغان، تۇرغۇن ياكى بېكىنمە بىر جەمئىيەت بولمىسىلا، كىشىلەر يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشتە ئاكتىپلىقنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئاكتىپلىقنىڭ دەرىجىسى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ.

## «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» نىڭ نىشانى

ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللىكىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» نىڭ ئىككى تۈرلۈك مۇھىم نىشانى بار: بىرى، ئاكتىپ گراژدانلىق، يەنە بىرى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. [20] دەرۋەقە، بۇ ئىككى تۈرلۈك نىشان ئەسلىي ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ نىشانى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن نۆۋەتتىكى رېئاللىق ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ بۇنىڭغا تولۇق قۇربى يەتمەيۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى . مائارىپشۇناس ئاداماننىڭ دېيىشىچە، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش»نى نىشان قىلغان ئەڭ ھالقىلىق ئىقتىدارلار بىر ئىنسان ۋە بىر ئىجتىمائىي مەخلۇق، بىر گراژدان ۋە بىر ياللانغۇچى، بىر ئىشچى ۋە ياكى بىر كارخانىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن غورۇرلۇق ياشاشتۇر. ئۇ، ئاللاقىلىشىش، بىللە ياشاش، تەنقىدىي پىكىر قىلىش، ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش، ھەمدە ئىجادچانلىق قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. [21] روشەنكى، ئاكتىپ گراژدان بولماق دەل مۇشۇدۇر. ئۇ، بىراۋنىڭ يالغۇز مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، شۇ جەمئىيەتنى چۈشىنىدىغان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۆزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئاكتىپ قاتناشقۇچى بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، گراژدانلارنىڭ گەرچە كونكرېت باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش رولىرى بولمىسىمۇ، جەمئىيەت ۋە مۇھىتقا نىسبەتەن مۇئەييەن رولىرى ۋە جاۋابكارلىقلىرى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاكتىپ گراژدان بولماق مەسئۇلىيەتچان گراژدان بولماقتىن ئىبارەت. بىراۋنىڭ جەمئىيەتتىن ئېرىشىدىغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى بولىدۇ ھەم شۇنىڭدەك جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەر كۆپىنچە ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەردىن بەھرىلىنىپ، مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشتا پاسسىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، سىياسىي ئاۋازغا ئىگە بولۇش خەلق ئۈچۈن تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بىراق نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ، ئۇنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. بۇ ھەم تەرەققىي تاپقان ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئورتاق مەسىلىسى . دەل مۇشۇنداق سايلامغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇش ( بولۇپمۇ ياشلىقتىكىلەرنىڭ ئاز بولۇشى) مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا گراژدانلىق تەربىيىسىنى يولغا قويدى. ھازىر بۇ دۆلەتتە گراژدانلىق تەربىيىسى 14 ياشقىچە مەجبۇرىي، ئۇنىڭدىن چوڭلار ئۈچۈن ئىختىيارىي ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئاكتىپ گراژدان بولۇش شوتلاندىيىدە 1998 ـ يىلدىن كېيىن ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم جامائەت سىياسىتىنىڭ بىرى بوپكەلمەكتە.

دەرۋەقە، ئاكتىپ گراژدان بولۇشنى پەقەت سىياسىي ئاۋازغا ئىگە بولۇشقىلا باغلىۋېلىشقا بولمايدۇ. گراژدانلار ئۆز دۆلىتى ئىچى ۋە خەلقئارادىكى يۈزلىنىشلەرگە، يېڭىلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىش، تالاش ـ تارتىش ئىچىدە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ. مۇشۇنداق گراژدانلار قانچە كۆپ بولغانسېرى جەمئىيەت شۇنچە ساغلام تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ناۋادا ئۇلار ماددىي ئېھتىياجلىرى قانغان بولسىمۇ يەنىلا ماددىي ئىستېمالىزمدىن ھالقىپ كېتەلمىسە، ياكى ساغلام ۋە ساپ بولغان مەنىۋى ئېھتىياجلارغا ئەمەس، پۇچەك، تايىنى يوق ۋە بىنورمال مەنىۋى ئېھتىياجلارغا بېرىلسە ئۆزلىرىنىلا ئەمەس ئۆز جەمئىيىتىنىمۇ زاۋالەتكە باشلايدۇ. ئۇلار كۆپىنچە قايسى سورۇننىڭ قانداق قىزىغانلىقى، كىمنىڭ كىمنى قانداق

كەلتۈرۈۋەتكەنلىكى، قايسى كىيىمنىڭ مودا بولۇۋاتقانلىقى ياكى قانداق تاۋارنىڭ قانچە پۇللۇق، كىملەرنىڭ تۇرمۇشىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بوپكەتكەنلىرى، قايسى تېلېۋىزىيە فىلىمىدا ۋەقەلىكنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى، قايسى چولپاننىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىرى، قايسى قىماردا كىمنىڭ قانداق ئۇتقانلىقى ياكى ئۇتتۇرغانلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنىلا ئالماشتۇرسا، ئىنتېرتوردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمىسە، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال كۆرمىسە، كۆرسىمۇ پەقەت تېيىز، كۆڭۈل ئېچىش تىپىدىكى مەزمۇنلارغىلا بېرىلسە، تېلېۋىزورنىمۇ شۇ يوسۇندا كۆرسە، توقۇلما ۋە خىيالىي تېلېۋىزىيە فىلىملىرىگە مەپتۇن بولۇپ، رېئال دۇنيانىڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرى ۋە ئۇچۇرلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇلار پەقەت جەمئىيەتنىڭ پاسسىپ ئەگەشكۈچىلىرى بوپقېلىشىدۇ، خالاس. ئۇلارنى ھەركۈنى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگەنمەيۋاتىدۇ دېيەلمەيمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىۋاتقىنى ۋە بىلىۋاتقىنى ئەنە شۇنداق ساپلا پۇچەك نەرسىلەر. ئۇلار شۇ تۇرمۇشتىن رازىلىق تېپىشى ھەم ھۇزۇرلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار شۇنداق ھاياتقا كۆنگەن. باشقىلارنىڭ يېڭىلىقلار، تەۋەككۈلچىلىكلەر ۋە چوڭ ئىشلارغا ئىنتىلىشلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئارتۇقچە جاپا ياكى ئەخمىقانە ئىشلاردۇر. شۈبھىسىزكى، بىر جەمئىيەتتە ھەممىگە كۆنگەن مۇشۇنداق پاسسىپ ئەگەشكۈچى ماڭقۇرتسىمان ئىنسانلار قانچە كۆپ بولغانسېرى شۇ جەمئىيەت پاتقاققا شۇنچە چوڭقۇر پاتىدۇ. «ئۆمۈرلۈك مائارىپ» تەشەببۇسلىرىنىڭ دەل بۈگۈنكى كۈندە ئەۋجىگە چىقىشى، پۇقرالارنى ئەنە شۇنداق ئۆمۈر بويى ئاكتىپ، ساغلام ۋە ئىجابىي ھاياتقا ئىگە قىلىش مەقسىتىنى نامايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ بۇنى يالغۇز ئورۇنداپ بولالمايدىغانلىقىدا گۇمان قالمىدى.

«ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» نىڭ يەنە بىر نىشانى بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش غەرب دۆلەتلىرىگە قارىغاندا شەرق دۆلەتلىرىدە كۆپرەك تەكىتلەنسە كېرەك. چۈنكى، ئىشسىزلىق بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ مەسىلىسى بولۇپ تۇرماقتا. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بۇنىڭ تىپىك بىر ئىپادىسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگونىڭ نوپۇسى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە قېرىشقا يۈزلەنمەكتە. بۇنداق شارائىتتا پېنسىيە سىستېمىسىغا بولغان بېسىم تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ بارىدۇ. شۇنداق ئىكەن، جۇڭگو تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن ئەللەرنىڭ پېنسىيە يېشىنى ئۇزارتىش ھەم ياشانغانلارنى خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش چارىسىنى قوللانمىسا بولمايدۇ. روشەنكى، ياشانغانلار ئۆزگىرىشكە تولغان بۇ جەمئىيەتتە نورمال خىزمەت قىلالىشى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك مائارىپ سىستېمىلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك. بىراق، بۇ يەنە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا زور خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، جۇڭگودىكى ئىشسىزلىق مەسىلىسى ياشانغانلار كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مەسىلە ئەمەس، بەلكى بۇ ئاساسلىقى مائارىپتىكى مەسىلە. بۇنداق ئەھۋالدا رەسمىي مائارىپ سىستېمىسىغا تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، ھەممە ياشتىكىلەرگە بىۋاستە ھەم ۋاقتىدا نەپ بېرىدىغان ئۆمۈرلۈك مائارىپنى كېڭەيتىش، جۈملىدىن ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىنى كۆپەيتىش، نۆۋەتتىكى ئەڭ زۆرۈر ئىشلارنىڭ بىرى بوپقالىدۇ.

دەرۋەقە، ئىشسىزلىق مەسىلىسىنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرى، شۇ ئەللەردىكى تارىخىي، سىياسىي سەۋەبلەر ، مائارىپنىڭ سۈپىتى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى نابابلىقلاردىن باشقا، خەلقنىڭ ئۆزىدىدۇر. ناۋادا بىر ئەلنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى ۋە سۈپىتى تەلەپتىن يىراق بولسا، بۇ ھەم قىسقا ئارىلىقتا ھەل بولمىسا، ئۇ ھالدا پۇقرالار كۆپرەك ئۆزىگە تايانماي بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن ئەللەردە ئۆمۈرلۈك مائارىپ بويىچە تەربىيىلىنىش كۆپىنچە پۇقراۋى ئورگانلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئورگانلار جەمئىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجلىرىنى ئەڭ تېز، بىۋاستە ھەم ئۈنۈملۈك رەۋىشتە ھەل قىلىشتا زور تۆھپە قوشماقتا. نۆۋەتتە بىزدىمۇ ئەنە شۇنداق ئورگانلارنىڭ داۋاملىق كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى، ھەم ئۇلار ئارىسىدا سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغۇچى ساغلام رىقابەتلەرنىڭ بولۇشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. مۇشۇنداق ئورگانلار بولغان، ھەم ئىقتىساد يار بەرگەن شارائىتتا كىشىلەرنىڭ رەسمىي مائارىپتىن سىرت ئۆگىنىشى پۈتۈنلەي ئۆزىگە قالىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆگىنىشتە مەيلى مۇشۇ ئورگانلارغا تايانسۇن ياكى ئۆزىگە تايانسۇن، تاللاش، روھىي سىناق ۋە ئۇسۇل مەسىلىسىدە كەتكۈزۈپ قويسا بىھۇدە زىيانلارغا دۇچار بولۇشى مۇمكىن. تۆۋەندە بىز ئالىي مەكتەپ پېشىدىكى ياشلىرىمىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتە باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بەزى ئەھۋاللىرى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل قىلىپ باقايلى:

A ئەھۋال:

مۇلان جوڭ ئىشلارنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ياش ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆزى مۇھىم ھەم ئەسقاتىدۇ دەپ قارىغان ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇ بىر يۇقىرىقى مەكتەپتە ئىككى يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى ھەمدە ئۆزى بەكلا قىزىققانلىقى ۋە قاتتىق تىرىشقانلىقى ئۈچۈن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. كېيىن ئۇ بەزى تەربىيىلەش مەركەزلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى ۋە بەلگىلىك ئىناۋەتكە ئېرىشتى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي تاپقان پۇلىنىڭ بەزى دوستلىرىنىڭكىدىن ئازلىقىنى ھېس قىلىپ، رۇس تىلى ئۆگىنىشنى باشلىدى. رۇس تىلىدىن بىر-ئىككى كىتاب ئۆگەنگەندىن كېيىن چېگرا سودىسى ساھەسىگە كىرىپ باقماقچى بولدى. لېكىن ئۇ

يېرىدىكى شىددەتلىك رىقابەت ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. كېيىن ئۇ چەت ئەلگە چىقىش ئاسانراق بولىدىكەن دەپ فرانسۇز تىلىنىمۇ بىر مەزگىل ئۆگەندى. لېكىن بۇنىڭ يەنە نۇرغۇن پۇل بىلەن ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلىپ سوۋۇپ قالدى. ئۇ جەرياندا ئۇ شوپۇرلۇقنىمۇ ئۆگىنىپ قويسام ئەرزىيدۇ دەپ ئۇنىمۇ قولدىن بەرمىدى.

يۇقىرىقى ئەھۋالدا بىز مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان بىرلا تەرەپ بار، ئۇ بولسىمۇ مەۋلاننىڭ ئىزچىل ئۆگىنىش روھى. بۇ، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» نىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئاساسى. لېكىن تاللىغان نىشانىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى، ئارتۇقچە ئالدىراقسانلىق ۋە روھىي ئاجىزلىق بۇ ياشنىڭ بىرەر ساھەدە ئۆتۈپ چىقىشىنى توسۇپ تۇردى.

B ئەھۋال:

پاتىمە ئالىي مەكتەپنىڭ مەلۇم بىر كەسپىدە ئوقۇش ئۆتكۈزۈشنى قولغا ئالغاندىن كېيىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ، كەلگۈسىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشتىم، دەپ ئويلىدى ھەمدە ئىززەت ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولغان شۇ كەسپتە ئوقۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ بىرنەچچە يىللىق ئوقۇشنى نۇرغۇن جاپا بىلەن غەلىبىلىك تاماملاپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. قايتىپ كېلىپلا ئۇ ئۆز كەسپىگە ماس خىزمەتنىڭ بازىرى كاسات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كېيىن ئۇ ھەرخىل تىرىشچانلىق بىلەن باشقا بىر كەسپتە ئوقۇتقۇچى بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۆزى ئۆگەنگەن كەسپ بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغان بۇ كەسپنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇ خۇددى ئالىي مەكتەپنى قايتا ئوقۇغاندەك تۇيغۇدا بولدى. ئەمدى خىزمەتتە ۋە كەسپتە ئۆتۈپ چىقىش ئۇنىڭ ئۈچۈن چۈشكە ئايلاندى.

پاتىمەنىڭ ئەھۋالى ئوقۇتقۇچىلىق ئۈچۈن كەسپىي ئىمتىھان يولىغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى تىپىك ھادىسە ئىدى. ئۇ ئۆزى دەسلەپتە ئوقۇغان كەسپىنى ياقتۇرۇشى ياكى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن. پاتىمەنىڭ خىزمەتكە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى ئۆزى خالىمىغان رەۋىشتىكى«ئۆمۈربويى ئۆگىنىش»نىڭ بىر مىسالىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى شۇنداق قىلماي ئامالى يوق. ناۋادا ئۇ دەسلەپتىلا كەسىپ تاللاش مەسىلىسىدە ئەستايىدىلراق ياكى ئەمەلىيرەك بولغان بولسا، كېيىن بۇنداق ئاۋارىچىلىقلارغا دۇچار بولمىغان بولاتتى. پېقىرنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا سەل ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى، مەن ئەسلى ئۆز كەسپىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان، لېكىن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن تىلشۇناسلىق، تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئىنگلىز تىلى بويىچە ئوقۇتقۇچى بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات ۋە فولكلور كەسپىگە ئادەم لازىم ئەمەس ئىدى. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ كەلگىنىم ئۈچۈن بۇنىڭدا قىينالمىدىم، لېكىن تىلشۇناسلىق ۋە تەرجىمە نەزەرىيىسىگە كەلگەندە جىق بەدەل تۆلىدىم ھەم بۇ دەرسلەردە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياراملىق ئوقۇتقۇچى بولالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.

C ئەھۋال:

يالقۇن 1992-يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ياش ئىدى. ئۇ تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ماگىستىرلىققا ئوقۇدى. ئۇ شۇ چاغدا پەقەت قىزىقىش يۈزىسىدىنلا شۇنداق قىلغانىدى. ساۋاقداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ تولىسى ئۇنى ئارتۇقچە ئىش قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىدى. چۈنكى شۇ مەزگىللەردە ئاسپىرانتلىققا ئوقۇسىمۇ بىرەر خىزمەتكە ئاسانلا ئېرىشكىلى بولاتتى. 2000-يىللارغا كىرگەندە، يالقۇن نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ خىزمەت ئۈچۈن ماگىستىرلىققا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇشمۇ «ئۆمۈرلۈك مائارىپ» دائىرىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئالىي مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىنسان ھاياتىنىڭ قايسى بۆلىكىدە بولسا بولۇۋېرىدىغان مائارىپ. شۇڭا ئىنگلىز تىلىدا ئاسپىرانت «post graduate student»، يەنى «ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ئوقۇغۇچى» دېيىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى «研究生»، يەنى « تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى» ئەمەلىيەتتە ئەسلىي مەنىدىكى تەرجىمە ئەمەس. ھالبۇكى بۇ، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يەنى بۇ خىل ئوقۇش ئاساسەن تەتقىقات،ئوقۇتۇش ساھەلىرىگە كۆپرەك ماس كېلىدىغان تاللاشتۇر. بۇ ھەم يۈكسەك تەتقىقات تۈسىنى ئالغان دوكتورلۇق ئوقۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدۇر.

دەرۋەقە، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش بۈگۈنكى نۇرغۇن ياشنىڭ خىزمەت تېپىشتىكى بىر مۇھىم تاللىشى بوپقالدى. لېكىن بۇ، ئوقۇشقا كىرىشتىكى رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى ئەھۋالدا ياشلارنىڭ دەسلەپتىلا ئىزچىل ھەم پۇختا تەييارلىق قىلىپ مېڭىشى، كەسپنى مۇۋاپىق تاللىشى ۋە مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغان جاسارەتنى يېتىلدۈرۈشى بەكمۇ زۆرۈردۇر. ياشلىرىمىزنىڭ تولىسىدا يۇقىرىقىدەك تەييارلىقلار تولۇق ھازىرلانمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيۋاتىدۇ.

D ئەھۋال

سانىيە ئالىي مەكتەپكە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن كىرەلمىدى. ئۇ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىشلىدى، بالا باققۇچىمۇ بولدى. يەنە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېشىنچىيا ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە بېرىپمۇ ئىشلىدى. بۇ جەرياندا دەرۋەقە ئۇ جىق نەرسىنى ئۆگەنگەن بولدى. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ھېچقانداق پىلانى يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىش ھوقۇقى يوق، ھوقۇقى بولسىمۇ ئۇنى ئىشلىتىشتىن قورقىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئىش قىلاي دېسە ئالدىدا خىلمۇخىل توساق بار. بۇ ئۇلارنىڭ روھىنى تېخىمۇ سۇندۇرىدۇ. سانىيە كەبىي ياشلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەرگىز قىسمەنلىك دېگىلى بولمايدۇ. «شىنخۇا تورى»نىڭ

خەۋەر قىلىشىچە، نۆۋەتتە جۇڭگودا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغىنى بىلەن، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئاران بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.[22] روشەنكى، بۇنىڭدىن جۇڭگودا ئالىي مائارىپ تەربىيىسىگە ئېرىشەلمەيۋاتقان ياشلارنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمەي قالغان ياشلارنىڭ ھاياتى شۇنىڭ بىلەن گۈللىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولامدۇ؟ بۇنىڭغا ھەئە دېيىشنىڭ ئۆزى مەكتەپلەرگە ئارتۇقچە ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنىڭ بىر تىپىك ئىپادىسىدۇر. ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلمىگەن ياشلارمۇ تىرىكچىلىككە پايدىلىق يېڭى نەرسىلەرنى ئۆمۈر بويى ئۆگىنىپ مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ياشلارنىڭ ئىچىدىن ھەر ـ ھەر دائىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ياشلار مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە تۇرسۇنجان ئىسىملىك بىر دوستۇمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم. ئۇ، كورلا يېزىلىرىنىڭ بىرىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا ئاران تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇيالىغان. كېيىن ئۇ بىرمەزگىل ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىقىغا ياردەملەشكەن. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي دېھقانچىلىقتىن قول ئۈزۈپ تىجارەت قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنى تاشلىمىغان. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىم. ئۇ ھەرقېتىم ئۆرۈمچىگە كەلگەندە نۇرغۇن كىتاب سېتىۋېلىپ قايتاتتى. كېيىن بىر پۇرسەت بولۇپ ئۇنىڭ كورلىدىكى ئۆيىگە بارغىنىمدا لىق تولغان بىر چوڭ كىتاب ئىشكاپىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. شۇ چاغدا مەندەك بىر كەمبەغەل ئوقۇغۇچىنىڭ كىتابىمۇ ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىدى. تىجارىتى ئارىسال چاغلاردا ئۇ يەنە ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر ئۆگەندى. ئۇ خۇددى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان نەرسىلەرنى تولۇقلىۋېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك تۇراتتى. تىجارەتتە بولسا ئۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىغان جانلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا بىزدىكىدەك خىزمەت غېمى، تۇرمۇش غېمى دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىر قېتىم: «سىلەر ئاسپىرانتلار نېمە دېگەن چۈشكۈن، سىلەرگە قاراپ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم» دېگىنى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. دېمەك، يەنە ئۇنىڭدىكى كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە جاسارەت بىزنى قايىل قىلىپ تۇراتتى. ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەن تۇرسۇنجاننىڭ «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» تە بىر ئەمەلىي ئۈلگە ياراتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىز باشتىكى ستاتىستىكىدا كۆرگىنىمىزدەك جۇڭگودا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىدىن يىراق كىشىلەر مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ نىسبەت بويىچە ئېيتقاندا «ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش» ياكى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش مەسىلىسىنى كۆپرەك شۇ بىر تۈركۈم ياشقا تەتبىقلاپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىم بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار پەقەت بىر قىسىم ياشنىڭ «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جەريانلاردىكى تىپىك كەچۈرمىشلىرىدۇر. دەرۋەقە، رەسمىي مائارىپ بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى بەزى جىددىي مەسىلىلەر پات ئارىدا ھەل بولمايدىغان رېئاللىق ئالدىدا ئالغا بېسىش ياكى چېكىنىش كۆپىنچە شۇ ياشلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق بوپقالىدۇ.

## «ئۆگىنىش جەمئىيىتى»گە كىرىش

بىز «بىلىم ئىگىلىكى» (知识经济, **Knowledge Economy**) دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلىغىنىمىز ۋە ئىشلەتكىنىمىزگە خېلى بولدى. دەرۋەقە بۈگۈن دۆلەتلەر ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتنى ئاساس قىلغان ئىگىلىكتىن بىلىمنى ئاساس قىلغان ئىگىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ئەمەلىيەتتە «ئۆگىنىش جەمئىيىتى» (**learning society**, 学习型社会) دەل ئاتالمىش «بىلىم ئىگىلىكى» دەۋرى تەقەززا بولىدىغان جەمئىيەتتۇر. «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» ئۇقۇمى «ئۆگىنىش جەمئىيىتى»نىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئۇ ئۆمۈربويى داۋاملىشىدىغان، ھەممە قاتنىشىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ خىللاشقان ئۆگىنىش ئىچىدىكى جەمئىيەتتۇر. بۇ ئۇقۇمنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلىگەن تەتقىقاتچىلار ئىچىدە ئامېرىكىلىق مائارىپشۇناس دونالد ئالان سچۆن (1930ـ 1997) ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇ بىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان شارائىتتىكى ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئۆگىنىشكە بولغان ئېھتىياجنى باغلايدىغان نەزەرىيىۋى قۇرۇلما بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: «تۇراقلىق ھالەتلەرنىڭ يوقىلىشى دېمەك، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئورگىنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانى ئىچىدە تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز ئەمدى پۈتكۈل ئۆمۈر بويى ئۆزگەرمەي تۇرغۇن ھالەتنى ساقلايدىغان جەمئىيەتلەرنى كۈتۈپ ئولتۇرالمايمىز. بىز بۇ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش، يېتەكلەش، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىز ئۇلارنى ئۆزلىرىمىز ۋە ئۆز ئورگانلىرىمىز بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بىز ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. ئۆزگىرىۋاتقان شارائىت ۋە تەلەپلەرگە جاۋابەن ئورگانلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆگىنىش ئىچىدىكى سىستېمىلار بولمىش ئورگانلارنى بەرپا قىلىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.»[23] جەمئىيەتشۇناس روبېرت. م. خۇتچىنس 1968 ـ يىلى ئەڭ دەسلەپ «ئۆگىنىش

www.uyghurkitap.com

جەمئىيىتى»نىڭ زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، مائارىپ سىستېمىلىرى ئۆزلىرىگە قويۇلغان تەلەپلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدىغان بوپقالدى. ئۆگىنىش ئۆزگىرىشلەرنىڭ دەل مەركىزىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك دەيدىغان ئىدىيىگە يۈزلىنىش زۆرۈر بوپقالدى. « ئىككى ھالقىلىق پاكىت ــ ئېشىپ بېرىۋاتقان بىكار ۋاقىت ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېزلىشىشى ئىچىدە كېيىنكىسى ئۆزلۈكسىز مائارىپنى تەلەپ قىلسا، ئالدىنقىسى ئۇنى مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتۈرىدۇ» دەيدۇ ئۇ. [24]

بىز يۇقىرىدا ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېزلىشىشى ۋە ئۇنىڭ «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش»كە ئاساس بولۇشى ھەققىدە ئاز ـ تولا سۆزلىگەنىدۇق. ھالبۇكى، ئېشىپ بېرىۋاتقان بىكار ۋاقىت ھەققىدە توختالغاندا ئەھۋال سەل مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن. بىكار ۋاقىت دېمەك يەنىلا بىر خىل نىسپىي ئۇقۇم بولۇپ، ناۋادا ئۇ ماددىي ئېھتىياجلارئۈچۈن ئەمگەك قىلىپ ئېشىپ قالغان ۋاقىتنى كۆرسەتسە، ئۇ ھالدا تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ بىكار ۋاقتى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭكىدىن كۆپ بولغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ ھەرخىل مەنىۋى ئېھتىياج، جۈملىدىن ئۆتۈق ياكى ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ۋاقىتتىن سىرت ۋاقىتنى كۆرسەتسىچۇ؟ خۇتچىنس بۇ يەردە ئېھتىمال دەسلەپكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. دېمەك، ئۇنىڭچە بولغاندا، كىشىلەردە ئېشىنچا ۋاقىت كۆپ بولغانسېرى ئۇلار يېڭى ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى شۇنچە كۆپ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ ھېساب بويىچە قارىغاندا تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولۇشى كېرەك. دېمىسىمۇ، رېئاللىق شۇنداق. بۈگۈنكى كۈندە بايلارنىڭ داۋاملىق بېيىشى، نامراتلارنىڭ داۋاملىق نامراتلىشىشى دۇنياۋى ئاساسلىق ئېقىم بولۇشى دەل شۇنىڭ بىر ئىپادىسى. دېمەك، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر باشقىلارغا يېتىشىۋالىمەن دەيدىكەن، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور بەدەل تۆلىمەي بولمايدۇ. ئۇلار ئاران قولغا كەلگەن ئېشىنچا ۋاقىتلىرىنى غەربلىكلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قەدىرلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. بۇ، شەرقلىقلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم زۆرۈر شەرتتۇر.

ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلغان باي ئەللەرنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىلىرىنى تەييار پېتى ئەكىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. شۇڭا نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا نامرات ئەللەر باي ئەللەردىن تېزراق تەرەققىي قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق باي ئەللەر بىلەن نامرات ئەللەرنىڭ مائارىپلىرى ئارىسىدىكى بوشلۇق بەك زور بولسا (بۈگۈنكى ئومۇمىي ھالەت ئەنە شۇنداق) مۇشۇ پەن ـ تېخنىكىلارنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرىدىغان كۈچكە ئايلىنىشى تەسكە توختايدۇ. شۇڭا ئۆگىنىش ئەنئەنىۋى مائارىپنىڭ چېگرىلىرىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ھاياتقا كېڭەيمىسە، نامرات ئەللەرنىڭ ئەسلىدىلا ئاجىز بولغان رەسمىي مائارىپلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ گۈللىنىش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە « پەن ـ تېخنىكىدىكى يۈكسىلىشلەر مائارىپشۇناس تورستېن خۇسېن ئېيتقاندەك كىشىلەرنى ‹ئۆگىنىش جەمئىيىتى› گە باشلاپ كىرىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىلدۇر. ئۇنىڭچە بولغاندا، ‹بىلىمنىڭ پارتلىشى› غا ئەگىشىپ كەلگۈسىدە مائارىپ ئۆمۈربويى داۋاملىشىدىغان جەريانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇقىم كىرىش ھەم توختاش نۇقتىلىرى بولمايدۇ. ئۇ بارا ـ بارا تېخىمۇ كۆپ كىشى قوبۇل قىلالايدىغان غەيرىي رەسمىي خاراكتېرغا ئىگە بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، تېخىمۇ مەنىلىك ھەم ئەمەلىي قوللىنىشچان بولىدۇ.»[25]

دېمەك، نامرات ئەللەر باي ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىلىرىنى قارىغۇلارچە سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلەنسە، تەييار بازىرى ئارقىلىق ياراتقان پايدىسىغا رازى بولۇپ ئولتۇرۇۋەرسە، ئۆز مائارىپلىرى ئارقىلىق يېڭى ـ يېڭى تېخنىكىلارنى يارىتىشقا تىرىشمىسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولمايدۇ. شۇڭا جۇڭگو قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئولىمپىكتەك دۇنياۋى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز مائارىپىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مائارىپ بىز تەكىتلەۋاتقان «ئۆمۈرلۈك مائارىپ»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ئەلۋەتتە. شۈبھىسىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە مەلۇم بىر ئەلنىڭ مائارىپ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشتە پەقەت رەسمىي مائارىپنىلا تۇتقا قىلىش بارا ـ بارا تارىخقا ئايلىنىدۇ. «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش» روھى ھەم پائالىيەتلىرى بولسا بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات سۈپىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم يېڭى نۇقتىلار بوپقالىدۇ. لېكىن بۇ ئاۋۋال رەسمىي مائارىپنى ياخشىلاپ بولۇپ ئاندىن «ئۆمۈرلۈك مائارىپ» قا يۈرۈش قىلىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بىز باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئۆمۈرلۈك مائارىپ» دەل رەسمىي مائارىپنىڭ بىر ھەمراھى سۈپىتىدە ئۇ ھەل قىلىپ بولالمايۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رولغا ئىگە بوپكەلمەكتە. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە قارىغاندا بۇ خىل مائارىپقا تېخىمۇ جىددىي موھتاجدۇر. غەربلىكلەر بولسا ئۇنىڭ پايدىسىنى ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا خېلى كۆردى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يەنە كۆرىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، تەرەققىياتنىڭ پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، خۇددى مائارىپشۇناس ئېدگار فائۇرې ئېيتقاندەك: «كەلگۈسىدە ئۆمۈرلۈك مائارىپ ھەم تەرەققىي تاپقان، ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ مائارىپ سىياسەتلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇقۇمغا ئايلىنىشى كېرەك.»[26]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ستاتا مەنبەلىرى

[1] داۋې. ر.ك.خ (Dave, R.K.H): «ئۆمۈرلۈك مائارىپنىڭ ئاساسى»، ئوكسفورد، « پېرگامون» نەشرىياتى 1976-يىل نەشرى، 65-بەت.

[2] پالېپۇ. ر (Palepu, R) :«تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە ئۆمۈربويى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش ھەققىدە خەلقئارالىق ئوقۇتۇشلۇق» 2-قىسىم، هوللاندىيە «ئاكادېمىك» نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى ، 767-بەت.

[3] لوڭۋورس نورمان (Longworth Norman): «ئۆگىنىش ئەسىرى ئۈچۈن ئۆگىنىش جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇش»، «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش ھەققىدە خەلقئارالىق ئوقۇتۇشلۇق» 2-قىسىم، هوللاندىيە، «ئاكادېمىك» نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى ، 592-بەت.

[4] جون دېۋېي (Dewey, J): « مائارىپ توغرىسىدا تاللانغان يازمىلار»، ف.ۋ. گارلانخ تەھرىرلىگەن، لوندون Heinemann نەشرىياتى نەشرى 1966-يىل نەشرى، 27-بەت.

[5] ۋاڭ يىڭ: «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچى»، «جۇڭگو گېزىتى» (ئىنگلىزچە نۇسخىسى) 2007-يىل 20-ئىيۇن سانى.

[6] «جۇڭگو ئالىي مەكتەپلەر خەۋەر تورى»:
http://www.gxedu.org.cn/article/1/29/2298.html

[7] جياڭ فۇيېر: «شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 18.1 پىرسەنتكە يەتتى»، «جۇڭگو مائارىپ گېزىتى» 2005-يىل 1-ئۆكتەبىر سانى 1- بەت.

[8] تيەن شىنرې :«خىزمەت بازىرى نېمىشقا شۇنچە پاتپاراقچىلىققا تۇشۇپ كېتىدۇ؟»، «جۇڭگو ئىقتىساد يېتەكچىسى گېزىتى» 2006-يىل 28-ئوكتەبىر سانى.

[9] يى مىڭ : «2008-يىلى 5 مىليون ستۇدېنت خىزمەت ئىزدەيدۇ: پىكىر يولىنى ئۆزگەرتىپ سالماقلىق بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش لازىم»، «جۇڭگو ستۇدېنتلىرى تورى»
http://www.chinacampus.org/jy/ShowArticle.asp?ArticleID=973

[10] ئابدۇرېھىم دۆلەت: «بىلىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى، 174-بەت.

[11] سەمۇئېل سىمىلىس (Samuel Smiles): «ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش»، لوندون، 1859-يىل، مادالۇ تەرجىمە قىلغان، ئىنگلىزچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرما نۇسخا، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى، 382-بەت.

[12] كارل. ر. روگېرس (Carl, R. Rogers): «ئادەم بولۇش توغرىسىدا»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى، 253-بەت.

[13] خولمبېرگ. ب (Holmberg, B): (گېرمانىيە)«يىراقتىن ئوقۇتۇشنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى، پرىنسىپلىرى ۋە ئەمەلىيىتى»، ئولدېنبورگ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى، 13- بەت.

[14] بابسون تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات گۇرۇپپىسى ( Babson Survey Research Group): «تور ئۈستىدىكى خەلق- تورئۈستىدە ئۆگىنىشنىڭ بەش يىللىق تەرەققىياتى»، 2007-يىل ئۆكتەبىر، 1-بەت.

[15] ئابراھام ماسلوۋ: «ئىنسان پىسخىكىسى ھەققىدە»، جون ۋىللېي سونس نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى، 78-بەت .

[16] مەنبە:
http://www.campusgrotto.com/most_popular_college_majors.html

[17]مەنبە:
http://www.holytaco.com/2008/06/03/the_10_most_worthless_college_majors

[18].[19] ئېرىچ فروم(Erich Fromm): «ئېرىشىش ياكى بولۇش؟» لوندون جونلىن كېيپ چەكلىك شىركىتى نەشرىياتى 1992-يىل نەشرى، 36-، 111-بەتلەر.

[20] ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللىكى: « ئۆمۈربويى ئۆگىنىش ھەققىدە بىر ئەسلەتمە»، بروسسېلس، بېلگىيە 2000-يىل 30- ئۆكتەبىر ، 5-بەت.

[21] ئاداما ئوئۇئانې( Ouane, Adama): «ئۆمۈربويى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھالقىلىق قابىلىيەتلەر»، Madhu Singhتەھرىرلىگەن: « ئۆمۈربويى ئۆگىنىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش»، ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى مائارىپ ئىنستىتۇتى ، هامبورگ، 2002- يىل، 340-بەت.

[22]: رېن چىنچىن: « جۇڭگو ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىش مەسىلىسى جەمئىيەتنىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ كۆڭۈلۈك ئېتىبارىنى قوزغىدى»، «شىنخۇا تورى» خەۋىرى 2008-يىل15-يانۋار.
http://news.xinhuanet.com/newscenter/2008_01/15/content_7423532.htm

[23] سچۆن. د. ئا ( Schön, D. A):« تۇرغۇن ھالەتتىن ھالقىش: ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتنىكى ئاممىۋى ۋە شەخسىي ئۆگىنىش» ،«پىنگۇين» نەشرىياتى 1973-يىل نەشرى، 28-بەت.

[24] خۇتچىنس. ر.م (Hutchins, R. M): «ئۆگىنىش جەمئىيىتى»، «پىنگۇين» نەشرىياتى1970-يىل نەشرى، 130-بەت .

[25] تورستېن خۇسېن (Torsten Husen) : «ئۆگىنىش جەمئىيىتى»، لوندون «مېتۇئېن» نەشرىياتى 1974-يىل نەشرى، 198-بەت.

[26] ئې. فائۇرې (E. Faure): «ئادەم بولۇشنى ئۆگىنىش»، پارىژ، ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى UNESCO 1972-يىل نەشرى، 182-بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى، ئۇيغۇر فولكلورى بويىچە ماگىستىر، هازىر لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئۆمۈربويى ئۆگىنىش: سىياسەت ۋە باشقۇرۇش ماگىستىرلىقى بويىچە ئىلىم تەھسىلدە (M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



# بەدەن، مودا ۋە كىملىك

## — بەدەن جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن شەھەرلەردىكى مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كىملىكىگە نەزەر

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

*ھازىر ئانىلار شەھەردە يالىڭار،*
*ھاقارەت كوچىلاردا يۈرەر يالىڭاچ.*
*سەمىمىيەت نان تىلەيدۇ ئورۇق، ئاچ،*
*يىرىلغۇچە ئۈنلەيدۇ دۇتار،*
*ناخشا ئائالاچ.*

...

*ئەنە قوياش ئاۋۋالقىدەكلا*
*ئەرقىسىن ئەرقكە باتماقتا.*
*سۆيگۈدە ھالىدىن كەتكەن يىگىتلەر*
*ناخشىچى بويكىتنى كەچلىك كۇلۇبتا.*

— غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «قۇم شەھەر» ناملىق شېئىرىدىن

## 1. كىرىشمە: مودىنىڭ كۆچى — ئەتلەس سەۋەبىدىن بۇزۇلغان توي

پاكىت تەھلىلى(1)

بۇ بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ تويى ئەتلەس جېدەللى تۈپەيلى بۇزۇلدى. تونۇشۇم كالامدىنىڭ بولغۇسى ئايالىنىڭ توي كۈنى ئەتلەس كۆڭلەك كىيىشكە ئۇنىمىغانلىقى تۈپەيلى ھەپتە قالغاندا تويدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، كاللامدا ئەڭ ئاۋۋال «بۇ مەن ئەزەلدىنبۇ ئاڭلىغان تېما ھەققىدىكى تىپىك ۋەقە ئىكەن!» دېگەن ئوي پەيدا بولدى. قىز ـ يىگىت مەن تونۇيدىغان بىر جۈپلەر بولۇپ، 2008 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا توي قىلماقچى ئىدى.

— تويۇڭلار ئەتلەس سەۋەبىدىن بۇزۇلدىمۇ؟ — سورىدىم بۇ ئىشتىن كېيىن كالامدىنى زىيارەت قىلىپ. — ھەئە، مۇشۇنداق قىلىش ئەرزىمىدۇ؟

— ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ توي كۈنى ئەتلەس كۆڭلەك كىيىشكە ئۇنىمىغانلىقى ئادەتتىكى ئىش. ئەمما، ماڭا ئەتلەس كۆڭلەك كىيىشكە ئۇنىمىغانلىقىنىڭ كەينىدىكى ئىدىيە قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئەنئەنىسىدىن يانغان قىز بىلەن قانداق ئۆي تۇتىمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن كېيىنمۇ بىر يەردىن چىقالمايدىغانلىقىنى كېچىكىپ ئۇقتۇم، — كالامدىنىڭ چىرايىدىن قاتتىق ئىچ پۇشۇقى تارتىۋاتقانلىقى، رەنىدە بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چوڭ بىر شىركەتتە ئىشلەيدىغان يىگىت ئىدى. ھاراق ئىچمەيتتى، تاماكا چەكمەيتتى.

— بۇ چاغقا كەلگەندە ئىشنى ياخشى تەرەپكە بۇراشنى ياكى قىزنى قايىل قىلىپ توينى قىلىۋېرىشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟

— ئۇنى قايىل قىلىشقا تىرىشتىم. ئەمما، ئۇنىمىدى. «توي قىلسام قىلمايمەنكى، ئەتلەس كۆڭلەك كىيمەيمەن» دېگىنى يۈرىكىمدىن پەقەت چىقمايدۇ. ياخشى ئۆتكەن چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ

«ئۆزۈڭنى تونۇ!»

www.uyghurkitap.com

ئۆھرەتپىرەسلىكىنىڭ ئىلىم ئىگىلىكىنى ئۇقسامىز، ئىدىيىسىنىڭ بۇنچىۋالا چاتاقلىقىنى بىلەت ئويلىمىغانىكەنمەن. بىر يىل يىۈرگەن بولسامىز ئۇنى بېشىرلىك چۈشىنەرتىمەن.

— دوستلىرى، ئاتا-ئانىلىرى قىزغا گەپ قىلمايتىمۇ؟

— گەپ قىلىش تۈگۈل، يەنە شۇنىڭكىنى راست قىلىۋاتىدۇ. دوستلىرى:«ئۆمرىدە بىر بولىدىغان توي تۇرسا، ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيسە نېمە بوپتۇ؟ ئەتلەس دېگەننى دۆڭكۆزۈرۈك، سىنشخاگىردىكى بايىلىق ساتىدىغان قىزلارمۇ كىيىدىغان تۇرسا» دەپ دوق قىلدى. ئاتا-ئانىسى:«ئەتلەسنى قىزىمىزدىن ئۈستۈن كۆرگەندىكەن، ئەتلەس بىلەن توي قىلسۇن» دەپ گەپ ئۈزۈتىپتۇ. مەنمۇ بويتۇ ئىمسە دېدىم.

مەن كامالىددىن بىلەن يېقىن ئۆتەتتىم. بۇ ئىش ئۈچۈن ئەپسۇسلانماي تۇرالمىدىم. ئەسلىدە تويى قىلماقچى بولغان قىزنىمۇ زىيارەت قىلىش ئويۇم بار ئىدى. ئەمما ،بۇنداق چاغدا زىيارەت قىلىپ بېرىش ئەپسىز ئىدى. ئىلاجىسىزلىقتىن ئەتلەس جېدىلى توغرىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر نەچچە قىزدىن پىكىر ئالدىم.

— ۋاي-ۋۇي، نىمانداق مەتۇ بالا ئۇ!-دېدى مەمۇرىي ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر قىز،— ھەممە ئادەم تويدا ياۋروپاچە كىينىۋاتسا! تازىمۇ بىر، نەدە چوڭ بولغان بالىكىنە؟

— قىزنى چۈشەنسە بولمامدۇ؟ ئەتلەس كىيمىسە نېمە بوپتۇ؟ ھازىر ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيىش مودا تۇرسا، — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان بىر قىز.

— يىگىت بولغاندىكىن كەڭ قورساق بولمامدۇ! ئۆمرىدە بىر قېتىم كېلىدىغان توي تۇرسا، ئۆزى خالىغان ئۇسۇلدا كىينىشىگە يول قويۇشى كېرەكتە! كۆزى كىچىك بالىكەن! ئۇ قىزنىڭ تويدىن يېنىۋالغانلىقى ياخشى بوپتۇ؛ بۇنداق بالىلار قىزلارنى بەختلىك قىلالمايدۇ،— دېدى ئۇنىۋېرسىتېتنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن بىر قىز ئوقۇغۇچۇم.

— ئەتلەسنى داڭسى تۆۋەن قىزلار (ئورنى تۆۋەن قىزلار دېگەن مەنىدە) تولا كىيىپ كۆرسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ھازىر ئېقىۋاتقىنى ياۋروپاچە كۆڭلەك تۇرسا ! يېزىلاردىمۇ توي كۈنى ياۋروپاچە كۆڭلەكنى ئىجارىگە ئالىدىكەنغۇ! مودا شۇنداق تۇرسا!— دېدى بىر سېستىرا قىز.

— ئۇ قىز بەك دۆتكەن،— دېدى 40 ياشلاردىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئايال،— ئۆيىنى بولغۇسى ئېرى بىلەن تۇتىدىغان تۇرسا. ئېرىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلسا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭغا ئۆي تۇتۇشۇپ بېرىدىغىنى ئاتا-ئانىسى، دوستلىرى ئەمەستە!

يەنە پاراڭلاشسام يىگىتنىڭكىنى توغرا دەيدىغانلارمۇ ، قىزنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغانلارمۇ جىق چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ، مەن مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان تېمىنىڭ مەقستى«كىمنىڭ توغرا ، كىمنىڭ خاتا»دەپ تارازىدا گۇناھ تارتىش ئەمەس ئىدى. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى— تەنقىدلەش ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي پاكىتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىش ۋە شەخسنىڭ ھەرىكىتى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئىجتىمائىي ئامىلنىڭ ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆزىتىش. ئەتلەس سەۋەبىدىن بۇزۇلغان توي ماڭا شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدەك تۇيۇلدى. كاللامدىكى سوئاللارغا جاۋاب تېپىش، ئويلىنىۋاتقان تېمامغا ماتېرىيال ئىزدەش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىدە بولۇۋاتقان توي مۇراسىملىرىنى، توي كۆڭلىكى ساتىدىغان دۇكانلارنى،«پارلاق»، «سەردار»، «مەشرەپ»... رېستورانلىرىنىڭ زاللىرىدا، لىفتلىرىدا مودا كىيىنگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى كۆزەتتىم. كۆزىتىشلىرىم داۋامىدا مودىنىڭ كۈچىنى ھېس قىلدىم. مەن زىيارەت قىلغان قىزلار مودىنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى؛ ئەمما ئۇنى كىيىم-كېچەك، ياشاش شەكلى نۇقتىسىدىن مىساللار بىلەن چۈشەندۈرەتتى. ھەربىر پارىڭىدا مودا دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان، توي كۆڭلىكىنى مەخسۇس ساتىدىغان بىر دۇكانغا كىردىم. دۇكاندا قولتۇقى ئوچۇق ، مەيدە تەرىپى خېلى يەرلىرىگىچە ئويۇلغان ياۋروپاچە كۆڭلەكلەر كۆپ ئىدى.

— ئەتلەس كۆڭلەك يوقمۇ؟— سورىدىم مەن.

— يوق،— دېدى پىركازچىك قىز،— ھازىر ياۋروپاچە كىيىش مودا.

يەنە بىر دۇكاندا ئۈستى تەرىپىگە ئەتلەس تۇتۇلغان توي كۆڭلەكلىرىنى كۆردۈم.

—بۇ ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى ئىجارىگە ئالىدىغانلار بارمۇ؟— سورىدىم مەن.

— ھازىر توينى ئەنئەنىچە قىلىمىز دەيدىغانلار خېلى چىقىۋاتىدۇ. ياۋروپاچە توي كۆڭلىكىنى تاللايدىغانلار كۆپرەك. ئەمما، ئەتلەسنى ياخشى كۆرىدىغانلار، توينى مىللىيچە قىلىدىغانلارنى كۆزدە تۇتۇپ بۇندىقىدىنمۇ ئەكېلىۋاتىمىز. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خېرىدارلىرى بار.

— مال كىرگۈزۈشتە نېمىنى ئۆلچەم قىلىسلەر؟— سورىدىم مەن.

— خېرىدار ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مودىنىڭ پاسونى يىلدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بازاردىكى مودا ئەھۋالىنى كۆزىتىمىز،— ئەستايىدىل جاۋاب بەردى پىركازچىك قىز.

شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئوبدانراق كۆزەتكەن ئادەم ھاللىقراق ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا مودىنىڭ كۈچى، ئۇنىسىز قوماندانلىق رولىنى ھېس قىلىدۇ. ئادەم جەزبىدارلىقى بىلەن يەنە بىر قاراشقا مەجبۇر قىلىدىغان تارتىملىق، خۇش پىچىم قىزلارنى كۆرگەندە، تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، گۈزەللىكىگە ئۆزگىچە جەلپكارلىق ئاتا قىلىۋاتقىنى ئۇلارنىڭ كېلىشكەن بەدىنىدىن باشقا مودا پاسوندا كىينىشى. قىزلارنىڭ بەدىنى— مودىنىڭ

تەجرىبخانىسى. بۇ تەجرىبخانىدا كىيىم ـ كېچەك كارخانىچىلىرىنىڭ يېڭى ـ يېڭى ھۈنەر ـ تېخنىكىسىنى، سودىگەرلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە تىجارەت نىشانىنى، ئەڭ مۇھىمى مودىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شەھەردە مودا ئۈنسىز سۆزلەيدۇ؛ ئاجىزلارنى، كىرىمى ئازلارنى ئۇھ تارتقۇزىدۇ. شەھەردە مودا نامراتلارنى مەسخىرە قىلىدۇ؛ ئەنئەنىگە قاراپ مەسخىرىلىك ھىجىيىدۇ. قىزلارنىڭ بەدىنىدە مودا ئارقىلىق نۇرغۇن ئۇچۇر تارقىلىدۇ. بۇ ئۇچۇرلار شۇ مودا ئىگىسىنىڭ مىللىتى، ئېستېتىك ھەۋىسى، ئەڭ مۇھىمى كىملىكى ھەققىدە بېشارەت بېرىدۇ.

«گوگۇل»، «بەيدۇ» قاتارلىق ئىزدەش خاراكتېرىدىكى ئىنتېرتورلىرىغا «ئۇيغۇر قىزى(سۈرەتلىك)» دەپ خەت كىرگۈزسەك، شۇ ھامان ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، دوپپا كىيگەن ۋە باشقىچە ئۇسۇلدا ئەنئەنىچە ياسانغان قىزلارنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئىنتېرتورىغا شۇ سۈرەتلەرنى چىقارغۇچىلار ئەتلەس بىلەن دوپپىنى ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە باغلاپ چۈشەنگەن ۋە شۇ ھۆكمى ئاساسىدا مەخسۇس شۇ خىلدىكى سۈرەتلەرنى كۆپرەك تاللىغان. بىز يەنە چوڭ باشلىقلار، ئەزىز مېھمانلار قەدەم تەشرىپ قىلغان سەنئەت كېچىلىكلىرىدە، يىغىلىشلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئەر مېھمانلارغا دوپپىلارنى، ئايال مېھمانلارغا ئەتلەسلەرنى سوۋغا قىلغانلىقىنى كۆرگەن. پارىژدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قىزى مۇقەددەس مىجىت سىنىپىدا ئۆز مىللىتىنى تونۇشتۇرۇپ سۆزلىگەندە، ئەڭ ئاۋۋال ئەتلەسنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئەتلەسنىڭ يىپەك، دوپپا قاتارلىق نۇرغۇن سىمۋوللۇق بەلگە قاتارىدا ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە سىمۋول بوپقالغىنى پاكىت. بىزنىڭ ھاياتىمىز سىمۋوللۇق بەلگىلەر بىلەن ئورۇلۇپ تۇرىدۇ، چارلىز بودلېرنىڭ گېپى بويىچە «ئادەم ــ سىمۋول ئورمىنى.» بىز سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق مەنىلىك كارتىنا ھاسىل قىلىمىز، ئۆز كىملىكىمىز ھەققىدە باشقىلارغا ئۇچۇر بېرىمىز. ئەتلەستىن ئىبارەت سىمۋوللۇق بەلگىدە ئىپادە بولۇۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ كىملىكى. ئەمما، باشقا مىللەتلەرگە ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدىغان ئەتلەس ھەققىدىكى قىزىقارلىق بىر پاكىت شۇكى، نۇرغۇن ئۇيغۇر قىزى ئادەتتىلا ئەمەس، مۇراسىم سورۇنلىرىدىمۇ ئەتلەس كىيىشنى خالىمايدۇ. بۇ ھال ئۆزى كىيمىگەن ئەتلەسنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىش كۆرۈنۈشى بىلەن قىزىقارلىق سېلىشتۇرما پەيدا قىلىپ، زامانىۋىلىشىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش شامىلىدا بويۇن قىسىپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ھەققىدىكى كومېدىيىلىك رېئاللىقنى نامايان قىلىدۇ. بەزى ئۇيغۇر قىزلىرى بولسا ئەتلەس كىيىشنى مەتۇلۇق، زاماننىڭ كەينىدە قالغانلىق دەپ چۈشىنىدۇ. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا مىسالغا ئېلىنغان كامالىدىننىڭ تويلاشماقچى بولغان قىزى دەل مۇشۇخىل قىزلار تىپىدىن. بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقچى ئەمەس. دىققىتىمىزنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغىنى ياۋروپاچە توي كۆڭلىكىنىڭ قانداقىسىگە مودا سۈپىتىدە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قوغلىشىش ئوبيېكتى بوپقالغانلىقى ۋە ئەتلەستىن ئىبارەت ئۇيغۇرغا خاس بەلگىنى يەنە شۇ ئۇيغۇر قىزلىرى ياراتمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى. بۇ نۇقتىنى تۇتقا قىلغان مۇھاكىمە ماھىيەتتە زامانىۋىلىشىش بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ياندىشىدۇ.

بەدەن ــ ئۆزلۈك دېمەكتۇر. بىزنىڭ قانداقلىقىمىز بەدىنىمىزدە ئەكس ئېتىدۇ. ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جەمئىيەتشۇناس بريان تۇرنېرنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزلۈكنى لايىھىلەش بەدەننى لايىھىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بەدەن بارغانچە زامانىۋى ئادەمنىڭ كىملىك تۇيغۇسىنىڭ يادروسىغا ئايلانماقتا.»[1] ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيىش ئۇيغۇرلارغا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىكى يەرلەردە ياشىغان كىشىلەرگە غەربتىن كىرگەن. ئۇيغۇر قىزلىرى ياۋروپاچە توي كۆڭلىكىنى كىيىش ئارقىلىق ئۆمرىدە بىر كېلىدىغان مۇراسىمدا ئۆزىنى قالتىس ئېسىلدەك، تەربىيە كۆرگەندەك كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئىپادە قىلىۋاتقان ئۆزلۈكى غەرب مەدەنىيىتىنى چوڭ بىلىش، ياخشى دەپ قاراش ھېسسىياتى بىلەن، توغرىراقى شۆھرەتپەرەسلىكى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ئۇلار ياۋروپاچە توي كۆڭلىكىنى كىيىپ ئۆزلىرىنى باشقىلارغا ئېسىلزادىلەردەك كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىل تىرىشچانلىقتا كىملىكنى تاشقى دۇنياغا بىلدۈرۈش ئارزۇسى تۈرتكە بولىدۇ. كىملىك تۇيغۇسى ئادەتتە ئىجتىمائىي سورۇنلاردا شەخسكە نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ، باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشنى نىشان قىلىدۇ. بىز بۇ ماقالىدە بەدەن، مودا، كىملىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن كۆزىتىپ: «بەدەن ئوبرازىنىڭ ئىجتىمائىي ماكاندىكى رولى قانداق بولىدۇ؟ ئەنئەنە مودا ئالدىدا قانداق بويۇن قىسىدۇ؟ مودىنىڭ كۈچى بەدەن ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ مودا ئالدىدا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرى قانداق كىملىكنى نامايان قىلىدۇ؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىمىز. تەتقىقات متودى جەھەتتە سۈپەت تەتقىقاتى (定性研究方法 qualitative research)نىڭ پاكىت تەھلىلى(情景分析 case studies) ۋە پاراڭ تەھلىلى (话语分析 discourse analysis) قاتارلىق ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىمىز.

## 2. بەدەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

**مودىدىن كىملىككىچە.** مودا، بەدەن، كىيىم، كىملىك ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بار. بىر تەرەپتىن، بىز كىيگەن كىيىملىرىمىزدە باشقىلارغا كىملىكىمىز، ئىجتىمائىي ئورنىمىز، مەنسۇبىيىتىمىز توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ كىيىملىرىمىز ھەمىشە كىملىكىمىز ھەققىدە باشقىلارنى خاتا چۈشەنچىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ. كىيىمنىڭ كىملىكتىن ئۇچۇر بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن

كىملىكنى يوشۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى شەھەر تۇرمۇشىدا تېخىمۇ روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سەۋەبى، شەھەرلەردە باشقىلارنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ياكى ئەنئەنىدىن قالغان بىر قېلىپ يوق. بىز ھەمىشە «ناتونۇش كىشىلەر» ئارىسىدا ئالدىراش يۈرىمىز ۋە دەقىقە ۋاقىت ئىچىدە بىر- بىرىمىزگە تەسىر قالدۇرىمىز. ئاسان يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان، سىرلىق، ناتونۇش بىر ئادەمگە يولۇققان چېغىمىزدا يۈرۈش- تۇرۇشى، كىيىنىشىگە قاراپ باھا بېرىمىز. مەيلى راست ياكى ساختا بولسۇن، قارشى تەرەپنىڭ كىيىمى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئەخلاق- پەزىلىتىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۆلچەم بوپقالىدۇ. كىيىم جەمئىيەتشۇناسلىقى تەتقىقاتچىسى كۇنتىن بېل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىيىمىمىز بىزنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىمىز. بەدىنىمىزدىكى كىيىملەر تېنىمىز ۋە روھىمىزنىڭ داۋامىدۇر.»[2]

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەدەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ فوكۇس نۇقتىسىغا ئايلاندى. چېنىقىش، ئورۇقلاش، گىرىم قىلىش، گۈزەللىك ئوپېراتسىيىسى شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا بەدەننىڭ فوكۇس نۇقتىسى بوپقېلىش ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ بەك ئىپادىلىدى. ئاياللارنىڭ مودا كىيىملەرنى كىيگەن بەدىنى ئەرلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا جىنسىي تۇيغۇنى غىدىقلايدۇ. ئەرلەرنىڭ بۇ خىل چاتما تەسەۋۋۇرىدىن مودا كىيىنگەن ھەرقانداق ئايال قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئەرلەرنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى خىيالى ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى نۇقتىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

يەنە ئۆز نۇۋىتىدە ئەرلەرنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى چاتما تەسەۋۋۇرىنى ئۇيغاتقان مودىنى تارىخىي، يەرلىك تۈسكە ئىگە كىيىم- كېچەك سىستېمىسى دەپ تونۇش كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مودا كىيىش جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇش بىلەن ئومۇملىشىدۇ. مودىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئالاھىدە بىر دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئىزدەش مۇمكىن. بۈگۈنكى شەھەر ئاياللىرىدا مودىنىڭ كېڭىيىشىگە شەرت ھازىرلىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى 1980- يىللارنىڭ بېشىدىن ئىزدەش مۇمكىن. ئۇ چاغدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يېڭى ئاخىرلىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە شەھەر ئاياللىرى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كىرگەن مودىلار بىلەن ئۇچراشتى؛ ئاندىن تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىكى مودىدىن خەۋەردار قىلدى. تاكى بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان 1990- يىللارغىچە بولغان ئون يىلدەك ۋاقىت شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورغۇن ئەنئەنىسىدە ئىسلاھات بولغان چاغ بولدى. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مودىغا ئىنتىلىش روھىي ھالىتىنى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولار- بولماستىنلا يەنە بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئەلى بىز ئايالنى تونۇغاندەك قىلسىمۇ، قايسى يىللاردا تونۇشقانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئايالنىڭ بېشىدا زەر بىلەن جىيەكلىك ياغلىق، ئۈستىدە چەت ئەلنىڭ زەرلىك رەختلىرىدىن تىكىلگەن، ۋىللىدلاپ تۇرىدىغان كۆڭلەك، ئايىغىدا ئىنچىكە پاشنىلىق چەتئەل تۇفلىسى، قارا تومۇرلۇق نېپىز يىپەك پايپاق، بويىنىدا ئاجايىپ مارجانلار تۇراتتى. ئاياللار دەرھال ئۇنىڭغا يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ «ۋىيەي، تۇرنىسا» دېگىنىچە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا باشلىدى:

— مالۇز قەيەرنىڭ مارجىنى، دوستۇم؟

— ھەرەمنىڭ.

— مالۇز ياغلىقچۇ؟

— سا يۈزنىڭ.

— كۆڭلىكىڭنىڭ رەختى نەسلىكنا؟

— پاكىستاننىڭ.

— ئايىغىچۇ، ئايىغىنى كۆرمىسەڭلەر بۇ خېنىمنىڭ...

— شياڭگاڭنىڭ.

ھەتتا قېيىنبىرى ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ ئىچىدىكى رۇباشكىسىنىمۇ كۆرۈپ باقتى.

— ئاۋستىرالىيىنىڭ، — دەپ ئېلان قىلدى ئۇ تەنتەنە بىلەن.

بىز ئايال ئەتىي ئۈستىلەرنى بىرقىراپ تۇتۇپ، مۇھەررىرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرىنىڭ ياراشقان- ياراشمىغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇ ھازىر ئاتاپ ئۆتكەن رايون- مەملىكەتلەرنىڭ ئىسىملىرىلا بىر سالتەنەت پەيدا قىلاتتى. ھەممە ئايال ئاغزىدا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشسىمۇ، كۆڭلىدە مەنسىمىگەندەك قارىشاتتى. ئەلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ياش ئايال ئۈنچىقتى:

— ۋايىيەي، قاراڭ. ئىسسىقتا كۆز- كۆز قىلىمەن دەپ ھەممە نەرسىنى ئۈستىگە بولۇشىغا ئارتىپ كەلگىنىنى، — دەپ پىچىرلىدى، — ئېرى ياشىنىپ قالغان ئادەم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە باشلىق. ئۆزىچە نومۇس قىلىپ، تېخى مۇنداق سورۇنلارغا باشلاپ كەلمەيدۇ.[3]

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساۋاقداشلار» ناملىق پوۋېستى 1986- يىلى يېزىلغان ۋە شۇ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. بۈگۈن شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشايدىغان قىزلارنىڭ مودا ھەققىدىكى قارىشى بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاياللارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنسىمۇ، مودىنىڭ تۈرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ ماللىرىغا بولغان تەلپۈنۈشى، چوقۇنۇشىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كورىيىنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» قاتارلىق فىلىملىرى ۋە زامانىۋى فىلىملىرىنىڭ ئېكراندا قويۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ ماللىرىغا بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتىغا «كورىيە قىزغىنلىقى» قېتىلدى، كورىيە ماللىرى بىر مەزگىل مودا بولدى. چەت ئەللەر ماللىرىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدە ئەتىۋارلىنىشى ئاساسسىز ئەمەس. ئۇيغۇرلار چەت ئەللەرگە چىقىش ئىمكانىيىتى ئاز بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ ئەللەرنى كىنو- تېلېۋىزورلاردا كۆرىدۇ؛ چەت ئەللىكلەرنىڭ كىنو-

تېلېۋىزورلاردىكى نۇرغۇن تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنى جەلپ قىلىدۇ.

شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ چەت ئەللەرنىڭ مودا پاسونلىرى، جۈملىدىن ياۋروپاچە توي-مۇراسىم كۆڭلەكلىرىگە تەلپۈنۈش ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ خىيالىدا ئۆزىنى ياۋروپالىقتەك كۆرسىتىش چۈشىدىن كەلگەن. شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېسىمى جىق، مائاشى تۆۋەن، ھاياتىدا تەم ۋە مەنە ئاز. شۇڭا شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرى خىيالىدا كىيىملىرى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى ئارقىلىق بولسىمۇ باشقىلارغا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندەك تەسىر بېرىشنى، ئۆزىنى مۇراسىم-سورۇنلاردا بولسىمۇ ياۋروپالىقتەك كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار رېئاللىقنىڭ ئازابىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چۈش كۆرۈۋاتقانلاردۇر. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىرى مېكال ۋە سىممونسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئادەم چۈش كۆرگۈچى، غايىۋىلىك ئىچىدە خىيالىي ئوبراز ئۈچۈن ياشايدىغان مەخلۇق. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تولدۇرىدىغانغا بىر نەرسە بولۇشى كېرەك.»[4] شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ غايىۋى كىملىكىنى چۆرىدەپ قىلغان تەسەۋۋۇرى، ئۆزىنى باشقىلارغا ئېسىل كۆرسىتىش ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان نەرسە — دەل مودىدۇر. شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرى دەل مۇشۇ مودا ئارقىلىق قەلبىدىكى مەنىسىزلىك تۇيغۇسىغا بەرھەم بەرمەكچى بولىدۇ، رول ئېلىپ ياشايدۇ. مېكال ۋە سىممونس بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمنىڭ — چۈش كۆرگۈچىنىڭ مەقسىتى ھاياتتا رول ئېلىپ ياشاشتۇر. لېكىن بۇ ئاسان ئىشقا ئاشمايدۇ. ئادەم خىيالىدىكى ئۆزىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدى، تەبىئىتىدىكى ھايۋانىيلىق ئالامەتلىرىنى بېزىشى ياكى يوق قىلىشى، ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيا ھەققىدە ئۇچۇرلارنى قىياس قىلغاندىن كېيىن ئۆز ھەرىكىتىنى ماس ھالدا تەڭشىشى زۆرۈر.»[5]

**بەدەن ۋە رېئاللىق.** بەدەن بىر رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ. بىر قىزنىڭ بەدىنىدە مودا ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىق. «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى 2006-يىلى ئىشلىگەن، گانا كىنو فېستىۋالىغا قاتناشقان «تۇرپاندىكى سۆيگۈ ناخشىسى» فىلىمدە پاتىگۈل، ئارزۇگۈل قاتارلىق ئۇيغۇر قىزلىرى، «مۇھەممەتنىڭ 2008-يىلى» فىلىمدە ئايال ترېنېرنىڭ رولىنى ئالغان گۈزەلنۇر يارىشىملىق كىيىمى، خۇش پىچىم بەدىنى ئارقىلىق كۆرۈرمەنلەرگە «ئۇيغۇر قىزلىرى چىرايلىقكەن» دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ. ئاشۇ قىزلارنىڭ چىرايلىق بەدەنلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقىنى دەل ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەل ھۆسن ۋە لاتاپەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۈرۈمچىدىكى، بېيجىڭدىكى كېچىلىك كۇلۇبلاردا يۇقىرى كىرىم بىلەن باشقىلارغا ھەمراھ بولۇۋاتقان چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلار باشقىلارغا يەنە بىر رېئاللىقنى نامايان قىلىپ، «ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرى كېچىلىك كۇلۇپتىمۇ-نېمە؟» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ شەھەرلەردىكى ئوخشىمىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنى ئارقىلىق ئەكس ئېتىۋاتقان ئوخشىمىغان رېئاللىق. بۇ ھال ئادەمگە جۇڭگو يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، داڭلىق خەنزۇ شائىرى ۋاڭ گوجېننىڭ مۇنۇ جۈملىلىرىنى ئەسلىتىدۇ: «گۈزەل رۇخسار گويا بىر پارچە يول خېتىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكىمۇ، دوزاخقىمۇ بارغىلى بولىدۇ.»

پاكىت تەھلىلى(2)

2008-يىلى ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىكى «سەردار»، «يارلاق»، «مەشرەپ» ... رېستورانلىرىنى كەزدىم. ياۋروپاچە توي كۆڭلىكى كىيگەن كېلىن قىزلار، پۇتىنىڭ تىرنىقىدىن تارتىپ چېچىنىڭ شەكلىگىچە ئالاھىدە بېزەلگەن مودا قىزلار ماڭا ناھايىتى يۇقىرى ئىستېمال ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك، تۇرمۇشىنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرىدەك تەسىر بەردى. مەن: «شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى شۇنچىۋالا ئۆسۈپ كەتتىمۇ؟ شەھەرلىكلەر شۇنچە مەدەنىيلىشىپ كەتتىمۇ؟» دەپ ئويلىدىم. ئەمما، رېئاللىق ئۇنداق ئەمەستەك قىلاتتى. بىر رېستوراننىڭ لىفتىدا قوشۇقنىڭ ھىدى بىلەن ھاۋا ئۆتۈشمەسلىك تۈپەيلى تولىمۇ پىخسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئالدىمدا تۇرغان ئۈچ قىزغا سەپ سالدىم. بىرىدىن قىممەت باھالىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقان قىزلار پىخسىق پۇراقنى سەزمىگەندەك قىلاتتى. پەسكە چۈشۈپ 100 مېتىر نېرىغا ئۆتكىنىمدە، كۆزلىرى ئولتۇرۇپ، چىرايىدىن نامراتلىقى ئۆكۈلۈپ تۇرغان ئوسمىچى قىزلارنىڭ قاتار بولۇپ ئوسما تۇتۇپ ئولتۇرغان ھالىتىگە كۆزۈم چۈشتى. ئوسمىچى قىزلارنىڭ ئوسمىسىنى ئالىدىغانلار جىق ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ يېنىدا پاپىياق، سومكا ساتىدىغان ئۇششاق ئېلىپساتارلار شۇنچىلىك جىق ئىدىكى، كىشى «جىمى ئۇيغۇر سېتىقچى مۇشۇ كوچىغا قىسىلىۋالدىمۇ-نېمە؟» دېگەن ئويغا كېلەتتى. بۇ ئوسمىلارنىڭ ئەرزانلىقىنى بىر دېمەك. بىر باغلام ئوسما بەش موي، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئالىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. ھەربىر قىزدىن ئۈچ باغلامدىن ئوسما ئالدىم. ئوسمىنى مەن ئىشلەتمەيمەن، ئەمما بۇ ئۈچ قىزنىڭ مىسكىنلىك ئۆكۈلۈپ تۇرغان تۇرقى مېنى: «ئوسمىنى ئالاي، بولمىسا بۈگۈن بۇ قىزلار سودا قىلالمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن ئويغا كەلتۈردى. بەلكىم ئويلىغىنىم خاتادۇر. ئەمما ئوسمىچى قىزلارنىڭ تۇرقى مەن رېستوراندا، لىفتلاردا كۆرگەن مودا ئۇيغۇر قىزلىرىمىزنىڭ ھالىتى بىلەن ئېڭىمدا روشەن سېلىشتۇرما پەيدا قىلدى.

مەن ئىككى خىل بەدەن ھالىتىدە ئەكس ئېتىۋاتقان رېئاللىقنىڭ قايسىسىغا ئىشىنىشنى بىلمەي قالدىم. ئوخشىمىغان بەدەن ھالىتى ئۇيغۇر رېئاللىقى ھەققىدە سۆزلەيتتى. بۇ رېئاللىق شەھەرلەردىكى مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ مودا كىيىملىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان كىملىكنىڭ راست-يالغانلىقى ھەققىدە گۇمان تۇغدۇراتتى. مەن «ئەتلەس جىبدىلى» تۈپەيلى تويدىن ۋاز كەچكەن ھېلىقى قىزنى، رېستوراننىڭ لىفتى، زالىدا كۆرگەن مودا قىزلارنى سېلىشتۇرۇپ بەدەن، ئۇيغۇرنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقى ھەققىدە ئويغا پاتتىم. خىياللىرىم ماڭا مودا بەدەندە ئەكس ئېتىۋاتقان كىملىكنىڭ ياسالما بولىدىغانلىقىنى، چىن رېئاللىقنىڭ بولسا ئاشۇ مودىنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. مەن كۆرگەن مودا

قىزلار شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىملىكى ۋە تۇرمۇش سۈپىتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئۇچۇر ئادەمنى خاتا يېتەكلەيتتى. بۇمۇ بىر رېئاللىق ئىدى. مەن شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: «بەدەن رېئاللىق ھەققىدە سۆزلەيدۇ، ئەمما شەھەرلەردىكى قىزلارنىڭ مودا بەدىنىدە ئەكس ئېتىۋاتقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي رېئاللىقى ئەمەس.»

## 3. مودا نېمە ئۈچۈن

شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا سىڭگەن مودا قارىشىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەھلىل قىلىشتىن ئاۋۋال مودىنىڭ تەبىرى، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك. مودا (时尚 Fashion) غەربنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنىڭ تۇغۇندىسى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە غەربىي ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن ھەم يېڭى بارلىققا كەلگەن چاغدا ئالاھىدە كىيىم- كېچەك سىستېمىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. مودا كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر جەمئىيەتتە ئاۋام تەرىپىدىن قوغلىشىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان بارلىق ماددىي بۇيۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن. نەپىس تېلېفون ، پىكاپ دېگەندەك. بىز بۇ يەردە تار مەنىدىكى مودىنى، يەنى ئالاھىدە كىيىم- كېچەك سىستېمىسىنى كۆزدە تۇتىمىز. مەلۇم كىيىم مودا دەپ ئاتالغاندا، ئۇنى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئادەم ئۈچىسىغا چىقارغان بولىدۇ. مودا ئادەمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاۋۋال تەبىقە، جىنس، ئىرق، ياش، كەسىپ، كىرىم، بەدەن شەكلى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدە باشقىلارغا ھەرخىل تەسىراتنى قالدۇرىدۇ. مودا كىيىمنىڭ ھەرقاندىقى ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىۋەرمەيدۇ. مىللىي ئۆرپ- ئادەت ۋە بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا پەيدا بولغان ئىجتىمائىي چەكلىمە ئامىللىرى بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنى مودا كىيىمنى چەكلىك دائىرىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، مودا ئىقتىسادقا ۋە بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ- ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت شەكىللىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاياللارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىككە مايىللىقى مودىنىڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتە يېڭى پەيدا بولغان ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە (مۇلۇكدارلار)تويى مودىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى كۆرسىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق موھتاجلىق، نامراتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان، ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن كىشىلەر بىلەن بولغان پەرقىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە تۈپىدىكى ئاياللارنىڭ رولى گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈچىسىدا مودىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى كۆز- كۆز قىلىدۇ. فرانسىيە مۇتەپەككۇرى،جەمئىيەتشۇناس بۇردىللىيارد (1929—) مودا توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مودا ئاۋام ئارىسىدا ئومۇملاشقان گۈزەللىك قارىشىنى مەنسىتمەي، توختىماي يېڭىچە گۈزەللىك قارىشىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنى ئەڭ غەلىتە، ئەڭ بىمەنە نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدە، ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. بۇ ھال ئەقلىيلىكتىنمۇ غالىب كەلگەن ئەقىلسىزلىك لوگىكىسى بويىچە بىمەنىلىكنى ئومۇملاشتۇرۇپ كىشىلەرگە تاڭىدۇ.» [6] مودىنىڭ دورامچۇقلۇق تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسى جورجىي سىممېل(1858— 1918) ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى سورېستەيىن ۋېبلېن (1857— 1929) نۇرغۇن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە مودىنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىقىنىڭ روشەنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. تەبىقە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆزگىچىلىكى بار مودا كىيىملەرنى ھاللىقلار ئاۋۋال كىيىدۇ. ئاندىن تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ھاللىقلارغا ئۆز ئورنىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى پەش قىلىپ مودا قوغلىشىدۇ. مودا ئاشۇ يوسۇندا بىر جەمئىيەتتە مەرتىۋىسى يۇقىرىلاردىن مەرتىۋىسى تۆۋەنلەرگە قاراپ «ئاقىدۇ». مەلۇم بىر خىل مودا ئورنى تۆۋەن ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەندە، يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملىق نامايان قىلىش مەقسىتىدە دىققىتىنى باشقا خىل مودىغا ئاغدۇرىدۇ. جورجىي سىممېل بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مودا ئۆزگەرمەس تۈزۈم بىلەن ئادەمدىكى خاسلىق ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ، ئادەملەردىكى ھەم دەۋر روھىغا ماسلىشىش، ھەم خاسلىقىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك ئىستەكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.»[7] جورجىي سىممېلنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئۆزگىچە، يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى تاللاش- يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەرنىڭ ئۆزىنى ئورنى تۆۋەن كىشىلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈشتىكى ۋاستىسى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، تاللىغان كىيىم پاسونلىرىنى تەبىئىي ھالدا تۆۋەن مەرتىۋىدىكىلەر دوراپ ئومۇملاشتۇرىدۇ. تىنىمسىز يۈتكىلىپ تۇرۇشتەك بۇ خىل ئالاھىدىلىكى مودىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مودىنى جەمئىيەتتىكى، سىياسىيدىكى ئۆزگىرىشكە قايتۇرۇلغان ئىنكاس دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مودىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، ئاياللار كىيىدىغان يوپكىنى مىسالغا ئالساق، ياۋروپا، ئامېرىكا ئاياللىرى ئىقتىسادىي كاساتچىلىق يۈز بەرگەن 1930- يىللاردا ئۇزۇن يوپكىلارنى كىيگەن بولسا، 1960- يىللارغا كەلگەندە، يەنى ئىقتىساد گۈللىنىشكە باشلىغاندا قىسقا يوپكىلار مودا بولۇشقا باشلىغان. بۇنىڭغا ئەرلىك خاراكتېرىنىڭ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئۇلۇغلىنىشى سەۋەب بولغان بولۇپ، ئاياللار خىيالىدىكى ئەرلەرگە جەلپكار كۆرۈنۈش ئۈچۈن يوپكىلىرىنى قىسقارتقان. ئۇيغۇر رايونىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى- كەينىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەر كۆپ يۈز بەرگەن چاغلاردا جۇڭشەنفۇ قاتارلىق بەدەننى ھەم بېسىپ تۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

كىيىملەر مودا بولغان بولسا (بىز «تۆمۈر داۋامەت سۆرەتلىك توپلىمى» قاتارلىق ماتېرىياللاردىن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى روشەن ھېس قىلالايمىز)، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن كېيىن ئۇچۇق كىيىملەر ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىدى. شەھەرلەردىكى ئۆي ئاياللىرىمۇ تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرى بويىچە بۇرۇنقىغا قارىغاندا نىسبەتەن ئۇچۇق كىيىملەرنى كىيدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە مودىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەربىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ رولى زور بولغان. قىسقىسى، شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مودىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش جەريانى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش جەريانى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولغان. بولۇپمۇ 1978 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە 1990 ـ يىللىرى يولغا قويۇلغان بازار ئىگىلىكى سىياسىتى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا مودىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىككى قېتىملىق مودا دولقۇنىنى قوزغىدى. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مودا بولغان لاباكۇ(كاناي پۇچقاقلىق شىم)نى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، 1990 ـ يىللاردا مودا بولغان «كۆزۈڭگە سانجىلىمەن» قاتارلىق رەختلەردە كىيىم كىيىش ھادىسىسىنى بازار ئىگىلىكى، جۈملىدىن «دېڭىزغا چۈشۈش» سىياسىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، شۇنداقلا ھازىر قىزلار ئارىسىدا مودا بولغان قولتۇق تەرىپى ئويۇلغان كىيىملەر ۋە زىيادە قىسقا يوپكىلارنىڭ ئومۇملىشىشىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى سىياسەتلىرى بىلەن باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تېلېۋىزور، كىنو ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مودىنىڭ يېيىلىشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە يەنە مودىنى جىنسىي ئىستەك، نومۇس تۇيغۇسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان يۈزلىنىشمۇ بار. مودا كىيىملەر جىنسىي تۇيغۇغا ئائىت ئۇچۇرلارنى تارقاتقاندىن باشقا يات جىنسلارنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ جەلپكار كۆرسىتىدۇ. گېرمانىيە مۇتەپەككۇرى فلوگېل سىگمۇند فرېئۇد (1856 ــ 1939) نىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتىدىن پايدىلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «مودا كىيىمدە ھەم خىجىل بولۇش تۇيغۇسى، ھەم شۆھرەتپەرەسلىك ئەكس ئېتىدۇ. ئادەملەر مودا كىيىملەردە ھەم بېسىلىپ تۇرغان جىنسىي ئىستىكىنى، ھەم ئىجتىمائىي چەكلىمە ئىچىدە يېتىلگەن نومۇس تۇيغۇسىنى تەڭلا ئىپادىلەيدۇ.»[8]

مودا كىيىم كارخانىچىلىرىنىڭ ئايالچە مودا كىيىملەرنى ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېتەكچى پرىنسىپى «ئىنچىكە كەلتۈرۈش» بولۇپ، ئايالچە كىيىملەرنى ئەرلەر ئالدىدا تېخىمۇ جەلپكار، لاتاپەتلىك كۆرۈنگىدەك لايىھىلەيدۇ. جەمئىيەتشۇناس لاۋېر مۇنداق دەيدۇ: «ئايالچە مودا كىيىملەرنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدىكى بىر سەۋەب، ئۇ كىيىملەردىكى جىنسىي تۇيغۇ ئەكس ئېتىدىغان يەرلەرنىڭ يۆتكىلىپ تۇرغانلىقىدا. ئايالچە مودا كىيىملەردە ئاياللار بەدىنىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ھوزۇرلىنىش ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاياللار كىيىمدىكى جىنسىي ئالاھىدىلىك ئەكس ئېتىدىغان نۇقتىلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.»[9]

شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر قىزلىرى ئارىسىدا جىنسىي تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان كىيىملەرنىڭ قاقشاش سادالىرىغا قارىماي ئومۇملىشىشىدا تېلېۋىزور قاتارلىق مېدىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ رولى چوڭ بولغان بولسا، كىيگەن كىيىمدە ئەنئەنىنى، نومۇس تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئويلايدىغان قىزلارنىڭ ئېقىمغا ئەگىشىپ كېتىشىگە مودا كىيىم كارخانىچىلىرىنىڭ سەزگۈرلۈكى سەۋەب بولغان. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، شەھەر ئاياللىرىنىڭ روھىي دۇنياسى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ، مېدىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ تالان ـ تاراج ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا، نوقۇل ھالدا ئاياللارنى بوزۇلۇپ كەتتى دەپ تىللاش ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ رولى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ شەخس تەقدىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى سەل چاغلىغانلىق.

بۈگۈن شەھەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھالىقلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان مودا قوغلىشىش خاھىشىنىڭ دەسلەپكى ئىزنالىرىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي ياۋروپادا ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە (مۇلۇكدارلار)سىنىپىنىڭ باش كۆتۈرۈشى نەتىجىسىدە ئومۇملاشقان ماددىي ئىستەكنى چوڭ بىلىش ھادىسىسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. يەنى ياۋروپادا 150 يىل بۇرۇن ئومۇملاشقان رېئاللىق ئەمدى بىزدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىز بۇ گېپىمىزنى چۈشەندۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن فرانسىيە يازغۇچىسى مۇپاسساننىڭ كۆپچىلىككە تونۇش بولغان «مارجان» ناملىق مەشھۇر ھېكايىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قۇرلار بىلەن، ئەسەرلىرىدە شەھەر ئاياللىرىنىڭ روھىيىتىنى سىزىپ بەرگەن شۆھرەتلىك ئۇيغۇر يازغۇچىسى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «رەڭدار قويۇن» ناملىق پوۋېستىدىكى بەزى قۇرلارنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

ئۇ بىردىنلا قارا تاۋار قۇتا ئىچىدىن چىرايلىق بىرلىيانت مارجاننى كۆرۈپ قېلىپ، خۇشاللىقىدىن يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ھېلىقى مارجاننى ئېلىپ، ئېگىز ياقىلىق كۆڭلىكىگە تاقاپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنىكىدىكى ئەكسىگە خىلىغىچە قاراپ قالدى. ئاندىن:

ــ مۇشۇ مارجىنىڭنى بېرىپ تۇرالامسەن، پەقەت مۇشۇنىلا، ــ دېدى ئىككىلىنىپ.

ــ ھە، ئەلۋەتتە. ئېلىۋەرگىن.

ئۇ، دوستىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى ۋە بۇ ئېسىل بۇيۇمنى ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

تانسا كېچىلىكى كەلدى. لاۋازېل خانىم مۇقەددىمىسىگە يەتتى. ئۇ بارلىق ئاياللاردىن چىرايلىق، نازاكەتلىك ۋە كىشىنى جەلپ قىلارلىق ئىدى. خۇشاللىقىدىن يۈزىدە كۈلكە ئوينايتتى. ھەممە ئەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراشاتتى، ئىسمى فامىلىسىنى سوراشتۇراتتى، باشقىلاردىن تونۇشتۇرۇپ

قويۇشنى ئۇنۇتتى؛ مانارسېر مىنىستىرلىكىدىكى ھەممە خادىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىغۇسى بار ئىدى. ھەتتا مىنىستىرمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى.[10]

مۇپاسسان ياشىغان، قەلەم تەۋرەتكەن دەۋر فرانسىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە (مۇلۇكدارلار) سىنىپى باش كۆتۈرگەن، تەبىقە تۈزۈمى روشەنلەشكەن چاغلار ئىدى. كىشىلەر ھەممە نەرسىنى پۇل-مال بىلەن ئۆلچەشەتتى. ئاياللار ئارىسىدا بايلىق ۋە مەرتىۋىنىڭ سىمۋولى بولغان مودا كىيىملەر، مودا بۇيۇملار تۆۋەن تەبىقىلىك ئاياللارنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى. مودىنىڭ تەبىقە، مەرتىۋىنى ئەكس ئەتتۈرۈش رولى چوڭ بولغانىدى. ئەسەردىكى باش پېرسوناژ لاۋازېل خانىم شۆھرەتپەرەس ئايال بولۇپ، بىر زىياپەتكە بېرىش ئۈچۈن ئېسىلزادە دوستىدىن قىممەت باھالىق بىرلىيانت مارجاننى ئارىيەت ئالىدۇ. كېيىن ئۇنى ئېھتىياتسىزلىقتىن يوقىتىپ قويۇپ بىر ئۆمۈر قەرز تۆلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. نۇرغۇن يىلدىن كېيىن دوستى بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، ئۆزى يىتتۈرۈپ قويغان مارجاننىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئۇقىدۇ.

جۇشقۇن مۇزىكا، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان شوخ ناخشا كۆڭۈللەرنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆزلەرگە يالق كەلتۈرەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى. تۇگىمەس غەم-غۇسسە تۇرۇش ئاستىدا تىترەپ تۇرغان رەڭدار تۇمان ئاستىدا غايىب بولدى. زىمىستىگە ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئالغان تېرىككەك، قايىغى ئېچىلماس سالاپەتلىك كىشىلەر بىردىنلا گۈيدان، مەرد، خۇش چاقچاق كىشىلەرگە ئايلاندى. گۈزەل چىرايلار، ئاشۇ چىرايلارغا چىراي قوشۇپ تۇرغان چەت ئەل مەللىرى، يېڭى يالىڭدىكى بويۇيكا، يۇيېكلار، ئالتۇن ئۈزۈك، ھالقا-ئىياغلار، مېدالىئونلارنىڭ قىممىتى بىردىنلا ھەسسىلەپ ئاشقاندەك بولدى. ئەڭ يېڭى مودىدا ئەڭ چىرايلىق ياسانغان ئاياللار يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك يارقىراپ، ئەرلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ھوش-كاللىسىنى ئايلاندۇرىۋەتكەنىدى. ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ ئاشۇ ئاجايىپ ئاياللاردىن كۆزلىرىنى ئالالمايتتى. ئۇلار بىلەن سالاملىشىش، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇش، ئىككى ئېغىز يارالغىشىۋېلىش قانتىس ئابرۇي ھېسابلىناتتى. ئۇلار بولسا ئۆز قەدىرلىرىنى تولۇق ھېس قىلغان ھالدا مەغرۇر ئولتۇرۇشاتتى. سۈرمە سۈرۈلگەن جادۇ كۆزلىرىنى سۈزۈپ، جاندۇرمايى باشقا ئاياللارنىڭ ئۈستۈنلىشىغا سېيسالاتتى. ئاشۇلار بىرەر ئايالنىڭ تېخىمۇ غىرىسي، ئېسىلرەك بىر نىمىسگە كۆزى چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، بىردىنلا ئاتىرىپ كېتىشەتتى.[11]

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «رەڭدار قويۇن» ناملىق پوۋېستى 1990-يىللارنىڭ بېشىدا يېزىلغان. ئۇ چاغدا جۇڭگونىڭ بازار ئىگىلىكى سىياستى يېڭىدىن يولغا قويۇلغان، شەھەر ئۇيغۇرلىرى نۇرغۇنلىغان يېڭىلىق بىلەن ئۇچرىشىپ كۆزى ئېچىلغان ۋاقىت ئىدى. مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە كۆزنى ئالچەكمەن قىلىدىغان يېڭى-يېڭى مودا كىيىملەر ئاياللارنىڭ تەلپۈنۈش ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى. بىز مۇپاسساننىڭ «مارجان» ناملىق ھېكايىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار بىلەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ «رەڭدار قويۇن» پوۋېستىدىكى تەسۋىرلەرنى سېلىشتۇرساق، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش، دەۋر شارائىتىدىكى نۇرغۇن ئوخشاشلىقنى— ئاياللارنىڭ بەدىنى بىلەن مودا كىيىم ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەرچاس باغلىنىشنىڭ جەمئىيەتتە، بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى، ياشاش ئۇسۇلىغا قانچىلىك زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ھەقىقىي كىملىك بىلەن چىن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا زور ھاڭ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

## 4. مودا، زامانىۋىلىشىش ۋە كىملىك

شەھەر جەمئىيىتىدە ئورۇن-مەرتىۋە قارىشىنىڭ كۈچىيىشى، تەبىقە، ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ روشەنلىشىشى مودىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا تۈرتكە بولسا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى ئىنساننىڭ كىملىك ئېھتىياجى ۋە ئۆزلۈك تۇيغۇسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ. بۇ جەرياندا زامانىۋىلىق ئاتا قىلغان يېڭىلىقلاردىن ئىدىيىسى بالدۇر زەرەتلەنگەن بىر تۈركۈم كىشىنىڭ تەسىرى بىلەن بىر مىللەتنىڭ ئەسلىدە مۇھىم دەپ بىلىدىغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ ئۇلىغا دەز كېتىدۇ. مودا پەقەت بۇ ئىجتىمائىي جەرياندىكى بىر ۋاستە، بىر ئىجتىمائىي رەسىتخانا. بۇ رەسىتخانىدىن بىز زامانىۋىلىق مۇساپىسى داۋامىدا بويۇن قىسىپ قالغان ئەنئەنىنىڭ غېرىب كۆلەڭگىسىنى، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي كىملىكىدىن خاتا ئۇچۇر بېرىدىغان كۆپۈك رېئاللىقنى، يېڭىلىقنىڭ، مەدەنىيلىشىشنىڭ شامال‍لىرىدا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان نادان ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىۋاتقان غەپلەت ئۇچقۇنىنى كۆرەلەيمىز. مودىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رەسىتخانا شەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ، جۈملىدىن ھاللىق ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆزىدە يوق كىملىكنى قوغلىشىش، چۈش كۆرۈش جەريانىدىكى ئىزتىراپلىرىنى سەگەك پىكىر ئىگىلىرىگە ئۈنسىز شىۋىرلاپ بېرىدۇ. بۇنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ ئىستېمالچىلىق شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەنئەنىگە، ئادەمنىڭ كىملىكىگە قانداق تەسىرلەرنى ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك.

زامانىۋىلىشىش. بۇ ھادىسە گەرچە ئەڭ دەسلەپتە غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا ئالدىنقى ئىككى ئەسىر داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتتى. بۇ ھادىسە يەر شارىدىكى بىكىنمە مۇھىت ئىچىدە ياشايدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا جىمى دۆلەت، جىمى مىللەت، جىمى ئىقلىمغا تەسىر كۆرسەتتى. زامانىۋىلىق ھەرخىل پەرقلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي تەشكىلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى؛ ئۆزگىچە مەدەنىيەت فورمىلىرىنى رويابقا چىقاردى؛ ئەقىدىچىلەر بىلەن ئاتېئىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى كۈچەيتتى؛ ئادەملەردە زىددىيەتلىك روھىي ھالەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولدى. ئادام سىمىس (1723—1790) ۋە كارل ماركسنىڭ

www.uyghurkitap.com

قارىشىچە، بۈگۈنكى زامانىۋىلىق مۇساپىسىنىڭ ئاساسىي ئېقىمدا بازار ۋە پايدىنى مەقسەت قىلغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. فرانسىيە مۇتەپەككۇرلىرى ھېنرى سېنسىمون(1760ـ1825) ۋە ئاۋگۇست كومت(1798ـ1825)نىڭ قارىشىچە بولغاندا، بىلىم ۋە تېخنىكا ئەڭ ئاخىرىدا زامانىۋىلىقنى ئەقلىي بىر تەرتىپتە داۋام ئەتكۈزىدۇ.

نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئاپپاراتنىڭ رولى بىلەن يۇرۇشۇۋاتقان يۈكسەك تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ـ زامانىۋىلىقنىڭ قوزغاتقۇچىسى. زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيە كۈچى، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسى، ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى، مائارىپ تارماقلىرى بۇ مۇساپىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ .شەھەر مۇھىتىدا ئادەملەر تېز ئۆزگىرىۋاتقان ھاياتقا تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. زامانىۋىلىق مۇساپىسىنىڭ تەسىرىدە كىشىلەردە بىر خىل نامەلۇم ۋەسۋەسە، ئۆزىنى مەركەز قىلىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ. گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى يۈرگېن خابېرماس( 1929ـ )نىڭ قارىشىچە، كاپىتالىزم ۋە زامانىۋى دۆلەتلەرنىڭ تەسىرىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى مۇستەملىكە خاراكتېرلىك ئىسكەنجىگە ئېلىنىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئەتراپىدىكى توپتىن يىراقلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زامانىۋىلىق مۇساپىسى داۋامىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتتا زامانىۋى قىممەت قارىشىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەنىسىزلىك، تايانچىسىزلىق ھېسسىياتى كۈچىيىپ، بەختەرلىك ئېھتىياجى قانائەت تاپمايدۇ. ئاشۇ يىراقلىشىش تەسىرىدە نۇرغۇن ئىجتىمائىي بىنورماللىق كېلىپ چىقىدۇ.

زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە تۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى ھامان مۇقىم بولمايدىغان ئىجتىمائىي، مەدەنىي كاتېگورىيىلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەھسۇلى. بىر خىل كىملىككە ئىگە بولۇش دېگەنلىك، ئۆزلۈك ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان جامائەتچىلىك ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغانلىق دېگەنلىك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كىملىكنى گوياكى يېڭى ئەھۋاللار داۋامىدا قايتىدىن ئېيتىلىدىغان ياكى قايتا بارلىققا كېلىدىغان بايان دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا «يەر شارىلىشىش» ياكى زامانىۋى تېخنىكا بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىيەت، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆز كىملىكى ھەققىدە ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولالىسا، كىملىكنىڭ ئەسلىي يىلتىزى ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىدىغانلارنىڭ سانىمۇ تەبىئىي ھالدا كۆپىيىدۇ.

**ئەنئەنە**. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئەنئەنە ـ جانلىق ئالاقە، مۇراسىم، دوراش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە يېتىلگەن ۋە ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئۆرپ-ئادەت شەكىللىرى ۋە ئېتىقاد سىستېمىسى بولۇپ، ھەرقانداق ئائىلە، ئىجتىمائىي توپ ۋە مىللەتنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىجتىمائىي تەركىب. گەرچە كۆپ ھالدا ۋە تارىخىي شارائىتلاردا ھازىرقى دەۋر بۇرۇنقى ئۆرپ-ئادەت شەكىللىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ تۇرسىمۇ، ئەنئەنە يەنىلا ئۆتمۈشنى بۈگۈنگە ئۇلايدىغان قىممەتلىك مىراس.

ئەنئەنە ئۈنسىز ۋە ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا تارقىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە شۇ ئەنئەنىنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭ يوقاپ كېتىشى، ئەنئەنىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەنئەنە بارلىققا كېلىپ، كىشىلەر تۇيمىغان ھالدا ئاۋام ئارىسىدا ئومۇملىشىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ پېشۋاسى، مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىر (1864ـ1920)نىڭ قارىشىچە، ئەسلىدە مۇقەددەس دەپ قارالغان ئەنئەنە زامانىۋىلىققا لايىقلىشىش جەريانىدا تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي پۇرسەت قارىشىنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئەنئەنە دەۋرگە لايىق زامانىۋى روھ ۋە زامانىۋى مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى توسالغۇ. بۇ خىل قاراش 1950، ـ 1960-يىللىرى دۇنيا جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

بۈگۈنكى كۈندە ئەنئەنىنى زامانىۋىلىقنىڭ سايىسى دېيىشكە بولىدۇ. يېڭىلىقنىڭ غىدىقلىشىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان كىشىلەر بۇ سايىنى قايتىدىن بويىماقچى بولىدۇ. ئەنئەنە دېگەن ئۇقۇمنى زامانىۋىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. كىشىلەر زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھاياتنى ئۆتكۈزۈۋەرگەن بولسا، ئەنئەنە توغرىسىدا چۇقان سېلىشمىغان بولاتتى. ئانتونىي گىددېنس(1937ـ )نىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «يىلتىزىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە بارلىق ئەنئەنە ـ كەشىپ قىلىنغان، يارىتىلغان ئەنئەنە. ئەنئەنىنى ئۆزگىرىشكە توسالغۇ بولىدۇ دەپ قاراش خاتا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەنئەنىمۇ يېڭىلىنىدۇ ۋە ھەتتا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ.»[12]

ئەنئەنىنىڭ گەۋدىلىك ئىككى ئالاھىدىلىكى ـ مۇراسىملاردا ئەكس ئېتىش ۋە تەكرارلىنىش. زامانىۋىلىق مۇساپىسىدە ئادەم خىزمەت، تاماق، جىنسىيەت، ھەتتا مۇھەببەتكە خۇمار بوپقالىدۇ. سەۋەبى، بۇ پائالىيەتلەرگە زامانىۋىلىق مۇساپىسىدە ئەنئەنە بۇرۇنقىدەك تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. دۇنيا مىقياسىدا دېگۈدەك خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان ئەنئەنىنىڭ تەسىرىدە بىزنىڭ ئۆزلۈك چۈشەنچىمىزدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئەنئەنە تەكىتلىنىدىغان ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ئادەمنىڭ ئۆزلۈك چۈشەنچىسى بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىكى مۇقىملىق تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ئەنئەنىدە ئۆزگىرىش بولغاندا كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ ۋە بۇ ئۆزگىرىش كىشىلەر ئارىسىدا تېز يامرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆزلۈك كىملىكنى زامانىۋىلىققا خاس ئىسلاھ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

**كىملىك**. كىملىكنى قوپۇرۇۋاتقىنى سۇبيېكتىپ ئۆلچەم، يەنى بىزنىڭ كىم بولۇشىمىز ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا تۇرغان ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي دۇنيا ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com

ھەرخىل چۈشەنچە، تونۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى جورجي خېربېرت مېد(1863—1931)نىڭ قارىشىچە، بىز باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ۋە ئۇنى مېڭىمىزدە تاسقاشتىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى نازارەت قىلىمىز ۋە ئۇنى باشقىلارغا نامايان قىلىپ بېرىمىز.

كىملىك ئۆزىمىز ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ھەر ۋاقىت بولۇپ تۇرىدىغان ئۈنسىز دىئالوگ ۋە مۇرەسسە ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان جامائەتچىلىكنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆزلۈك ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلگەندە ئادەم ئۆزى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ ،ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرىيىتى بار- يوقلۇقى ھەققىدە باش قاتۇرىدۇ.

دۆلەت ھەرخىل تۈزۈم ۋە ھوقۇق ۋاستىسى ئارقىلىق (تۇرمە، سوت، مائارىپ سىستېمىسى، چېگرا كونتروللۇقى) كىملىكىمىزنى نازارەت قىلىدۇ ۋە قېلىپقا چۈشۈرىدۇ. كىملىكنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى 20- ئەسىردىكى كىملىك سىياسىيشۇناسلىقى(Identity Politics)نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كىملىك سىياسىي ۋاستىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ھازىرغىچە ھەرخىل ئىنقىلاب، ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولۇپ تۇرغان. بىر ئادەمنىڭ كىملىكىنىڭ قوپۇرۇلۇشى مۇرەككەپ جەريان. ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ئۆزلۈكسىز غىدىقلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىنسان قەلبى كىملىكنىڭ بارلىققا كېلىشىدە قوپۇرۇلىدىغان تۇيغۇ مۇزېي. شۇڭا زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى بىرلا مەنبەدىن، بىرلا سەۋەبتىن ئىزدەشكە بولمايدۇ.

بىز مودا كىيىملەر قاتارلىق سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆزىمىزنى قالتىس ئادەم كۆرسىتىشنى خالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئۇچۇر بېرىمىز ۋە ئۆزىمىزگە خاس بولغان، بىر قاتار ھايات كەچۈرمىشى داۋامىدا سىڭىپ قالغان خۇي ۋە مىجەزلەرنى ئىپادىلەيمىز. بۇ جەرياندا ئۆزىدە يوق كىملىككە ئىنتىلىش ئېھتىياجى ئىجتىمائىي سورۇنلاردا شەخسكە نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينىغاچقا، ئادەم باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشكە كۈچەيدۇ. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بۈگۈنكى رىتىمى تېز شەھەر جەمئىيىتىدە «كىملىك— ئەمەلىيەتتە بىر خىل زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى پەيدا قىلغان ھادىسىدۇر.»[13] زامانىۋىلىققا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان جەمئىيەتتە ئىنساننىڭ كىملىكى مىسلىسىز دەرىجىدە كرىزىسقا يولۇقتى. دەل زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش مەسلىسى كىملىكنى چوقۇم ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسلىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

**ماكرولۇق كونترول، سىڭىپ كىرىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىش.** زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا سىياسىي تۈزۈلمە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، ماكرولۇق كونترول كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوخشىمىغان مىللەت، ئىرقتىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق كىشى بۇنداق ئارىلاشما مەۋجۇدلۇق داۋامىدا يۇقىرى تەبىقىدىكى، ھۆكۈمران تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە ئۆلچىمى بويىچە بەزىدە ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، كىيىم-كېچەكنى تەڭشەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ جەرياندا سىڭىپ كىرىش، غىدىقلىنىش، دوراش نەتىجىسىدە ئەسلىدىكى قىممەت قاراش ۋە قائىدە-يوسۇنلاردا ئۆزگىرىش بولىدۇ. دوراش پسىخولوگ تاردىنىڭ ئېيتىشىچە: «ئىنساندا تەبىئىي بولىدىغان بىر خىل مايىللىق. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاۋامنىڭ قىممەت قارىشى، قائىدە-يوسۇنلىرىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ.»[14]

سىڭىپ كىرىش بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە سورۇن ھازىرلايدىغان ئالاقە شەكلى. ئەركىنلىك ئىدىيىسى بەك بالدۇر يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىر خىل «دەۋرىيلىك ئىنكاس» قايتۇرۇش داۋامىدا بىر ئادەمنىڭ كەيپىياتى باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى غىدىقلايدۇ. باشقىلارنىڭ كەيپىياتى يەنە شۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى كەيپىياتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ؛ ھەتتا بەزىدە ئەقىل-ئىدراكتىن ئايرىلغان ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلار ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ توقۇنۇشىدا روھى داۋالغۇپ تۇرغان كىشىلەرنى «ئۆتكۈنچى ئادەم» دەپ ئاتايدۇ. « ‹ئۆتكۈنچى ئادەم ›ئىككى دۇنيادا ياشايدۇ. بۇ ئىككى دۇنيادا ئۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا سىرتتىن كەلگۈچى. ئۇنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى زىددىيەتلىك بولىدۇ.»[15] كونا- يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ، ھەم زامانىۋىلىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. ئۇ، زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدا غىدىقلىنىشقا ئۇچرايدۇ ھەم ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا كىشىلەر مەۋجۇد قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا مەلۇم ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدە ئۆز كىملىكى ۋە تەۋەلىك تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ‹‹خىق نېمىدەپ قالار ›› دېگەن تۇيغۇ ۋە يېتىم قېلىش تۇيغۇسى كىشىنى ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا بەزى زىيانلىق قىممەت قاراشلىرىغا سۈكۈت قىلىدىغان قىلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىسى بىلەن ئىجتىمائىي مىزانلىرى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە قوپۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئادەم ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىققا ئامال قىلالمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى تونۇش كونترول قىلىدۇ. بىزنىڭ ئىدىيىمىز تاشقى دۇنيادىن كېلىدۇ. ئادەم ئىجتىمائىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرىكىتىدە ھامان بىر مەنە ئەكس ئېتىدۇ. كۆپىنچە ھالدا ئادەم ھەرىكىتىدىكى بۇ خىل مەنە مودا كىيىم قاتارلىق سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئىجتىمائىي كونتروللۇق تەسىرىدە ئۆگىتىلگەن ئىجتىمائىي مىزان، سىڭىپ كىرىلگەن قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك تەبىئىي سىڭىپ كىرىپ كېتىدۇ. «ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتى، قىممەت قارىشى، مەقسىتى ئاساسىدا روھقا سىڭىپ كىرگەندە ئادەم رېئاللىقنىڭ قۇربانلىق قوزىلىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن

باشقىنى كۆرمەيدىغان، ئادەت تۇرمۇشىدىن قۇتۇلالمايدىغان بوپقالىدۇ. ئىدېئولوگىيە ھوقۇق بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، سىمۋوللۇق ھوقۇقنىڭ يۇرگۈزۈلۈشىنى دەستەك بىلەن تەمىنلەپ، ھۆكۈمران سىنىپ مەنپەئەتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپ داۋامىدا قانۇنلىشىشى، ھۆكۈمران ئىدىيىلەرنىڭ يېتەكچى ھالەتكە ئۆتۈشىگە ئاساس ھازىرلايدۇ. تەشۋىقات، مېدىيە ۋاستىلىرى ئىجتىمائىي كونتروللۇق ۋە ئىدېئولوگىيىگە ۋاستە بولىدۇ. مائارىپ ئىدېئولوگىيىنىڭ شىكارى ۋە جەڭگاھىغا ئايلىنىدۇ.»[16]

**ئىستېمال.** بۈگۈن ئىستېمال جەمئىيىتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش ــ كىشىلەردىكى مەرتىۋە تۇيغۇسى، تەبىقىنىڭ روشەنلىشىشى بوپقالدى. ئىستېمالچىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى، ھاياتىي كۈچى ۋە ھاياجىنى ئىقتىسادنىڭ ئاشقانلىقى، جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بوپقالدى. كاپىتالىزم ئىشچىلارنى ئېزىشتىن ئىستېمالچىلارنى ئېزىشكە ئۆتتى. ئىستېمال چېگرا ئايرىمىغانلىقتىن، غەربنىڭ ھەممىلا نەرسىسى ئۇلۇغ بىلىنگەن ئىستېمال مەدەنىيىتى شامىلىدا ھەممە نەرسە ئىستېمال تاۋىرىغا ئايلاندى. ھەتتا ھوقۇق، بىلىم ۋە ئەھمىيەتمۇ. ۋەھالەنكى، ئىستېمال جىمى بەختنىڭ ئاساسى دەپ قارالغاندا، «ئىستېمالچى ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىغا، تىجارەتلىك تۇرمۇشنىڭ ھەيدەكچىسىگە ئايلىنىدۇ.»[17] رومانتىكلىققا چوقۇنۇش ئەۋج ئالدۇ. رومانتىكلىق ــ ئىستېمالچىلىقنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. رومانتىكلىق ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، تەن لەززىتى ۋە سەزگۈ ئەزالار شادلىقىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى. «ئادەتتە يەككە ئادەم بىلەن جەمئىيەتنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە بولىدۇ ۋە مۇشۇ رىشتە بولغىنى ئۈچۈنلا ئادەم ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئالاھىدە يەككە بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. رومانتىكلىق دەل مۇشۇ رىشتىنى ئۈزۈۋېتىدۇ.»[18] كانپىر ئېيتقاندەك: «رومانتىكلىققا ئىنتىلىدىغان ئادەم رېئال دۇنيادا تىرىشىپ ئىشلەش، چېنىقىش، ئۆزىنى قېزىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشنىڭ ئورنىغا كۈچلۈك بولغان غىدىقلىنىش ۋە تۇيغۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى ‹ئىپادىلەش›كە كۆچىدۇ.»[19] ئادەمنىڭ رومانتىكلىققا ئىنتىلىشى جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئورۇنۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىستېمال ــ پاكىز قەلب، سەگەك مېڭىگە سىڭىنغان ئۇيقۇ دورىسى.

## 5. مودىكەش ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدە سىمۋول

مودىغا چوقۇنۇش خاھىشى ئەۋج ئالغان جەمئىيەت ئەنئەنىدىن ئايرىلىپ يېڭىلىق ئىزدەيدىغان جەمئىيەت. نوپۇسى جىددىي كۆپىيىۋاتقان چوڭ شەھەرلەردە كىشىلەر ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ھەمدە كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. بۇنداق ناتونۇش مۇھىتتا كىشىلەرنى ھامان تونۇش بولمىغان يۈزلەر ئوراپ تۇرىدۇ. سىرتقى قىياپەت باشقىلارنىڭ شۇ دەۋرنى چۈشىنىشىدىكى ئاساس بولغاچقا، شەھەردە ياشىغان كىشىلەر ئۆزىگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولمىغان كىملىككە ئىنتىلىپ، رول ئېلىشقا باشلايدۇ. بىز بىر مودا قىزنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئاپىسى بىلەن يالغۇز قالغاندىكى ھالىتى بىلەن ئاممىۋى سورۇنلاردىكى رول ئېلىۋاتقان مودا ھالىتىگە قارىساقلا، ئۇنىڭ ئۆزىدە يوق كىملىككە ئىنتىلىش، غايىسىدىكى ئوبرازىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

شەھەر جەمئىيىتى ئىستېمال، سىمۋول، بەلگە بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان جەمئىيەتتۇر. كىملىك مەسىلىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئاپىرىدە قىلغان زامانىۋىلىق مۇساپىسىدە بىز ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن سىمۋول، بەلگىلەرگە ئاساسەن باشقىلارنىڭ كىملىكىگە ھۆكۈم قىلىمىز، باھا بېرىمىز( گەرچە بۇ ھۆكۈمگە بىر تەرەپلىمىلىك ئارىلىشىپ كەتسىمۇ). بىز ئەگەر بۇ نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ ئەتلەس، ياۋروپا كۆڭلىكىنى بىر سىمۋول سۈپىتىدە تونۇغىنىمىزدا، مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئىككى خىل مەدەنىيەت كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلغان بۇ ئىككى بەلگىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇيغۇر رېئاللىقى، ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدە خاتا ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ نۇقتىغا ئادەتلەنگەن ئۇيغۇر كۆزى بىلەن ئەمەس، يات مەدەنىيەت مۇھىتىنى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قارىغاندا، مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدىكى سىمۋوللارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرنىڭ چىن رېئاللىقى، ھەقىقىي مەدەنىيەت كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ھادىسىگە بىر جەھەت ئەللىكنىڭ نەزىرى بىلەن قاراپ باقايلى:

**ياكىت تەھلىلى(3)**

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئېنگلىيىلىك قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. سۆزلىش قابىلىيىتىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۈندە ئالاقىلىشىپ تۇراتتىم. شۇ ئەرىقىدە بىر ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى تويۇقسىز بۇ ئىنگلىز قىز:

ــ بىلىمەن، سىز مۇشۇ يەردىكى يەرلىك مىللەت ئىكەنسىز، تېخى تونۇگۈن بىلدىم، ــ دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئاتلىق كىلىپ چىقىشىمنى، قىزىقىشىمنى، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە شۇنچىلىك قىزىقىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم.

ــ سىلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىڭلاردىن خەۋەردارمەن، ــ دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن،ــ دۆلىتىمىزدىكى چېغىمدا بىر تۈركولوگنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى خېلى ئەتراپلىق سۆزلەنگەنىكەن . مۇشۇ قىزىقىشىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى قانداقتۇ دەپ ھەۋەسلىنىپ كەلگەنىدىم. ئەمما كۆرگىنىم كىيىم- كېچەك ۋە مەدەنىيىتىنە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ياۋروپالىشىۋاتقان، ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان، مىللىي مەدەنىيىتىنى قەدىرلىمەيۋاتقان مىللەت بولدى.

يېڭى يىلىم يىل ئۆتكەندە بىز مۇشۇ تېمىدا سۆزلىشىپ قالدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن سۆزلىشەلەيدىغان ھالغا يەتكەنىدىم. ئۇ مەندىن:

ــ ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئەڭ يارىشىملىق كىيىمى قايسى؟ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەتلەس كۆڭلەك،ــ دەپ جاۋاب بەردىم.

— باش كىيىملەرمىدىنمۇ؟

— گىلەم دوپپا! — دېدىم تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ.

سېرىق چاچلىق بۇ قىزنىڭ يۈزىگە ھەيرانلىق ئالامەتلىرى يامرىدى.

— ئەمىسە سىز ئۇيغۇر قىزى تۇرۇقلۇق نېمىشقا شۇ كىيىملەرنى كىيمەيسىز؟! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ماڭا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا ئاڭلاندى.

مەن خىيال باسقان ھالدا بۇ قىزنىڭ يېنىدىن چىقتىم. شۇدا ئىككى كۈن ئويلاندىم. ئاخىرى مەن چامادانىمنىڭ تېگىدە تۇرغان ئەتلەس كۆڭلەكنى ئالدىم ۋە ئۇنى دەزماللىدىم. گىلەم دوپپام يوق ئىدى، ئۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋالدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ كىيىملەر ماڭا باشقا كىيىملەر قاتارىدا ئادەتتىكى كىيىملەردەكلا تۇيۇلۇپ كەلگەنىدى. ئەمما بۈگۈن كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈندى، جەزىبىلىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەتىسى سىنىپقا كىيىنگەنچە ئۈچۈپ كىردىم، سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ھەيران قېلىشتى، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمدىن بىر نەچچىسى ئاتايىتەن يېنىمغا كېلىپ تەبرىكلەپ قويۇشتى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھەيران بولدى، ئەمما ئارتۇق گەپ قىلمىدى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئىنگلىز قىزنىڭ يېنىغا چاپتىم. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ھەيران قالدى، بېسىپ بولالمايدىغان بىر خىل ھاياجان بىلەن مېنى قۇچاقلىدى. قاتتىق ھاياجانلانغاچقا ئاغزىغا گەپ كەلمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن:

— ياخشى، مانا مۇشۇ ئىشىڭىز بولىدۇ. مانا مەن ئەمدى ھەقىقىي بىر ئۇيغۇر قىزنى كۆردۈم! — دېدى.[20]

مەرزىيە تۇرسۇننىڭ «قىزلار ئەڭگۈشتىرى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان بۇ راست ئىشلار خاتىرىسىدە ئەنگلىيىلىك قىز ئۇيغۇر قىزنىڭ بەدىنىدە ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىمۋوللۇق بەلگىلەرنى كۆرەلمەي ھەيران قالىدۇ. بەلكىم بۇ ھال «بۇ ئىشنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نەرى بار» دەپ ئويلاپ ئادەتلەنگەن نۇرغۇن ئۇيغۇرغا يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. بىز «ئەتلەس — ئۇيغۇرنىڭ، ياۋروپالىقنىڭ ئەمەس؛ مودا توي كۆڭلىكى خرىستىئانلارنىڭ، ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس» دېسەك ناھايىتى داڭقان پۇتى، تومتاق گەپ قىلغان بولىمىز. ئەمما بىز مانا مۇشۇنداق غەلىتە مەنتىقە بىلەن «ئۆزى كىيمىگەن ئەتلەسنى نېمىشقا باشقىلارغا ‹بىزنىڭ›دەپ سوۋغا قىلىدۇ؟» دەپ غەلىتە سوئال قويغىنىمىزدا ئاندىن مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدە رېئاللىقنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىدىكى بىر كومېدىيىنى، بىر زىددىيەتلىك ئۇقتىنى روشەنلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان كامالىددىننىڭ تويلاشماقچى بولغان قىزى «توي قىلمىسام قىلمايمەنكى، ئەتلەس كۆڭلەك كىيمەيمەن!» دېگەن ئاددىي بىر ئېغىز گەپ ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن دېرەك بەرگەن. چۈنكى سۆزلىگۈچى ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ ئەتلەسكە بولغان زىيادە مەنسىتمەسلىكى توي قىلماسلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكۈدەك بولسا، بۇ بىر ئېغىز پاراڭنىڭ كەينىدە ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان رېئاللىق بار. بۇ رېئاللىقنى ئادىل تۇنىياز «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق شەرھلەيدۇ: «رېئاللىق بىزنى يوشۇرۇنۇشقا ئامالسىز. بىز مانا مۇشۇنداق: بىز ئۈچۈن ئۆتمۈش تونۇش، ھازىر ناتونۇش. قەلب رېئاللىق، رېئاللىق باشقا نەرسە. باشقىلار ھازىرغا، بىز باشقا دەۋرگە تەۋە. بىز رېئال سەرسانچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مىللەت: رېئاللىقتىكى ھەر بىر يېڭى نەرسە تەنھالىقىمىزنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. ھەربىر ھەرىكەت دۇنيا بىلەن بىز، بىز بىلەن روھنىڭ ئارىسىدىكى يىراقلىشىش ھەرىكىتى.»[21]

رېئاللىق بەدەن ئارقىلىق ئۆزى ھەققىدە سۆزلەيدۇ، كىملىك بەدەن ئارقىلىق ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. مەھبۇسنىڭ بەدىنى ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى جىسمانىي ئازاب تارتىش يولى ئارقىلىق ئېسىگە سېلىپ تۇرسا، پاھىشىنىڭ بەدىنى تاۋارغا، ئىپپەت سودىسىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىش جەريانىدا ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى مۇقىملايدۇ. بىر مودېل قىزنىڭ بەدىنى جىنسىي تۇيغۇ ئارىلاشقان جەلپكار ھالىتى ئارقىلىق ئىگىسىنىڭ كىملىك ئېھتىياجىدىن دالالەت بېرىدۇ. مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنى بولسا، ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى بۇرمىلاپ، چىن رېئاللىقتىن خاتا ئۇچۇر بېرىدۇ. بىر چەت ئەللىك بىر مودا قىزنىڭ بەدىنىدىكى قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كۆرۈپلا: «ئۇيغۇرلار ھاللىنىپ قاپتۇ» دېسە خاتالىشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىقتىسادىي موھتاجلىق دەۋرىدە قىينىلىۋاتقان تالاي ئۇيغۇرنىڭ رېئاللىقىغا ئاشۇ بىر قىزنىڭ بەدىنىدە ئەكس ئېتىۋاتقان سىمۋولغا تايىنىپ باھا بەرگەن. بىر چەت ئەللىك يەنە يارىشىملىق مودا كىيىملەرنى كىيىپ ئىشقا ماڭغان مودا قىزلارنى كۆرۈپ: «نېمىدېگەن مەدەنىيەتلىك، ئۇيغۇر قىزلىرى بەختلىك ئىكەن!» دېسە خاتالىشىدۇ. چۈنكى، شەھەرلەردە ئىشسىزلىق توپىلىدىن يولدىن چىقىۋاتقان تالاي ئۇيغۇر قىزىنى ئۇ كۆرمىگەن. بىر كۆزەتكۈچى مودا كىيىنگەن بىر ئۇيغۇر قىزىغا قاراپ ھەۋەس بىلەن: «بۇ ئۇيغۇرلار ياۋروپالىقلاردەك كىيىنىدىكەن، ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدىكەن» دېسە يەنە خاتالىشىدۇ. نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدە بوران ھۇۋلايدۇ. مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدە ئەكس ئېتىۋاتقان سىمۋوللۇق رېئاللىق ئۇيغۇرنىڭ كىملىكىگە باھا بېرىشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ.

### پاكىت تەھلىلى (4)

ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر قىزلارنىڭ ئارىسىدا بۇ يىل يازدا گاجا شىم (جۇڭكۇ) (گاجا ئىشتان — قىزلارنىڭ تىزىغىچە كېلىدىغان شىم بولۇپ، يالىڭاچلىقتا چەك چاپلىشىپ تۇرۇش، تىزنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى ئوچۇق بولۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن قىزلار ئارىسىدا مودا بولغان. ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكىنىڭ تەرجىمىسى بويىچە گاجا شىم دەپ ئېلىندى) مودا بوپتۇ. بۇنى مەن 2008-يىلى ئاۋغۇستنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىدىكى «خەلقئارا بازار»غا جايلاشقان كىيىم-كېچەك بازىرىدا مودا كىيىمنى نۇقتا قىلىپ ئېلىپ بارغان جەمئىيەت تەكشۈرۈشى جەريانىدا ھېس قىلدىم. ئەسلى جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش (sampling 抽象调查) مېتودى بويىچە قەشقەر، خوتەن شەھىرىگە بېرىپ «مودا ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى» دېگەن تېمىدا جىغراق ئەمەلىي ماتېرىيال توپلاش نىيىتىم بار ئىدى. ئەمما، بۇ ئۆلىمىك يېقىنى

ئېچىلىش ئالدىدىكى قاتتىقلاشقانلىق، جىددىيلىك مەزگىلى بولغاچقا، ئىچ يۇشۇقى تەرتىپ قىلىشىمىدىن، بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىككە ئۇچرىشىمىدىن ئەنسىرەپ تەرەددۇت قىلغان سەپىرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ماقالىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جىنسىي تۇيغۇ ئەكس ئېتىدىغان يەرنى يۆتكەپ تۇرۇش يارلىق مودا كىيىملەرنىڭ ھەر يىلى يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب. گاھىدا شىمدا بۇ نۇقتا تىزنىڭ ئۈستىدىكى ياچاق تەرەپكە يۆتكىلىپتۇ. بۇ، قىزلارنىڭ فىگۇرىسىنى تېخىمۇ ئۇۋرىشىم، زىلۋا، باشقا يەرلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىدىكەن. مەن يەنە قولتۇق تەرىپى ئېتىلمىگەن، مەيدە تەرىپى زىيادە چوڭ ئويۇلغان كۆڭلەكلەرنى، قىسقا يوپكىلارنى كىيگەن قىزلارنى كۆردۈم. ھەر بىر ئۇيغۇر قىزنىڭ بەدىنىدىكى مودا كىيىم ئىگىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ تۇراتتى. كېيىن قارىسام، گاھىدا شىمنى خەنزۇ قىزلارمۇ جىق كىيىۋېتىپتۇ.

يۇقىرىقى كۆرۈنۈش بىلەن قىزىقارلىق سېلىشتۇرما بولىدىغان يەنە بىرى شۇكى، «خەلقئارا بازار»دا ياغلىق بىلەن يۈزىنى ئوراپ، ئىسلامچە كىيىنگەن قىزلارنىمۇ خېلى ئۇچراتتىم. بۇ بىرقانچە ئەھۋال ماڭا تېخىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. ياغلىق، ھىجاب، ئەتلەس سېتىلىدىغان دۇكاندا ئورىنىپ يۈرىدىغان دۇكانچى قىز بىلەن پاراڭلاشتىم.

— مەن بۇ يەردە ئورىنىپ يۈرىدىغان قىزلارنىمۇ خېلى جىق ئۇچراتتىم. قىزلار ھازىر بۇنداق كىيىمنى ئالامدۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ئىككى يىلدىن بېرى تىجارىتىمىز خېلى ياخشى، — دېدى قىز مۇلايىملىق بىلەن، — ھازىر ئەتلەس ئالىدىغانلار، ئورىنىپ يۈرىدىغانلار خېلى ئاۋۇپ قالدى.

— سەۋەبى نېمىدۇر؟

— قىزلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئىچىدىن چىقىرىپ، دىلنى پاك تۇتۇپ ئورىنىپ يۈرىدىغان قىزلار بار. ئۇلارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ئەمما...

قىز گېپىدىن توختاپ ئوڭايسىزلانغاندەك تۇرۇپ قالدى.

— گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى دەۋېرىڭ، — دېدىم مەن.

— بۇنى دېيىش سەل بەئەيىب، — دېدى قىز خىجىل بولغاندەك، — بەزى قىزلار بار، ئوينىغاندا تازا ئويناپ، ئاخىرى ياخشىراق بالىلارغا تېگىۋېلىش ئۈچۈن بۇنداق كىيىملەرنى مەقسەتلىك سېتىۋالىدۇ. ھازىر دۇكىنىمىزدا سودا قىلىدىغان قىزلارنىڭ نېمە مەقسەتتە كىيىم سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلەلەيمەن. ئۆزىنى يالغاندىن دىيانەتلىك كۆرسىتىدىغان قىزلارنىڭ بۇنداق كىيىملەرنى سېتىۋېلىشىمۇ بىر مودا بوپقالدى، بۇنىڭ تەسىرى بەك يامان بولۇۋاتىدۇ.

مەن رەھمەت ئېيتىپ قىزنىڭ دۇكىنىدىن چىقتىم. ئالدىمغا مودا كىيىنگەن قىزلار جىق، ئەنئەنە بويىچە كىيىنگەن قىزلار يوقنىڭ ھېسابىدا ئۇچرىدى. مەن بۇ ئىككى بىرقانچە مودىدىن، بىرقانچە كىيىم كېيىش شەكلىدىن زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ توقۇنۇشىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىدە ئەكس ئەتكەن كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ھارپىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گېزىتلەردە دەم ئېلىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىدۇ. «مۇسۇلمان ئاممىسى» دېگەن گەپنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ھۆكۈمەتمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمدى بىز «مۇسۇلمان» دېگەن قىزلارنىڭ ئۈستىۋېشىغا سەپسالساق، بۇ كىملىكنىڭ ئىزنالىرىنى تۇزۇك تاپالمايمىز. قىزلارنىڭ بەدىنىدىكى مۇسۇلمانلىق ئۆلچىمى بويىچە يېپىلىشقا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى بايقايمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق كىيىم كىيىش ئادىتى بار. مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھىدايەت گۈلزارى» ناملىق كىتابتا مۇقەددەس كىتابلاردىن نەقىل ئېلىنىپ مۇنداق قەيت قىلىنغان: «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانائىلارنى ئازدۇرۇپ جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن. شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرستىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتقان تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ. شەيتان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى سىلەرنى كۆرەلەيدۇ. سىلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيسىلەر؟ شۈبھىسىزكى، بىز شەيتاننى ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ دوستى قىلدۇق.»[22] «كىمكى شۆھرەت تېپىش نىيىتى بىلەن ياسىنىپ كىيىم كىيسە، ئۇ تاكى كىيىملىرىنى يەشمىگۈچە ئاللاھنىڭ رەھمەت نەزىرىدىن يىراقتا بولۇر.»[23] مۇسۇلمانلىق كىملىكىدىن ئەسەرمۇ يوق مودا قىزلار ئۈستىۋېشىدىكى جىنسىي ئاڭ ئەكس ئەتكەن كىيىملىرى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىدىن خاتا ئۇچۇر بەرسە، ئۆزىنى لىپپىلاپ مەقسەتلىك ئورانغان قىزلار ئۆزىدە يوق ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى بىزەپ كۆرستىپ، مۇسۇلمانلىق نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۇيغۇرنىڭ مودا بىلەن تەڭ كۆرۈلگەن يەنە بىر بىمەنە رېئاللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھال كىشىگە قەشقەرلىك شائىر ساداقەتجان ھاجىنىڭ مۇنۇ جۈملىلىرىنى ئەسلىتىدۇ: «ئۇيغاندىم دېمە، كۆزلىرىڭدىن نۇر چاقناپ تۇرغان بىلەن روھىڭ مەستتۇر. دەردىم بار دېمە، كۆزلىرىڭدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقىنى بىلەن باغرىڭ قان ئەمەستۇر.» بەدەندە سىمۋوللۇق رېئاللىق ئەكس ئېتىدۇ، ئەمما بۇ رېئاللىقنىڭ چىن بولالىشى ناتايىن. بەدەندىكى سىمۋول ھەرىكەتتىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئوخشاش بىر ئۇچۇرنى بېرەلىگەندىلا بەدەن بېشارەت بېرىۋاتقان رېئاللىقنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئاشىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي مەدەنىيەت كىملىكىگە مودا قىزلارمۇ، مەقسەتلىك ئورانغان قىزلارمۇ ئەمەس، بەلكى ئىستىقامەت ئىچىدە بەدىنى شامدەك ئېرىپ، يۈرىكى ئەبەدىي گۈزەللىك ئۈچۈن پىچىرلاۋاتقان، ئۇيغۇر رېئاللىقى ئۈستىۋېشىدىلا ئەمەس، ھەرىكىتىدە، يۈرەك قاتلاملىرىدا ساقلانغان قىزلارلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. شائىر، «ياستۇقۇم يېنىدا ئون تال ئەتىرگۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەتجان ئېلياس ئەل پىدا بۇنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: «بىز ئۆز مەھەللىمىزدىن، تار كوچىمىزدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ياغلىقلىق قىزلارغا تەبەسسۇم قىلىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئاددىيغىنە ئۈستىۋېشى

www.ulughurkitap.com

بىلەن بىزگە غۇرۇرىمىز ۋە ۋەتىنىمىزنى ساقلاپ بېرىدۇ.»

## تۆگەنچە

ئىنسانىنىڭ بەدىنىنى جانلىق كەچۈرمىش ئەكس ئېتىدىغان سەھنە سۈپىتىدە چۈشىنىش ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ كىملىكىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بەدىنىمىزدىن جەمئىيەت ھەققىدە ئويلىنىدىغان قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىمىز. يەنى بىزنىڭ جەمئىيەت ھەققىدە قانداق ئويلايدىغانلىقىمىز بەدىنىمىزدە ئەكس ئېتىدۇ. فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى پيېر بوردىيۇ(1930—2003) بەدەننى ئادەمدە ئادەت ۋە ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدىغان پەيل (习性, habitus) نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرق: ئېستېتىك زوق ھەققىدە ئىجتىمائىي تەنقىد» (Distinction:a social critique of the Judgement of taste) ناملىق ئەسىرىدە ئىجتىمائىي ھوقۇقنىڭ ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ بەدەندە ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بەدەن ئىگىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەبىقە تەسىرىدە يېتىلگەن پەيلى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يارىتىدۇ ۋە ئوخشىمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئېستېتىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.» «پەلسەپە ئىنسانشۇناسلىقى» (Philosophical anthropology) ساھەسىدە ئىزدەنگەن مۇتەپەككۇر ئارنولد گېخلېن (1904—1976) «ئادەم ۋۇجۇدىدا ئىنساننىڭ دۇنيادىكى تەبىئىتى ۋە ئورنى» دېگەن ئەسىرىدە ئادەمنى «تېخى يېتىلىپ بولالمىغان ھايۋاندۇر» (Not yet finished animals) دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئادەم ئۆزى ئىختىيارسىز تەۋەللۇت بولغان دۇنياغا تولۇق تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ بەدىنى تاشقى مۇھىت تەسىرى ۋە ئۆمۈر بويى ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ تىنتىشىدىن خالىي بولالمايدۇ ۋە ئىگىسىنى ئىجتىمائىي دۇنياغا لايىقلاشتۇرىدۇ.» فرانسىيە مۇتەپەككۇرى لۇئىس ئالسۇسېر(1918— 1990) «بەدەندىن كېلىدىغان مەنە» (The bodies that matter) ناملىق ئەسىرىدە بەدەننىڭ ئىجتىمائىي مىزان ۋە نورما ئاساسىدا ماددىيلىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئادەم بەدىنىنى كېسەل چىرمىغان ياكى قاتتىق ئېغىر جىسمانىي ئازاب ئىچىدە قالغان چاغلىرىدىلا بەدىنىگە دىققەت قىلىدۇ، ئۆز بەدىنىدە سىياسىي بىلەن ھوقۇقنىڭ سايىسى ئەكس ئېتىدىغانلىقى، ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ ئۈنسىز تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەدەن سىياسىينىڭ شىكارىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەدەن ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت فورمىسىنى ئۈزۈل- كېسىل تارىخىي سېزىم نۇقتىسىدىن تونۇش كېرەك.

ئادەمنى ئىجتىمائىيلىشىش، مەدەنىيەت گىمناستىكىسىغا قاتنىشىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن مەخلۇق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشنى ئاۋۋال بەدەندە ئىپادە قىلغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بىزنىڭ قانداقلىقىمىز، غىدىقلىنىش تەسىرىدە قانداق ئۆزگىرىۋاتقانلىقىمىز بەدىنىمىزدە ئەكس ئېتىدۇ. شەھەر جەمئىيىتىدە ئۆزلۈكىنى لايىھىلەش بەدەننى لايىھىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بەدەن بارغانچە زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدىكى ئادەمنىڭ كىملىك تۇيغۇسىنىڭ يادروسىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئادەمدىكى جاھانسازلىشىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كۈنتېپىل ئېيتقاندەك، «كىيىمىمىز بىزنىڭ تەركىبىي قىسمىمىز، بەدىنىمىزدىكى كىيىملەر تېنىمىز ۋە روھىمىزنىڭ داۋامىدۇر. شەھەرلەردىكى مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدىكى كىيىملەر ئەمەلىيەتتە شۇلارنىڭ روھىنىڭ ئىنكاسى. بۇ مودا رېئاللىق ھەققىدە خاتا ئۇچۇر بېرىدۇ. مودا قىزلارنىڭ چەت ئەللەرنىڭ پاسونلىرىغا، جۈملىدىن ياۋروپاچە تويى مۇراسىم كۆڭلەكلىرىگە ھەۋەس قىلىشى، ئۇلارنىڭ خىيالدا ئۆزلىرىنى ياۋروپالىق كۆرسىتىش چۈشىدىن كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار رېئاللىقنىڭ ئازابىدىن قېچىپ چۈش كۆرۈۋاتقانلاردۇر. ئۇلار مودا كىيىملەر ئارقىلىق قەلبىدىكى مەنىسىزلىك تۇيغۇسىنى يەڭگىللەتمەكچى ۋە ئۆزىدە يوق غايىۋى كىملىكنى باشقىلار ئالدىدا ئىپادە قىلماقچى بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مودا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بەدىنىدە ئەكس ئېتىۋاتقان سىمۋوللۇق بەلگىلەر ئۇيغۇرنىڭ ھەقىقىي كىملىكى، چىن رېئاللىقىغا باھا بېرىشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. مودىغا ئىنتىلىشنىڭ تەسىرىدە، شەھەر جەمئىيىتىدە ئەنئەنە ئازغىنە بىر تۈركۈم كىشى ئارىسىدا بويۇن قىسىپ، زامانىۋىلىقنىڭ سايىسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. يېڭىلىقنىڭ غىدىقلىشىدىن ئەس- ھوشىنى يوقاتقان كىشىلەر بۇ سايىنى قايتىدىن بويىماقچى بولۇۋاتىدۇ.

ئېستېتىك ئېستېمال ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ساختا رېئاللىق ۋە شەكىلسىز ماغزاپ ھادىسىلەر ئادەمنى ئالدايدۇ. بۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە كېلەلىشى تاسادىپىي ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئويۇن سورۇنىغا سەرپ قىلغان ۋاقتى سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە باش قاتۇرغان ۋاقتىدىن كۆپ بولىدۇ. باشقىلاردىن پەرقلىنىش تۇيغۇسى مودىدا، نەرسە ئىشلىتىش جەھەتتىكى خۇشاللىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئادەم يېڭى ئېستېمالغا ئىنتىلگەنسېرى، توختىماي ئىشلەشكە ئۈندەۋاتقان كۈچ ئۇنى باشقىلارغا تايىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ ۋە رېئاللىق تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئادەم خىيالىي دۇنيادا ياشاۋېرىپ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دۇنياغا ئوبيېكتىپ نەزەر بىلەن قارايدىغان كۆزدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چىن رېئاللىق بولسا ئۆزى ياشاۋاتقان خىيالىي دۇنيادىن باشقىنى كۆرمەيدىغان ھېسسىياتچان ئادەملەرگە بىر چەتتە سوغۇق ۋە مەسخىرىلىك ھېجىيىدۇ.

## ستاتا مەنبەلىرى


[1] بريان تۇرنېر: «جەمئىيەت نەزەرىيىسى توپلىمى ــ بەدەن جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»

Bryan.Turner: «The blackwell companion to social theory», Blackwell publishing , 2000, p586

[2] كۇنتېن بېل: «ئادەمنىڭ بەدىنىنى لايىھەلەش توغرىسىدا»

Bell.Q: «Finery On Human», London: Hograrth Press, 1976, p19

[3] مەمتىمىن ھوشۇر: «مەمتىمىن ھوشۇر يۇۋېستلىرىدىن تاللانما ــ ساۋاقداشلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى، 296 ـ بەت.

[4] مېكال ۋە سىممونس:«كىملىك ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە»

Mecall and Simmons: «Identity and Interactions, » p61

[5] يۇقىرىقى كىتاب 165 ـ بەت.

[6] جىن بۇردىللىارد: «بەلگە ھەققىدىكى سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىق ھەققىدە تەنقىدىي مۇھاكىمە»

Brudrillard.Ji: «For a critique of the political economy of the sign», St Louis, MO: Telos, 1981, p79

[7]جورجىي سىممېل: «خاسلىق ۋە ئىجتىمائىي فورما توغرىسىدا»

Smmel.G: «On individuality and social forms», London: University of Chicago press, p53

[8] فلوگېل: «كىيىم پسىخولوگىيىسى»

Flugel.J: «The pyschology of clothes», London: Hogarth press, 1930, p21

[9] لاۋېر:«كاستيۇمنىڭ قىسقىچە تارىخى»

Laver.J: «A concise History of Costume», London:Thames and Hudson, 1995, p217

[10]مۇپاسسان: «مارجان» ــ «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» دەرسلىكىدىن ئېلىندى. يالقۇن روزى، ئابدۇللا مەتقۇربان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى، 286 ـ بەت.

[11] خالىدە ئىسرائىل: «قۇملۇقنىڭ چوشى» ناملىق يۇۋېستلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «رەڭدار قويۇن» ناملىق يۇۋېستتىن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى، 148 ـ بەت.

[12] ئانتونىي گىددېنس: «كونترولسىز دۇنيا»

Anthony Giddens: «Runaway World», polity press, p56

[13] چارلېز تايلور: «زامانىۋىلىقنىڭ ئەنسىزلىكى»، 48 ـ، 58 ـ بەتلەر.

CharlesTaylor: 《现代性之隐忧》，中央翻译出版社，2001年版，第48-58页

[14] جۇشياۋ خۇڭ: «ھازىرقى زامان جەمئىيەت پسىخولوگىيىسى»، 242 ـ بەت.

周晓虹：《现代社会心理学》，上海人民出版社，2004年版，第242页

[15] يۇقىرىقى كىتاب 243 ـ بەت.

[16] زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «شەھەرلىشىش ۋە كىملىك كرىزىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 3 ـ سان 40 ـ بەت.

[17] چېڭ بوچىڭ:«زامانىۋىلىقتىن چىقىش»

成伯清：《走出现代性》，社会文献出版社，2006年版，第210页

[18] زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «شەھەرلىشىش ۋە كىملىك كرىزىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىل 3 ـ سان 38 ـ بەت.

[19] چېڭ بوچىڭ: «زامانىۋىلىقتىن چىقىش»، 276 ـ بەت.

[20] مەرزىيە تۇرسۇن: «قىزلار ئەگگۈشتىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى،108 ـ ، 109 ـ بەتلەر.

[21] ئادىل تۇنىياز: «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى، 182 ـ بەت.

[22]، [23] ياقۇپ مەمدۇللا: «مۇسۇلمانلارنىڭ كىيىم كىيىش ئەدەبلىرى» ناملىق ماقالە: «ھىدايەت گۈلزارى»، مىللەتلەر نەشرياتى 2007 ـ يىل نەشرى، 564 ـ بەت(سۈرە «ئەئراف» 7 ـ سۈرە).


---

*بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە ماقالە قىسمەن قىسقارتىلدى. ــ بېكىتكۈچىدىن

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M1)

ماقالىنى تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى



# لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرى

**يالقۇن روزى**

2007- يىلى روسىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر پورباجىن — لايدىن ياسالغان قەلئە توغرىسىدىكى خەۋەر بولدى. بۇ خەۋەر روسىيىنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق دۇنياغا جاكارلانغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيانىڭ نەزىرى پورباجىنغا تىكىلدى. روسىيە ئاخبارات ۋاسىتىلىرى پورباجىننى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 2- قاغانى مويۇنچۇر سالدۇرغان بولۇپ، ئۇ قەدىمىي ئۇيغۇر قەلئەسىدۇر» دەپ جاكارلىغاندا، بۇنى ئۇققان دۇنيانىڭ جاي- جايىدىكى ئۇيغۇرلار بىر- بىرىگە ھاياجان ئىلكىدە خەۋەر يەتكۈزۈشتى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر تارقاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، خەنزۇ تارىخچى چىن شۆشۈن ئەپەندى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2007- يىل 11- ئۆكتەبىردىكى سانىدا «روسىيە پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇر قەلئەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرمەكتە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى بۇ كاتتا ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى. ئارقىدىن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»مۇ رەخمىجان ھاكىم خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «روسىيىدىكى ئۇيغۇرلار سالغان يازلىق قەلئە— پورباجىن» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ خەۋەرگە بولغان قىزىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.


پورباجىن ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ باش- ئاخىرى زادى قانداق؟ كىشىلەرنى شۇنچە ھاياجانغا سالغان بۇ قەلئە نېمە سەۋەبتىن، قاچان، قانداق سېلىنغان؟ بۇ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشمۇ ياكى كونا ئىشمۇ؟ كىشىلەر بۇ قەلئەگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىدۇ؟ دېگەن سوئاللار كىشىلەرنى قىزىقتۇردى.

پورباجىن روسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ تۇۋا جۇمھۇرىيىتىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز جايدىكى تېرىخول كۆلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تۆت گېكتار كېلىدىغان ئارالغا تەمىر قىلىنغان قەلئە. «پورباجىن» دېگەن سۆز تۇۋا تىلىدا «لايدىن ياسالغان قەلئە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## تارىخ سەپىرىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇۋا جۇمھۇرىيىتى روسىيە بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 170 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 310 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇۋالارنىڭ نوپۇسى 200 مىڭ، رۇسلارنىڭ نوپۇسى 100 مىڭغا يېقىن، قالغانلىرى خاكاس، ئۇكرائىن قاتارلىق مىللەتلەردۇر. تۇۋالارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار» دېگەن كىتابىدا ئېنىق قىلىپ: «تۇۋا تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئۇيغۇر- ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ھەمدە بۇ گۇرۇپپىدىكى قەدىمكى ئوغۇز، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە توفا (قاراغاس) تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئايرىم بىر ئۇيغۇر- تۈرك تارماق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ» دېگەن. تارىخچى چىن شۆشۈن ئەپەندىمۇ تۇۋالارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە «گەپنى قىسقارتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى تېلىلارغا تاقىلىدۇ»، «ئۇلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىل ئائىلىسى- شەرقىي ھون تىل تارمىقى- ئۇيغۇر تىل گۇرۇپپىسى- ئۇيغۇر- تۈركىي تىللار ئىككىلەمچى تىللار گۇرۇپپىسىغا تەۋە» دەپ يازغان. تۇۋالارنىڭ كۆپ قىسمى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.


پورباجىن قەلئەسىدىن قېزىۋېلىنغان ئاسار ئەتىقىلەردىن

پورباجىن قەلئەسى بىر خارابە بولۇپ، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ - 1891- يىلى روسىيىنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىمى دېمترىي كېلمىن ئېنىقلىغان. ئۇ كېيىن قارا بالغاسۇننى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن پورباجىن سېپىل- سارىيىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ھالىتى ئىكەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقىغان. پورباجىننى «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يازلىق سارىيى» دېگەن قاراشنى تۇنجى قېتىم سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم سېۋيان ئىزرايىلوۋىچ باينېشتېين 1957- يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى 1960- ۋە 1970- يىللاردا ل. ر. كىزلاسوۋ ۋە س. ۋ. كىسلېۋلار ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن تەكىتلەشكەن. تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايال رەھبىرى تامارا ماشالوۋنا نوربىي ئۆزىنىڭ كىتابىدا پورباجىن قەلئەسىنىڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ساراي- سېپىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. ئەمما باشقىچە قاراشتىكى تەتقىقاتچىلارمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قەلئەسى» دەپ بېكىتىشكە پاكىت يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قاراشقان. شۇنداقتىمۇ روسىيە ئالىملىرى بۇ قەلئەنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قىممىتىگە قىلچە سەل قارىمىغان. 1995- يىلى روسىيە فېدراتسىيەسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى بورىس يېلتسىن پورباجىننى دۆلەت دەرىجىلىك تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مىراسى دەپ قارار چىقارغان. بۇ، پورباجىن قەلئەسىنىڭ ھەر جەھەتتىن نەقەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكىلەرنىڭ ئېگىز تاغدىكى خىلۋەت كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بۇنداق مۇستەھكەم ۋە چوڭ قەلئەنى سالمىقى ئىنتايىن مۇشكۇل. چۈنكى بۇنداق قەلئەنى سېلىش ئۈچۈن نەچچە مىڭ تونىنا توپا، كېسەك ۋە ياغاچ- تاش كېتىدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش شۇكى، بۇ جاي ئادەم ناھايىتىمۇ كەمدىن- كەم كېلىدىغان تولىمۇ چەت رايون. شۇڭا زادى كىم بۇنداق خالىي جايغا بۇنداق چوڭ قورغاننى سېلىش كويىغا كىرىپ قالغان، ئۇنى كىم ئۈچۈن سالدۇرغان؟ دېگەندەك سىرلىق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش كېرەك ئىدى.

دېمەك، ئەمدىكى ۋەزىپە پورباجىننى «سۆزلىتىش» ئىدى. 19- ئەسىردە ياشىغان رۇس يازغۇچىسى گوگول «ھەرقانداق خەلقنىڭ ئۆتمۈشى توغرۇلۇق ھېكايە، ئەپسانە، چۆچەكلەرمۇ ئۇنتۇلغاندا، ئۇلار توغرۇلۇق شۇ خەلققە تەئەللۇق بىناكارلىق ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار كۆپلەپ ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. پورباجىندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قەلئە كىملەر توغرۇلۇق، قانداق ئۇچۇرلارنى يەتكۈزەر؟ بۇ سىرلىق تېپىشماقنى يېشىش، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇيقۇدا ياتقان پورباجىن خارابىسىنى «سۆزلىتىش» ئۈچۈن روسىيە ھۆكۈمىتى 2007- يىلى ئەتىيازدا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن 600 نەپەر ستۇدېنتتىن تەشكىللەنگەن، نەچچە ئون داڭلىق ئارخېئولوگ، ئارختېكتور ۋە ئېكسپېدىتسىيىچى باش بولغان زور تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تۇۋا جۇمھۇرىيىتىگە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇ زور «قوشۇن» مىڭ يىلدىن ئاشقان تارىخىي سىر يوشۇرۇنغان تېرىخول كۆلى بويىغا چېدىر تىكىپ تۆت ئايغا سوزۇلغان ئىنچىكە تەكشۈرۈشنى باشلىدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر تۆت ئايغا سوزۇلغان ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈش، تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىش، سۇنغان ساپاللارنى بىر- بىرىگە زېرىكمەي جىپسىلاش، قەلئەنىڭ ئۇلىغا ئاساسەن ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى قىياسەن تۇرغۇزۇش، ماددىي بۇيۇملارنى تۈرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش ۋە يىل دەۋرىنى

بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىرى خېلىلا ئىشەنچلىك يەكۈنگە ئېرىشكەن. قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ بۇ دەسلەپكى يەكۈنىنى روسىيە جىددىي ئەھۋاللار مىنىستىرلىكىنىڭ تۇۋا مىللىتىدىن بولغان مىنىستىرى سېرگېي شايگو ئاخبارات ۋاسىتىلىرىگە جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: «ئارخېئولوگلارنىڭ خۇلاسىسىگە قارىغاندا، پورباجىن قەدىمىي قەلئەسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان. ھازىر بۇ قەلئەنىڭ ئاساسىي بۆلىكى قېزىپ بولۇندى، قەغەز يۈزىدە يەنە قەلئەنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىز ئۇزاققا بارماي بۇ جايىنى دۇنياغا ئېچىۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتتىمىز!»

تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئالىم- مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلدى: «بىز تۆت ئاي تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېرىخول كۆلىنىڭ بويىدىن چوڭ تىپىكى قەبرىدىن 100 نەچچىنى تاپتۇق. پورباجىن قەلئەسىنىڭ ئارخىتېكتورىيىلىك تۈزۈلۈشى، لايىھە پىچىلىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېكىتىپ، قەلئەنىڭ قەغەز يۈزىدىكى مودېلىنى ياساپ چىقتۇق. بۇ قەلئەنىڭ شەكلى جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) دىكى ئوردىغا ئوخشايدىكەن. قەلئەنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلىكى ئادەمگە يۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. قەلئەدىن تېپىلغان بىر تاش پۈتۈكتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارى بوقۇشىنىڭ مۆھۈرىنى تاپتۇق. بىز شۇ دەۋرگە ئائىت تارىخنامىلەر ۋە پۈتۈكلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن بۇ قەلئەنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى مويۇنچۇر (مىلادىيە 747- يىلىدىن 759- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) خوتۇنى نىڭگو مەلىكە ئۈچۈن سالدۇرغان بولۇشى ئېھتىمال، دەپ قارىدۇق.»


روسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ۋىلادىمىر پۇتىن موناكو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئالبېرت2 بىلەن پورباجىن قەلئەسى خارابىسىدە

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئۇتۇقلۇق بولۇپ، زور ئۇنۇم قازانغاندىن كېيىن روسىيە فېدراتسىيىسىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ۋىلادىمىر پۇتىن 2007- يىل 13- ئاۋغۇستتا روسىيىگە زىيارەتكە كەلگەن موناكو دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى ئالبېرت2 بىلەن تۇۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى قىزىل شەھرىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن تىك ئۇچار ئايروپىلانغا ئالمىشىپ پورباجىن قەلئەسى خارابىسى قېزىلىۋاتقان تېرىخول كۆلىگە بارغان. ھەم خارابە ئىزنى كۆزدىن كەچۈرگەن. پۇتىن مۇخبىرلارغا: «بۇ، روسىيە تارىخىدىكى كۆلىمى زور تەكشۈرۈش تۈرى. پورباجىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار سالغان قەلئە» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن بۇ خەۋەر كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى.

ئالىملار پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لايدىن ياسالغان قەلئەنى نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد قاغانى مويۇنچۇرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەمىر قىلىنغان دەپ قارىشىدۇ؟ بۇنىڭ سىرى نىڭگو مەلىكە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

نىڭگو مەلىكە كىم، ئۇ قانداقسىگە مويۇنچۇر قاغانغا خوتۇن بوپقالغان؟ بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لايدىن ياسالغان قەلئەنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرىدۇ.

مويۇنچۇر قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد قاغانى بولۇپ، دادىسى قۇتلۇق بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن- 747- يىلى قاغانلىق تەختىگە چىققان. «جەسۇر ھەيۋىسى ئالەمگە تارالغان بىلگە قاغان» مويۇنچۇر باتۇر ھەم چوڭ سەركەردە بولۇپ، يېڭى قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «گوبى چۆللۈكى ۋە موڭغۇل يايلاقلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاتلىق قوشۇن» تەشكىللىگەن، ئۇزاققا سوزۇلغان شىددەتلىك ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىنى «ئىلگىرىكى ھون ۋە تۈرك ئىمپېرىيىلىرىنىڭ زېمىنى دائىرىسى»گىچە كېڭەيتكەن. رۇس تارىخچىسى كىلياشتورنىي «مويۇنچۇر نۇرغۇن قوۋمنى ئاتاق- دېڭى بىلەن مەغلۇب قىلغانىدى» دەپ يازغان. قىرغىز تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى ئۆز كىتابىغا «تاڭنامە. ئۇيغۇرلار»دىن ئالغان نەقلىدە «ئۇلار كەلگەن چاغدا ھەرقانداق ئادەمنى تىترەك باساتتى» دېيىلگەن. بۇنداق بولۇشىدا مويۇنچۇرنىڭ ئۆزىلا باتۇر ھەم چوڭ بوپقالماستىن ئايالى ئېل بىلگە خاتۇنمۇ باتۇر ھەم پاراسەتلىك ئايال ئىدى. ئوغۇللىرى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ ۋە ئېدىگەن مويۇيمۇ تەگدىشى يوق

باتۇرلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار مويۇنچۇرنى «قارا قاغان» دەپ ئۇلۇغلايتتى. ئۇمۇمەن مويۇنچۇر قاغان سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىلدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شان ـ شۆھرىتى ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. دەل شۇ يىللاردا، يەنى 750 ـ يىللاردا تاڭ سۇلالىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن پاراكەندىچىلىككە دۇچ كەلگەن. 751 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئەرەبلەر بىلەن تالاستا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش ئۇرۇشىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورىيان مىللىتىدىن بولغان داڭلىق سەركەردىسى گاۋشەنجى قاتتىق مەغلۇب بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تامامەن چېكىنگەن. ئارقىدىنلا، يەنى 755 ـ يىلى ئەنلۇك ـ سۈيگۈن ئىسيانى يۈز بېرىپ، قالايمىقانچىلىقنى چېكىگە يەتكۈزگەن.

ئەنلۇك (ئەن لۇشەن) ئەسلى يىڭجۇ (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنجۇ شەھىرى)لۇق بولۇپ، دادىسى غۇز، ئانىسى تۈرك ئىدى. تەيۋەنلىك يازغۇچى، داڭلىق تارىخچى بەي ياڭ ئەپەندى «جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم «ئەنلۇك ـ سۈيگۈن ھەربىي ئۆزگىرىشى» دېگەن بۆلىكىدە ئەنلۇكنى «ئۇ ناھايىتى مەردانە ھەم قابىلىيەتلىك سەركەردە ئىدى» دەپ يازغان. شۇنداق بولغانلىقتىن بولسا كېرەك سەركەردە ئەنلۇك تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى لۇڭجى، يەنى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولغان. تاڭ شۈەنزۇڭ پۈتكۈل مەملىكەتنى ئون ھەربىي مەھكىمىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، لەشكىرىي ھوقۇقنى ھەرقايسى ھەربىي مەھكىمە ھېراۋۇلىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەنلۇك سەركەردە پىڭلۇ، فەنياڭ، خېدۇڭ، يەنى ھازىرقى چاۋياڭ، بېيجىڭ، تەييۈەندىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ ھېراۋۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلكىدە 150 مىڭ كىشىلىك ئارىلاشما قوشۇن بولۇپ، ئاساسەن تۈركىي قەبىلىلەر ۋە قىتانلاردىن تەشكىللەنگەن باتۇر جەڭچىلەر ئىدى. ئۇ كۆپ قېتىم چاڭئەنگە كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشكەن. مۇشۇ جەرياندا ئوردىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى، ۋەزىر باشلىق مەنسەپدارلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ناھايىتى دانا پادىشاھ ئىدى. بىراق سەلتەنەت تەختىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئولتۇرغان بولغاچقا بارا ـ بارا بىخۇدلاشقان. ئۇ 61 ياشقا كىرگەن يىلى شاھزادىلىرىدىن بىرىنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئايالى ـــ 26 ياشلىق ساھىبجامال ياڭ يۈخۈەن (ياڭ گۈيفېي)نى ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالغان. ياشانغان پادىشاھ بۇ ياش ساھىبجامالغا ناھايىتى ئامراق بوپقالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساھىبجامالنىڭ نەۋرە ئاكىسى ياڭ گوجۇڭنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن، باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىمۇ مۇھىم ھوقۇقلارنى بەرگەن. ياڭ گوجۇڭ ۋەزىرلىككە ناباب، پاسىق ئادەم بولغاچقا ئوردىدا چىرىكلىكنى يامرىتىۋەتكەن. بىر قېتىم ئەنلۇك بېيجىڭدىن چاڭئەنگە خان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ياڭ گوجۇڭ ئۇنىڭدىن كۆپ پۇللۇق پارا سورىغان. ئەنلۇك بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلىۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەتمۇ بىلدۈرمىگەن. ياڭ گوجۇڭ بۇنداق كەمسىتىشكە چىدىماي ئەنلۇكنى ئۆچ ئۇجۇقتۇرۇش نىيىتىدە بولغان. شۇنىڭ بىلەن «خانغا قارشى چىقىش سۇيىقەستىدە بولغان» دېگەن بەتنامنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، پادىشاھقا كۆپ قېتىم چېقىمچىلىق قىلغان. ئەمما پادىشاھ ئىشەنمىگەن. يازغۇچى، تارىخچى بەي ياڭ ئەپەندىنىڭ «جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، ياڭ گوجۇڭ 755 ـ يىلى «مەجبۇرلاپ توپىلاڭ كۆتۈرگۈزۈش» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئەنلۇكنىڭ چاڭئەندىكى قەسرىگە ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قەسرىدىكى مۇلازىملار ۋە مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئەنلۇكنى تېرىكتۈرۈپ، تىغ تارتىشقا قىستاش ئىدى. ئەنلۇك دېگەندەكلا بۇ قىرغىنچىلىقتىن قاتتىق چۆچۈگەن ھەم غەزەپلەنگەن. ئۇ، پادىشاھقا ئەرز قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى. چۈنكى بارلىق مەلۇماتنامە ياڭ گوجۇڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەنلۇك ئىسيان كۆتۈرۈش قارارىغا كېلىپ، 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ياڭ گوجۇڭغا جازا يۈرۈشى قىلىمىز، دەپ جاكارلىغان. نەتىجىدە 755 ـ يىلى نويابىردا ئۇ قول ئاستىدىكى تۈرك سانغۇنى سۈيگۈن بىلەن بىرلىكتە ئىسيان كۆتۈرۈپ چاڭئەنگە قاراپ قوشۇن تارتقان. ياڭ گوجۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشھال بولغان. چۈنكى، ئەنلۇكنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولغان. ئۇ ئەمدى ئەنلۇكنى ئۆز يولى بىلەن بابلاپ ئۆچ ئۇجۇقتۇرغىلى بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغان. بىراق ئەنلۇكنىڭ ئارىلاشما قوشۇنى جەنۇبقا قاراپ توسالغۇسىز يۈرۈش قىلىپ، 700 كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ، خۇاڭخې ۋادىسىغا گويا كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرىدىن فېڭ چاڭچى، گاۋشەنجى، لى گۇاڭبى قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇب بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن خەۋپتە قالغان. ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشى پاتىپاراقچىلىق ـــ ۋەھىمىگە چۈشكەن. بىردىنبىر ئامال سىنىشى، شىنىشى ۋە خېنەننىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان تۇڭگۇەننى مەھكەم ساقلاش

بوپقالغان. تۈگگۈەن ئۈتكىلى قولدىن كەتسە چاڭئەننىڭ قولدىن كېتىشى بىردەملىك ئىدى. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى مىسلىسىز خەۋپتە قالغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، چارىسىز قالغان سەركەردە ـ سانغۇنلىرىغا قاراپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن. تۈگگۈەننى زادى كىممۇ مۇستەھكەم ساقلاپ تۇرالار؟ دېگەن سوئال ئۇنى قاتتىق قىينىغان. ئاخىرى ئۇ ئۈمىدىنى چاڭئەندىكى قەسىرىدە كېسىلىنى داۋالىتىۋاتقان «غەربنى تىنجىتقۇچى سەركەردە» دەپ نام ئالغان قوشۇخانغا باغلىغان.

قوشۇخان تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق سەركەردە بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى كۆسەنلىك، ئانىسى ئۇدۇنلۇق ئىدى. ئانىسى ئۇدۇندىكى كاتتا جەمەت بولغان ۋايجىرا جەمەتىدىن ئىدى. دادىسى كۆسەندىكى قوشۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇنى قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ قوشۇخان (哥舒翰) دەپ ئۇلۇغلىغان. ئۇ ناھايىتى قابىل سەركەردە بولغاچقا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭمۇ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. چىڭخەيدىكى ئۇرۇشتا تۈبۈتلەرنى قاتتىق مەغلۇب قىلىپ لىنتاۋنىڭ ئۇ تەرىپىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ شۆھرىتى ئالەمنى بىر ئالغان. چىڭخەي ۋە گەنسۇدىكى پۇقرالار قوشاق توقۇپ:

شىمال ئاسمىنىدا چاقنار ئۈكەر يۇلتۇزى،
قىلىچ ئېسىپ تۇرار بۇندا قوشۇخان ئۆزى.

تۈبۈتلەر يىلىلاقىن ھېچ كېچەلمەيدۇ،
يېتىنىپ لىنتاۋدىن ھېچ ئۆتەلمەيدۇ.

دەپ، قوشۇخاننىڭ تەڭداشسىز سەركەردە ئىكەنلىكىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۈچلۈك خانلىق بولغان تۈبۈتلەرنى باتۇرلۇق بىلەن توسۇپ تۇرۇشى تاڭ شۈەنزۇڭنى بەك خۇش قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «غەربنى تىنجىتقۇچى سەركەردە» دەپ نام بەرگەن. قىزىق يېرى شۇكى، قوشۇخان بىلەن ئەنلۇشەننىڭ مىجەزى پەقەت كېلىشمەيتتى، ئىككىسى بىر يەرگە كەلسىلا گەپ تالىشىپ قالاتتى. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇ ئىككىسىنى «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ قاراپ، دائىم ئۇلارغا ئاغا ـ ئىنى بولۇپقېلىشىڭلار دەپ نەسىھەت قىلاتتى. 752 ـ يىلى بۇ ئىككىسى تەڭلا ئوردىغا كەلگەن. بۇ چاغدا تاڭ شۈەنزۇڭ مەھرەمبېگى، ئاغۋات گاۋلىشىنى مەخسۇس ئۇلار ئۈچۈن زىياپەت ھازىرلاپ، ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇغان. قوشۇخان ئەنلۇشەندىن نەچچە ئون ياش چوڭ ئىدى. شاراب زىياپىتىدە ئەنلۇشەن قوشۇخانغا يېقىنچىلىق قىلىپ: «مېنىڭ دادام غۇز، ئانام تۈرك، سىزنىڭمۇ ئاناڭ غۇز، داداڭ تۈرك. ئىككىمىزنىڭ قېنىمىز بىر، يېقىنراق ئۆتۈشكىنىمىز ياخشى» دېگەن. قوشۇخان بۇنىڭغا جاۋابەن «قەدىمكىلەردە دالىدىكى تۈلكە ئۆز ئىنىگە قاراپ ھۇرسە، قوتۇر بولۇر، دېگەن گەپ بار» دېگەن. ئەنلۇشەن بۇنى «قوشۇخان ئۆزىنىڭ غۇز ئىكەنلىكىنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ، بىگىز بارمىقىنى قوشۇخانغا تەڭلەپ تۇرۇپ: «سەندەك ياۋايى تۈرك مۇشۇنداق دېيىشكە قانداق پېتىندىڭ؟!» دەپ تىللىغان. نەتىجىدە ئىككىسى ئەپلەشمەك تۈگۈل جېدەللىشىپ كەتكەن. كېيىن ئەنلۇشەن ۋەزىر ياڭ گوجۇڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغاندا، ياڭ گوجۇڭ قوشۇخاننىڭ مەنسەپ ـ دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرۈپ ئەنلۇشەن بىلەن روبىرو تۇرالايدىغان قىلىپ قويماقچى بولۇپ، 754 ـ يىلى ئۇنىڭ مەنسىپىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەن. كۈتمىگەن يەردىن مەي ـ شارابقا ئامراق قوشۇخان بىر قېتىم لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، شارابتىن زەھەرلەنگەنلىكى تۈپەيلى ھاممامدا يۇيۇنۇۋېتىپ ھوشىدىن كەتكەن. باشقىلار خەۋەرسىز قالغاچقا خېلىغىچە سوغۇقتا قالغان. شۇ سوغۇق تەگكەنچە قوشۇخاننىڭ بوغۇم ياللۇغى ئېغىرلاپ كەتكەن. ئامالسىزلىقتىن چاڭئەنگە قايتىپ قەسىرىدە كېسىلىنى داۋالىتىپ، تالا ـ تۈزگە چىقماي ياتقان. دەل شۇ مەزگىلدە پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى ھەربىي مەنسەپنى بېرىپ، 200 مىڭ لەشكەر بىلەن تۈگگۈەننى ساقلاشقا بۇيرۇغان. ئۆزى ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئام بەرگەن. بارلىق ئەلمىي، قەلەمىي مەنسەپدارنى شەھەر سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشقا بۇيرۇغان. قوشۇخان چاڭئەندىن چىقىپ تۈگگۈەنگە بارغىچە تىت ـ تىت بولغان پادىشاھ ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن يېڭى يېڭى مەنسەپلەرنى بەرگەن. بېرىپ ـ بېرىپ ئاخىرى ۋەزىر دەرىجىسىگە تەڭ ئالىي مەنسەپ بەرگەن.

قوشۇخان تۈگگۈەنگە بېرىش بىلەن بىر مۇشاۋىرى ئۇنىڭغا «ئەنلۇشەننىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشتىكى شوئارى ياڭ گوجۇڭنى جازالاش. دېمەك ئۇ ياڭ گوجۇڭنى يوقىتىشنى باھانە قىلغان. ئەگەر بىزدە 30 مىڭ لەشكەرنى تۈگگۈەننى ساقلاشقا قويۇپ، قالغان 170 مىڭ لەشكەر بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ، ياڭ گوجۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئەنلۇشەننىڭ چاڭئەنگە باستۇرۇپ بېرىشقا باھانىسى قالمايدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. قوشۇخان بۇ پىلانغا قايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قىلمىغان. لېكىن چېقىمچىلار بۇ مەخپىيەتلىكنى ياڭ گوجۇڭغا يەتكۈزۈپ قويغان. ياڭ گوجۇڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قورقۇپ، تاڭ شۈەنزۇڭغا

www.uyghurkitap.com

مەكتۇپ سۇنۇپ، توختىماي مەسلىھەت بېرىپ، قوشۇخاننى تۆڭگۈەننى ساقلاپ يېتىشۋەرمەي ئۆكتىلۈككە قارشى لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلغان. قوشۇخان پادىشاھقا «ئۆكتىلۈكنىڭ قوشۇنى توختىماي يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇش قىلىپ پىشىپ كەتتى. مەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان 200 مىڭ لەشكەر كۆپ يىلدىن بېرى بىر ئورۇندا تۇرۇپ مۇداپىئە كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. شۇڭا بىز مۇداپىئەدە تۇرۇپ توپىلاڭچىلارنى توسۇپ، ئىچكى قىسىمدا پارچىلىنىش كۆرۈلگەندە ھۇجۇم قىلغىنىمىز ئەۋزەل» دەپ، ئۆز پىكرىدە تۇرغان. بىراق ياڭ گوجۇڭ توختىماي كۇشكۇرتۇۋەرگەچكە ئاخىرى پادىشاھ قوشۇخانغا قوشۇننى باشلاپ ئۆكتىلۈك قوشۇنىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. 756 ـ يىلى قوشۇخان ئۆكتىلۈكنىڭ قول ئاستىدىكى ناھايىتى ھىيلىگەر بىر سانغۇننىڭ قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بەرگەن. ئۆكتىلۈكنىڭ بۇ سانغۇنى بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، بىر تەرەپتىن قېچىپ قوشۇخاننىڭ 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بىر تارچۇققا باشلاپ كىرىپ، ئۆزى ئالدى تەرەپتىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلىۋالغان. قوشۇخان جەنۇب تەرەپتە چىلىيەنشەن تېغى، شىمال تەرەپتە خۇاڭخې دەرياسى، ئالدىدىكى ئېگىزلىكتە دۈشمەن قوشۇنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن. قوشۇخان قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى، باشقا يول تۇتۇشقا كېچىككەنلىكىنى بىلىپ، سالغا ئولتۇرۇپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلغان. ئۇرۇش تولىمۇ دەھشەتلىك بولغان. قوشۇخان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، نەچچە يۈز جەۋەندازى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ قاچقان. يول ئۈستىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا قول ئاستىدىكى بىر سەركەردە ئۇنى باغلاپ ئۆكتىلۈككە ئاپىرىپ بەرگەن.

قوشۇخاننىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ لى لۇڭجى ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چاڭئەندىن 60 كىلومېتىر يىراقتىكى ما گۇيپو (شەنشىنىڭ شىپىڭ ناھىيىسىدە)غا قېچىپ بېرىۋالغان. بۇ چاغدا بارلىق بالا ـ قازانىڭ سەۋەبكارى بولغان ۋەزىر ياڭ گوجۇڭغا قارشى كەيپىيات كۈچىيىپ كەتكەن. غەزەپلەنگەن ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنى پادىشاھنىڭ ما گۇيپودىكى تۇرالغۇسىنى قورشاپ، ياڭ گوجۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى بارلىق كىشىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە خانىش ياڭ گۈيفېينىڭ چوڭ ھوقۇقىغا ئىگە ساھىبجامال ئاچا ـ سىڭىللىسىمۇ بار ئىدى. ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنىدىكىلەر ھەممە چاتاقنى تېرىغان، ئوردىنى چىرىتىۋەتكەن مۇناپىق ۋەزىر ياڭ گوجۇڭنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىڭلىسى ياڭ گۈيفېينىڭ قىساس ئېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پادىشاھ لى لۇڭجىدىن ياڭ گۈيفېينى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلغان. ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ بېسىمىغا چارىسىز قالغان پادىشاھ تاڭ شۈەنزوڭ ئامالسىز ھالدا ئامراق خانىشى ياڭ گۈيفېينى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى تۈپەيلى ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مىسلىسىز تەس كۈنگە قالغان مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، پادىشاھ لى لۇڭجى ـ تاڭ شۈەنزوڭ سەلتەنەت تەختىنى بوشىتىشنى خالىمىغان. ئوغلى لى خېڭ ياشانغان دادىسىنىڭ بۇ قەدەر ئۆزىنى بىلمەسلىكىگە چىداپ تۇرالماي، چاڭئەننىڭ 500 كىلومېتىر غەربىدىكى لىڭۇۋ(نىڭشيانىڭ لىڭۇۋ ناھىيىسى)غا بېرىپ شىمالىي ئايماق لەشكەرلىرىنىڭ ھىراۋۇلى، سەركەردە گاۋ زىيى بىلەن بىرلىكتە قالدۇق قوشۇنلارنى توپلاشقا كىرىشكەن. 756 ـ يىلى نويابىردا ئۇ لىڭۇۋدا ئۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى جاكارلىغان. لى خېڭنىڭ سەلتەنەتتىكى نامى تاڭ سۇزۇڭ دەپ ئاتالغان. ئۇ چېڭدۇغا قېچىپ بېرىۋالغان دادىسى لى لۇڭجىنى شاھەنشاھ دەپ جاكارلىغان. بۇ چاغدا ئۆكتىلۈك قوشۇنى غەربىي ئاستانە چاڭئەننى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ، ئۆكتىلۈك ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىغان. پۇقرالار جېنىنى ئېلىپ قاچ ـ قاچقا چۈشكەن. «تەيپىڭ يازمىلىرى» دېگەن كىتابتا «تيەنباۋنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئەن لۇشەن توپىلاڭ چىقاردى، ئوتتۇرا ئىقلىم داڭقاندەك قايىندى، كىشىلەر جەنۇبقا قاراپ قاچتى» دېيىلگەن. ئۇرۇش خانىۋەيرانچىلىقى ئىچىدە جەنۇبقا قاراپ قاچقان ئاشۇ يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ ئاۋام ـ پۇقرا ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ئۈچ شائىرنىڭ بىرى بولغان دۇفۇ(712 ـ 770)مۇ بار ئىدى. ئۇ «يۈرەك سۆزۈم» دېگەن شېئىرىدا بۇنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

*يار كېلىپ باسقاندا يېرنى ئوت ـ گىياھ،*
*يول ئېلىپ قاچتىم بىردەم مەغرىب تامان.*

*يۇتتا كىندىر كىش، ئۇچام جۇل ـ جۇل ئىدى،*
*قىلدى قوبۇل مېنى شۇ تۇرقۇمدا خان.*

*ئوردا ھەم دوستلار ئىچىندى ماڭا بەك،*
*كىرىپتۇ دەپ گۇر ئاغزىدىن ئېسەن ـ ئامان.*

شائىر دۇفۇ ئىنتايىن خەلقپەرۋەر روھقا، ھەم رېئال، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىغا ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆكتىلۈك ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، شۇ چاغدىكى تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان

ئورغۇن شېئىر يازغان. كېيىنكىلەر دۇفۇنىڭ بۇ خىلدىكى شېئىرلىرىنى تەرىپلەپ «شېئىرىي تارىخ» دەپ ئاتاشقان. ئۇ چاڭئەن شەھىرى قولدىن كەتكەندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن «ماكانسىز قالغاندىكى جۇدالىق»، «پالاق ئۇرۇپ خەنياڭغا بېرىش» دېگەن شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

تېرىنىلىق يىلى ئۈچلۈك- سۈيگۈن غوۋغا بېرىپتى،
چوڭ- كىچىكلەر بىئاراپ ھەريان قېچىپ كېتىپتى.

مەملىكەتنى يۈز ئۈيلۈكتىن قالماي بېرى،
باغۋارانىنى خوخا- ياتلاق بېسىپ كېتىپتى.

ھاياتلارنىڭ تىنى- دېرىكى بولماي تۈگەل،
ئۆلگەنلەرمۇ يەر تەكتىدە چېرىپ كېتىپتى.

قوشۇنىمىز جەڭدە بولۇپ تېرىپېرەن،
شۇ قاچقاندا قەدىمىم ئۆز يۇرتقا يېتىپتى.

يىغا- جېدەل قاينىپ كېتىپتى يۇرتۇڭ ئىلدە،
نەگە بارساڭ يول- جىلغىلار تىنىق- تۇمانلىق.

تەن- جەسەتلەر دۆۋە- دۆۋە، گىياھ بوستانلىق،
قىلىن ئالىمىغان يا تۇزلۇق يوق، يا تۇقاپىلىق.

نە ھاياتلىق قالدى بۇندا، ھەممىسى كېتىپ ئۆچۈپ،
ئۆزئانىغلى جىغلىس بىرمەرسى يالتىدۇ قورقۇپ مۆكۈپ.
قالدى كىشىنىپ ئوتتۇرا ئىقلىمدا روھلارنىڭ ئىنتى،
قانچە كۆز تىكسەڭ يىراققا كۆرۈنمەس گىياھى- چۆپ.

بۇ سىبىرىق بىلىش دى قۇۋىنىڭ پەرزەنتلىرى
غەربىي قاناتىن كېلىپ قىلدى بىلاكىندە تەجەپ.
ئاتلىق مىنىشىم تۈپ بولۇپ، غۇي قىلىپ ئۆتتىر ئۆيلەن،
تەگرى يادىن ئوق ئۈزەر، تۇرار قىلىچلارنى بىلىپ.

قالمىدى بۇ قىشلىقنى ئون ئۆيدە بىرمۇ يالىڭ يىگىت،
ئاتىسى قىلىن چىنتلىغ يېرىدە سۇ بولۇپ دولقۇنلىنىپ.
بىيىلىك ۋادا ياتار تىنماس، يوق جەڭدىن دېرەك،
چۈنكى قىرىق مىڭ لەشكەر بىر كۈن ئىچىدە كېتىپ ئۆلۈپ.

تاڭ سۇلالىسى ئىككى پايتەختتىن ئايرىلىپ، قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، خەلق خانىۋەيران كۆزىنگە قىلىپ، ئىسيانچىلارنىڭ ئاتامانى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان مۇشۇنداق شارائىتتا، تاڭ سۇلالىسى ئىسمى بارۇ جىسمى يوق ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ سۇلالىسى ئېغىر ھالدا قالغان مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قوشنىخاندىن قۇتۇلغان تۇبۇتلەر پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ گەنسۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ زېمىن ئىگىلىۋېلىش كويىغا كىرگەن. تاڭ سۇلالىسى قاتمۇ قات قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ تولىمۇ ئېغىر كۈنگە قالغاندا، يېڭىدىن خانلىق تەختىگە چىققان پادىشاھ لى خېڭ ۋەزىيەتنى ئۇڭشاش ئۈمىدىنى سەددىچىنىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر خانلىقىغا باغلاپ، نائىلاج ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى مويۇنچۇردىن ھەربىي ياردەم سوراپ گوزىبى باشلىق ئىككى سەركەردىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. تارىخچى گۇمىلېۋنىڭ «قەدىمكى تۈركلەر» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، «مويۇنچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى گوزىينى ئاۋۋال بورە باشلىق بايراققا تەزىم قىلدۇرۇپ، ئۇشبۇ مۇراسىمنى بېجىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغان.» نەتىجىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا «شەھەر- يۇرتلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، يەر- زېمىن بىلەن پۇقرالار تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئالتۇن- كۈمۈش بىلەن يىپەك- شايىلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ» دەپ كېلىشىم تۈزۈلگەن ھەم «تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇر خانلىقىغا 20 مىڭ توپ يىپەك مال سوۋغا بېرىش، ھەم ئۇيغۇر ئاتلىرىنى سېتىۋېلىش» دېگەن مەزمۇندىكى سودا توختامنامىسىمۇ تۈزۈلگەن. كېلىشىم بويىچە مويۇنچۇر قاغان چوڭ ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ بىلەن ۋەزىر دىدې (دەدە) باشچىلىقىدا 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق لەشكەرنى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئۇلارنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققان پادىشاھى تاڭ سۇزۇڭ ئۆزى كۈتۈۋالغان. تاڭ سۇزۇڭ شۇ يەردىلا ئوغلى لى يۈنى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ بىلەن ئاكا- ئۇكا بولۇشقا دالالەت قىلغان. ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى سەركەردە گوزىينىڭ قوشۇنى بىلەن 757- يىلى پايتەخت چاڭئەننىڭ غەربىدىكى فېڭشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئۆڭلۈكنىڭ ئىسيانچى قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا ھازىرلانغان. ئۆڭلۈكنىڭ ئىككى سەركەردىسى 100 مىڭ كىشىلىك لەشكىرى بىلەن شىمال تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇراتتى. سەركەردە گوزىبى باشچىلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سېپى 30 چاقىرىمغا سوزۇلغانىدى.

دەسلەپ ئۆگلۈك قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى لى گۇيرېن ھەيۋە بىلەن كېلىپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئەنسىزلىك پەيدا قىلغان. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە «ئۇيغۇر قوشۇنى تۇيۇقسىز ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ قاراقچىلار قوشۇنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان. چۈشتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە قاراقچىلاردىن 60 مىڭى ئۆلتۈرۈلگەن»(ليۇزىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1. قىسىم 1. كىتاب 101 ـ بەت). بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ شەنشى تەۋەسىدىكى كۈچى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئاتىۋالغان ئۆگلۈكنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بوپقالغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن جىلىخور بوپقالغان. كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ تىرىكىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان مۇتىھەم ئادەتكە كۆنۈۋالغان. بىر قېتىم ئوغلى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ ئۇ ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئوغلى ئەن چىڭشۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. فېڭشۇي دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇشتا ئۆگلۈك قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چاڭئەننى تاشلاپ لوياڭغا قاچقان. توپىلاڭچىلارنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە مەغلۇپ بولۇپ چاڭئەننى تاشلاپ قېچىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرىنى قاتتىق شادلاندۇرۇۋەتكەن. شائىر دۇفۇ بۇ چاغدا «شىمالغا سەپەر» دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ئاتاپ مۇنداق مىسرالارنى پۈتكەن:

كېيىنۇ بەش مىڭ لەشكىرى سەپ ـ سەپ بولۇپ،
بىر تۈمەنچە ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ.

لەشكىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار شەكىل،
يالۇ سېيگە ئوقسىمان ئۇچار شەكىل.

شاھ ئۇسىدىنى ئۇلارغا باغلىدى،
باشقىچە گۈيكە قۇلاقنۇ سالىدى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى باشتا تۈزۈشكەن كېلىشىمدىكى شەرت بويىچە چاڭئەن شەھىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماقچى بولغاندا، پادىشاھنىڭ ئۇيغۇر شاھزادىسى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقان ئوغلى لى يۇ شەرقىي ئاستانە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا ياردەم قىلىپ، ئاندىن ئىككى ئاستانىنى خالىغانچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋېلىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەن.

شائىر دۇفۇ گەرچە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى كېلىشىمدىن خەۋەرسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىنى تازا خالىمىغان. ئۇ بۇ ئەندىشىلىك ھېسسىياتىنى تۆۋەندىكى مىسرالارغا پۈتكەن:

بىزگە شەھەركىلىككە خال مايىل شەكىل،
ئات سىنىشكە لەشكىرى قابىل شەكىل.

بىلسىمۇ ئۇلارنى دەپ مىڭ قىيسىران،
قانچە ئاز كەلتۈرسە شۇزەل بىگۇمان.

ئالقىلى لوياڭنى كۈچ كەتمەس ئىدى،
بەلكى چاڭئەنگە ھۇجۇملا بەس ئىدى.

ئەمەلدىكى ئۇرۇش شەرقىي ئاستانە لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشى ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇھىم ھەربىي بازا شىندىيەن قەلئەسىدە بولغان. ئۆگلۈكنىڭ ئوغلى ئەن چىڭشۇ بۇ يەردە 100 مىڭ كىشىلىك لەشكەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇماقچى بولغان. تارىخچى ليۇزىشاۋ ئەپەندى «ئۇيغۇر تارىخى»ناملىق كىتابىدا «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى» ناملىق مەشھۇر كىتابنىڭ 220 ـ جىلدىدە قالدۇرۇلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدىكى مۇنۇ خاتىرىنى نەقىل ئالغان: «گوزىيى سەردارلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى شىندىيەندە باندىتلار بىلەن ئۇچراشقاندا، باندىتلار تاغ بويىدا سەپ تۈزگەنىدى. گوزىيى دەسلەپكى ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. باندىتلار تاغدىن چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇيغۇرلار تاغنىڭ جەنۇبىدىن باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاھاننى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا، باندىتلارغا قارىتىپ يادىن ئون نەچچە تال ئوق ئۈزگەندىن كېيىن، باندىتلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ‹ئۇيغۇرلار كەلدى› دەپ چۇقان سېلىشىپ تىرىپىرەن بوپكەتتى. پادىشاھلىق قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلار باندىتلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. دۈشمەن جەسەتلىرى پۈتكۈل دالانى قاپلاپ كەتتى.» بۇ قېتىمقى ئەجەللىك زەربە ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسى لوياڭنى قايتۇرۇۋالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەمگە كەلگەن 4000 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقى نەتىجىسىدە 20 كۈندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى پايتەختى قايتۇرۇۋېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىپ نەزمە، مەكتۇپلار پۈتۈشكەن. تارىخچى ليۇزىشاۋ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»ناملىق كىتابىدا «يېڭى تاڭنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ 217 ـ جىلدىدىن ئېلىنغان مۇنداق ئىككى كۇپلېت شېئىر مىسال قىلىنغان:

خەۋپ-خەتەر كەلگەندە باشقا بولدى ھەمدەم ھېچ نېمەت،
جەڭدە كۆرسەتتى جاسارەت، تۆھپىسى بولدى بىبەھا.
گەرچە تۇرسالغۇ يىراقتا كۆڭلىمىز رىشتى تۇتاش،
تا شۇ زامىدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بونداق سۆيەت.

بىز ئۈچۈن جەڭگە جاپا شەرتسىز كىرىپ كۆكرەكنى كەرلەك،
ئالەمدى ئارتۇق نىسبەتە خىزمىتى ئۈچۈن بەرقەت.
ئاي بىلەن كۈنگە ئۇلارنى بولدۇ تەڭلەشتۈرۈپ،
ياشىغاي يېزىلىقى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەبەد.

تارىخچى لىن گەن، گاۋزىخۇ ئەپەندىلەر يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق كىتابتا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر قاغانىنىڭ شاھزادىسى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى مەدھىيىلەپ «تاڭ يارلىقلىرى» توپلىمىغا پۈتۈلگەن تۆۋەندىكى قەسىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن:

قەددى-قامەتتە كېلىشكەن، يارائەتتە تەڭداشسىز،
ۋەدىسىدىن يانمايدىغان ئۇيغۇر قاغانى يابغۇ.
تۈمەنلىگەن ياۋ ئۈستىدىن كەلدى غالىب،
شۇڭا ئۇ بەگلەر سەردارى بولۇشقا لايىق...
ئۇ يەرم-يارائەت بىلەن ئاتالاندى جەڭگە،
قىلدى ئۇن مىڭ جەڭچىسى مۇساپە يىراقتا، قىلدى شىددەتلىك يۈرۈش.
توختىماي يۈرگەچكە ئۇنچە جاسارەت بىلەن،
ياندى قولغا يىگىرمە كۈندە ئىككى پايتەختىمىز...
ئاي-كۈن كەبى ئۆچمەس تۆھپىسى ئۇنچە نۇرانە،
ياشىغاي يېزىلىقى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تائەبەد.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئىككى خانلىقنىڭ ھەمكارلىق، دوستلۇق تارىخىغا زور تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئەمما، ئاخىردا يەنە ئەپسۇسلىنارلىق بىر سەھىپىنىمۇ قالدۇرغان. ئۇلار بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكنى پەيدا قىلىشتا باشتا تۈزۈشكەن كېلىشىمدىكى شەرتكە ئېسىلىۋېلىشقان. ئۇلار كېلىشىم بويىچە «شەھەر- يۇرتلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن يەر- زېمىن بىلەن پۇقرالار تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئالتۇن- كۈمۈش بىلەن يىپەك- شايىلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ(«ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»دىن ئېلىندى) دەپ قاراپ چاڭئەن بىلەن لوياڭ شەھىرىنى ئۈچ كېچە- كۈندۈز بۇلاڭ- تالاڭ قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كۆرمەسكە سالغان. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن شائىر دۇفۇ چەكتىن ئاشقان بۇ قىلمىشقا نەپرەتلىنىپ مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

«ئۆزۈملۈك ئايۋان- سارايلار ئىچىدە
گۆش يېيەكتە ئۇيغۇرلار بەزمە قۇرۇپ.»

«ئاخىرى نەشتەر سانجىيدىغان زەھەرلىك ھەرە»

«تا قەدىم شىيام بۇلار ئايەت ئىدى،
شائىرلارنىڭ يازغىنى نەپرەت ئىدى.»

«غوز دېگەن بۇ بىر نېمىلەرنى يېقىن تۇتساڭ ئەگەر،
بول يىراقتا، بېرىش- كېلىشتە چەكلەر خەتەر.»

«يېنىمىزدا بار ئىكەن ئۇلار ھامان،
تۈگىمەيدۇ دەرد- ئەلەم، دىلدا پىغان.»

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى چاڭئەن، لوياڭلارنى ھەددى ھېسابسىز بۇلاڭ- تالاڭ قىلغاچقا «شەھەر ئاقساقاللىرى ئۇيغۇر لەشكەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ: تەرتىپسىزلىك توختىتىلسا، سىلەرگە لازىم بولىدىغان يىپەك رەختلەرنى بىزلا بېرەيلى، دەپ ئۇرغۇن نەرسىنى سوۋغا قىلغان.» پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكەر چىقىرىپ تۆھپىلەرنى تىنجىتىپ بەرگىنىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن 758- يىلى يەزمان چىقىرىپ موyۇنچۇر قاغانغا «تەڭرىدىن بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» (تەڭرى تەرىپىدىن ئولتۇرغۇزۇلغان، دۆلەتنى تەشكىللىگەن دانىشمەن قاغان) دېگەن ئاتاقنى بەرگەن. كىچىك قىزىغا «نىڭگو مەلىكە—宁国公主» (دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى مەلىكە) دەپ نام بېرىپ، موyۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى «كىچىك نىڭگو مەلىكە» دەپ نام بېرىپ موyۇنچۇر قاغانىنىڭ ئوغلى، ياردەمچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇغا ياتلىق قىلغان. «سۈي- تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتابتا «كونا تاڭنامە» 195- جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىن ئېلىنغان نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭ زىياپەتتە تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى يۈز تۇرانە مەدھىيىلەپ: خانلىقىمىزدا مۇشۇنداق زور ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى پۈتۈنلەي سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ پىدائىيلارچە كۈچ چىقارغانلىقىڭلاردىن بولدى. ئۇيغۇر يابغۇسى جاپالىق شارائىتتا تۆھپە يارىتىپ قوشنا ئەلنى مەردلىك بىلەن ساقلاپ قالدى. ئارىمىزدا ھازىرغىچە بۇنداق ئىشنى بىراۋ ئاڭلاپ باققان ئەمەس... ئۇيغۇر يابغۇسى تالانتتا تەڭداشسىز، مەرتىۋىدە ئەڭ ئۈستۈن تۇرغۇسىدۇر. جاھان بۇزۇلۇپ، يامانلىق ئەۋج ئالغان، ئوتتۇرا ئىقلىم قولىمىزدىن كېتىش

ئالدىدا تۇرغان بىر پەيتتە خاقانىمىز قوشۇن تارتىپ چىقىپ، يەم ـ پاراسەت بىلەن ياۋۇز دۈشمەنلەرنى جازالىدى. بىرلا غەيرەت بىلەن تۈمەن چاقىرىملاپ جاينى تازىلاپ، 20 كۈن ئىچىدە ئىككى پايتەختنى قايتۇرۇۋالدى» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن. پادىشاھ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا قوشۇپ ئورغۇن زىبۇ ـ زىننەت، تاۋار ـ دۇردۇندىن تىكىلگەن ھەرخىل كىيىم ـ كېچەك سوۋغا قىلغان. نەۋرە ئىنىسى لى يۇ بىلەن جىيەنى لى شۇننى مويۇنچۇر قاغانغا نام بەرگۈچى ئەلچى، نىڭگو مەلىكىنىڭ توي مۇراسىم بېگى قىلىپ تەيىنلەپ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر ئۆمىكى سەپەرگە چىققاندا تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۇزىتىلغان. لى يۇ قاتارلىقلار ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، كېلىنچەك بىلەن تالاي سوۋغا ـ سالامنى ئېلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىققا يېتىپ بارغاندا، دەسلەپ مويۇنچۇر قاغان ئۆز تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان. كېيىن ئەلچىلەر تاڭ سۇزۇڭنىڭ مەكتۇپىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، مەكتۇپتىكى «ساداقىتىڭىزگە تەشەككۇر ئېيتىش ئۈچۈن سۇلالىمىزنىڭ مەلىكىسىنى ياتلىق قىلدۇق. مەن ئۆز قىزىمنى يىراق تامانغا ياتلىق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىمنى ئىزھار قىلدىم. ئۇ چەت ـ يىراق يۇرتقا باردۇ، ئۇنى قەدىرلىگەيسىز...» دېگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتكەن. ئىككىنچى كۈنى چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ نىڭگو مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان. سوغدىلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن ھۈنەرۋەنلەرگە سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق دېگەن شەھەرنى سېلىشقا بۇيرۇق بەرگەن. مويۇنچۇر قاغان بۇ تارىخي ۋەقەلەرنى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق خاتىرىلەتكەن: «توخۇ يىلى(757 ـ يىل)دا ... ئىككى قىزىنى (سوۋغات قىلىپ) بەردى. سۆزىڭىزنى يىرماي دېدى، خاتا ئىش قىلماي دېدى... سوغدىلار ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم...»

«تاڭ دۆلىتىگە ئەمىنلىك ئېلىپ كەلگۈچى مەلىكىلەر» دەپ ئاتالغان چوڭ ـ كىچىك نىڭگو مەلىكىلەر مويۇنچۇر ئاتا ـ بالىغا ياتلىق بولۇپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر يىل بولار ـ بولمايلا دادا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا ئېغىر زىددىيەت كۆرۈلۈپ، مويۇنچۇر قاغان ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇنى نامەلۇم سەۋەب تۈپەيلى جازالاپ ئۆلتۈرگەن. ئۆزىمۇ ئارقىدىنلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان. مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدىگەن مويۇي «بۆگۈ قاغان» دېگەن نام بىلەن 759 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرۇپ، 779 ـ يىلغىچە دەۋران سۈرگەن.

ئاجايىپ قىزىقارلىق ھەم مۇرەككەپ سۇژېتقا ئىگە كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئىشلەشكە، تراگېدىيىلىك مەزمۇنغا ئىگە رومان ـ قىسسىلەرنى يېزىشقا ماتېرىيال بولىدىغان بۇ ۋەقە ـ ھادىسىلەر دەل پورباجىن قەلئەسىنىڭ ياسىلىشىدىكى سىرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

روسىيىلىك ئارخېئولوگلار قىدىرىپ تاپقان تېپىلمىلار ۋە ئۈچ پارچە تاش پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى تەتقىق قىلىنىپ كىتاب بولۇپ چىققاندىن كېيىن، پورباجىندىن ئىبارەت بۇ لاي قەلئەنىڭ سىرى تېخىمۇ روشەن ئېچىلغۇسى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.

2. «تۈركىيلەر ۋەتىنى» (رۇسچە)، ئالمۇتا 2004 ـ يىل نەشرى.

3. ل. ن. گۇمىلېۋ (روسىيە): «قەدىمكى تۈركلەر » (ئۆزبېكچە)، تاشكەنت پەن نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى.

4. ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى.

5. بەي ياڭ (تەيۋەن): «جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىخ تېزىسى»، «دەۋر» ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى.

6. ليۇزىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل نەشرى.

7. «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى.

8. لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى.

9. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى.

10. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىددىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل نەشرى.

11. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ (قوشما) سان.


12. «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىدىن 300»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

13. ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي: «سۈي ـ تاڭ سۇلالىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل نەشرى.

---

ئاپتور: ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى (M1)

www.uyghurkitap.com




# ئاھ كاشغەر، ئەزىز كاشغەر

(ساياھەتنامە)

## 1. كاشغەرگە مۇھەببەت

2008 - يىلى 27 - ئىيۇن، دىيارى كاشغەرنىڭ تۇتىيا تۇپرىقىغا قايتا پېشانە قويدۇم. بۇ، نەچچىنچى قېتىملىقى؟ ئەس ئەسلەشكە ئاجىز، سانسىز قېتىمنىڭ ئەڭ كېيىنكىسى بولۇشى مۇمكىن. سانسىزنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس.

جان جانان ئالدىدا تۇرغان كەبى جانسىز، دىل دىلدار ئالدىدا تۇرغان كەبى دىرىلدەپ تىترەيدۇ. كۆڭۈل كۆيۈپ - كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ، ھوش ھوشىدىن كەتكەن كەبى ھوشسىز، ئەقىل ئەقلىدىن ئازغان كەبى، تىل تىلىدىن قالغان كەبى... ۋۇجۇدى پۈتۈنگە، كۆڭۈلۈ - كۆكسۈمگە بىرلا ھالىتى

**كۆڭۈل ئىزھارى**

مۇقەددەس ھۆكۈمران: ئىشق، ئىشق، ئىشق! ئىشقىڭدا ئاشىقمەن، ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن، ئىشقىڭدا سەرسانۇ سارائىمەن، كاشغەر! ئاشىقى بىقارارلىرىڭنىڭ كەنجىسىمەن، قەدىم كاشغەر؛ ئوتۇڭدا كۆيگۈچىلەرنىڭ، سۆيۈڭدە ئاققۇچىلارنىڭ، شادلىقىڭغا كۈلگۈچىلەرنىڭ، دەردىڭگە يىغلىغۇچىلارنىڭ، دىدارىڭغا دىل بەرگۈچىلەرنىڭ، تەۋسىپىڭگە تىل سوزغۇچىلارنىڭ كەنجىسىمەن، ئەزىزىم كاشغەر! مەدھىيە دۇردانىلىرىدىن ماڭا نىمە ئېشىپ قالدى؟ ئۇلۇغ مەھمۇد قەغەزگە چۈشۈرگەن، ئۇلۇغ يۇسۇپ ۋە يۈكنەكى ئىشلەتكەن گەۋھەرىي دۇرلەر شانۇ - شەۋكىتىڭنى ئىپادىلىيەلەرمۇ؟ سۆۋلەتۇ - سالاپىتىڭنى سۈپەتلىيەلەرمۇ؟

«ئۇد، ئەنبەر تۈپرىقىدۇر، ئابىي كەۋسەردۇر سۈيى،

دۇررى مارجان تاشلىرىدۇر كۆھسارىي كاشغەر.»

دەپ كۈيلىگىنىدە، گۇمانىم تەۋسىپىڭنىڭ مىڭدىن بىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدىمۇ؟

«ئەگەر رەشك ئىلسە مىلى شەرب يۇرتىدىكى كەشىم،
مۇشۇ تۇپراق — ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.
كۆڭۈل مۇلكىدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلاق،
قەسەملەرىم ئۈچۈن مەسكەن سېنىڭ تۇلەس گۈزاھىمدۇر.»

دەپ يازغىنىدا، ئۆتكۈر ئەپەندى ئىزھارىي كۆڭلىنى تولۇق يەتكۈزەلمەي مىسكىنلىك دېڭىزلىرىغا غەرق بولدىمىكىن؟

يەنە كىمدىن مىسال ئالاي؟ سۆز ـ گۇفتە كانىنىڭ پىرى ـ كامىللىرى تەۋسىپىگە ئاز كەلگەن يەردە، پېقىر بىچارىگە دۇدۇقلىماقتىن ئۆزگە نە ئىلاج؟ گۈزەل ـ ئاۋاتلىقىڭ ئالدىدا بوستانىم، گۈلزارىم، گۈلىستانىم، لالىزارىم، چىمەنزارىم سۆزلىرى نېمىدېگەن كۈچسىز؟ كەڭ، بىپايان، ئازادە سۆزلىرى پايانىڭنى بايانغا يەتكۈزەلەرمۇ؟ قەنت ـ ناۋات، شېكەر، ھەسەل ئوخشاتمىلىرى لەۋەنلىكىڭنى ئىپادىلەپ بېرەرمۇ؟ ئەزىز، ئۇلۇغ ـ بۈيۈك، كاتتا، تەڭداشسىز سۆزلىرى شانۇ ـ شەۋكىتىڭنى سۈپەتلەپ بېرەلەرمۇ؟ ياق، مىڭ قەتلە ياق! سۈپەت ـ سالاپىتىڭنى، گۈزەل ـ ئاۋاتلىقىڭنى، لەۋەن ـ ناۋاتلىقىڭنى سۆز ـ گۇفتە بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. سۆز ـ گۇفتە ئاجىز ۋە بىچارىدۇر. كۆزلىرىمچۇ؟ ئەي كاشغەرىم، كۆزلىرىمگە قارا. «كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى.» كۆز نۇرلىرىم ئىشقىم ھارارىتىنى يەتكۈزەلىدىمۇ؟ ۋىسال ھاياجىنى قارىچۇقۇمنى نەمدىدى. ئۇ يەردە نېپىز بىر قەۋەت پەردە ھاسىل بولغاندۇ. پەردە ئىشقىم ھارارىتىنى توسۇپ قالغان بولسا، مېنى كەچۈر! ساڭا بولغان مېھرىمنى ئىپادىلەشتە كۆزۈممۇ ئاجىز ۋە بىچارە ئىكەن... ھەرىكىتىمچۇ؟ يۈرىكىم دۈپۈلدىمەكتە، تومۇردىكى قانلىرىم «تۇمەن» ۋە «قىزىل»نىڭ سۈيىدەك كۆۋەجەپ ئاقماقتا. تۇتىيا تۇپرىقىڭغا تىزلاندىم، پېشانەمنى قويدۇم، ئۇنى كۆكسۈمگە چىڭ باستىم. تىترىگەن لەۋلىرىم بىلەن ئىسسىق تۇپرىقىڭنى سۆيدۈم. ئەزىز كاشغەرىم، يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئاشۇ دۈپۈلدەش ساڭا بولغان ئىشقىمنىڭ ساداسىدۇر.

## 2. كاشغەردە ساياھەت

سەيلىگاھىمسەن، كاشغەر — چاھارباغىم، نە چاھارباغكى، تۈمەن باغۇ ـ بوستانىم، چىمەنزارۇ ـ گۈلىستانىمسەن، كاشغەر.

سەيلە ـ ساياھەتچى ئىكەنلىكىمنى سەزگىنىمدە سەيلە ـ ساياھەت نۇقتىلىرىغا تەكلىپ ئەتتىڭ، دەۋر مودىسى شۇ تۇرسا نە ئەجەبلەنمەك؟ ۋەھكى، باغدىن بوستاننى، گۈلىستاندىن گۈلزارنى، چىمەنزاردىن لالىزارنى ئايرىماق مۇمكىن بولسا؟! نۇقتىدىن نۇقتىنى ئايرىشقا ئورۇنماق بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ سەيلە ـ ساياھەتلىرىم ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغان. قاغىلىق، پوسكام، ياركەند، يېڭىھىسار بوستانلىقلىرىدىن ئۆتكىنىمدىلا باغ ئارىلاپ، چىمەنزار ئارىلاپ ماڭغىنىم ئېسىمدە؛ ئىپارۇ ـ ئەنبەردەك خۇشپۇراقلاردىن دىماقلىرىم راھەتلەنگىنى ئېسىمدە؛ تورغاي ـ كاككۇكلارنىڭ، بۇلبۇل ـ كۆكتالغۇلارنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سالغىنىم ئېسىمدە؛ كۆزۈم كۆرۈپ، كۆڭلۈم كۈلۈپ قانمىغانلىرى ئېسىمدە. ساياھەتگاھتىن سەيلە نۇقتىسى ئىزدەش نېمىگە كېرەك؟ شۇنداقتىمۇ جاھانغا مەشھۇر ھېيتگاھ جامەسىدە، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىدا، مەھمۇد كاشغەرىي بۇلاقلىرىدا، سۇلتان ساتۇق ئەنجۇرزارلىرىدا بولدۇم. سەيلە ـ ساياھەتنى قەبرىگاھۇ ـ گۆرىستانغا يۆتكىمەك كىمنىڭ كەشپىياتى؟ چۈشەندىم، سەن تاۋاپگاھسەن، كاشغەر؛ سەن ماڭا تاۋاپنى ئەسلەتمەكچىسەن. سېنىڭ ھەر يول ـ كوچاڭ، ھەر كۆۋرۈك ـ دوقمۇشۇڭ، ھەرغېرىچ تۇپرىقىڭ، ھەر چىمدىم توپاڭ، ھەر تۈپ گىياھىڭ تاۋاپگاھدۇر، كاشغەر، تاۋاپگاھىم...

سەككىز كۈن ئىچىدە شانۇ ـ شاۋكەتلىك بۈزرۈكلەرنىڭ قەبرىگاھۇ ـ گۈمبەزلىرىدە تاۋاپتا بولدۇم؛ شانلىق ئەمگەكلىرى بىلەن ياشاۋاتقان شۆھرەتلىك يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئۆيلىرىدە تاۋاپتا بولدۇم؛ قولى گۈل باغۋەنلەرنىڭ باغلىرىدا تاۋاپتا بولدۇم؛ چېۋەر ئۇستا ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانۇ ـ ئۇستىخانىلىرىدا تاۋاپتا بولدۇم؛ ساۋاقداشلارنىڭ مېھرى ئىسسىق ئۆيلىرى ۋە سالقىن باغلىرىدا تاۋاپتا بولدۇم؛ دوستلارنىڭ ساداقەتمەن كۆڭۈللىرىدە تاۋاپتا بولدۇم... پەيزاۋاتنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا 82 ياشلىق ئابدۇۋاھىد ئاخۇن قوغۇنچىنىڭ قوغۇنلۇقىغا تاۋاپ قىلغىنىم تاۋاپلىرىمنىڭ ئەۋجى بولدى. پەيزاۋاتتا دەم ئېلىشقا چىققان «خەت كەپتىرى» ئاغىنەم ئابلىمىت تالىپنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى سىقىشقا مۇيەسسەر بولغىنىم تاۋاپلىرىمنىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسى بولدى. گۈللۈك يېزىسى بىلەن ناھىيە بازىرى ئارىسىدىكى سەپەردە، ئوت كەتكەن ئۆينى كۆرۈپ ئۆزىنى ماشىنىدىن ئاتقان، ناتونۇش ئادەمنىڭ بىساتىنى يۇتۇپ كېتىۋاتقان ئوت ئەجدىھاسىغا سۇلار چاچقان شاگىرتلىرىمنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي بالاغەت ۋە ياشلىق شىجائىتىگە تاۋاپ ئەيلىگۈم كەلدى. پەيزاۋاتتىكى قەلەمكەشلەر ھۇزۇرىغا تاۋاپ قىلغىنىم ھەرگىز ئاخىرقىسى ئەمەس... تاۋاپلىرىمنىڭ پايانى بارمۇ؟ يوق. باغرىڭ پايانسىز، كۆڭلۈڭ پايانسىز، خىسلەتلىرىڭ پايانسىز، ھىممەتلىرىڭ پايانسىز تۇرسا، تاۋاپلىرىم قانداقچە پايان تاپسۇن؟ يەنە سېنى گۈللەتكەن «تۈمەن» ۋە «قىزىل»غا، ساڭا سۇ يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاھۇ كۆز بۇلاقلارغا، كۈمۈش چوققىلىق تاغلارغا، ساڭا ساپ ھاۋا يەتكۈزۈپ بەرگەن مەيىن سالقىن شاماللارغا تاۋاپ قىلىشىم كېرەك. قۇچاغىڭدىمەن، تاۋاپلىرىم مەڭگۈ ئاخىرلاشماس!

تاۋاپچىنىڭ نەزىرى سەزدىكى: كۆپ ئۆزگىرىپسەن، كاشغەر، بويۇڭ ئۆسۈپ كۆك تامان سوزۇلۇپ كىرگەندەك، سەمرىپ ئەتراپقا كېڭەيگەندەك، زىچلىشىپ ئەتراپقا پاتماي قالغاندەك،

يورۇپ كۈن پاتماي قالغاندەك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە گۈركىرەك ئاۋازى تىنماي قالغاندەك تەسىرات بەرگىنىڭ شۇنىڭدىن. ئىسمىڭمۇ ئۆزگىرىپتۇ، كاشغەردىن قەشقەرگە، قاشقاغا، خاشگارغا، خاشغا ئۆزگىرىپتۇ. كۆپ ئىسسىق ئىكەنسەن، كاشغەر. ئاڭلىسام، ئون كۈنچە ئىلگىرى، قۇياشتىن تۇتاشتۇرغان ئولىمپىك مەشئىلى ساڭا تاۋاپقا كەپتۇ ۋە سەندىن يەنە ئۇزاقلارغا ئۇزىتىلىپتۇ. ئىسسىپ كېتىشىڭ ئەشۇ مۇقەددەس مەشئەل ھارارىتىدىنمۇ؟ ساڭا تاۋاپقا كەلگەن مۇقەددەس ئوت قەلبىڭگە يالقۇنلار تۇتاشتۇردىمۇ؟ ھەممە سېنىڭ تاۋاپىڭدا، مۇقەددەس ئوت، مۇقەددەس ئارزۇ، مۇقەددەس ئىنتىلىش، ئاھ، كاشغەر!

## 3. كاشغەردە كارامەت

يولچىمەن، قارارگاھىمسەن؛ ھېرىپ- چارچىغۇچىمەن، ئارامگاھىمسەن؛ مېھمانىمەن، ساھىبخانىمسەن؛ غېرىبىمەن، پاناھگاھىمسەن، كاشغەر. بىنا بولغىنىڭدىن بېرى نەچچە مىڭ يىل ئۆتتى؛ تەكلىپ- تەكەللۇپلىرىڭ توختىمىدى. كۈلكە- كۈلۈمسىرەشلىرىڭ ئۆچمىدى. ئىشىك- دەرۋازىلىرىڭ يېپىلمىدى. داستىخان- نېئمەتلىرىڭ يىغىلمىدى... ساھىبخانىسەن، كۈتۈۋالغۇچىسەن، ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن، خەۋەر ئالغۇچىسەن، باش سىلىغۇچىسەن، كاشغەر. شۇنداق يارىتىلغانسەن ۋە شۇنداق تۆرەلگەنسەن، كاشغەر...

«سۇ دېسەم شاراب بەرگەن —
كاشغەرنىڭ جوۋانلىرى.»

شېرىن- شېكەر شارابى ئەنتىقىلىرىڭ تۈگەرمۇ؟ ياق، ئوڭ يېنىڭدىكى «قىزىل»دا بىر دەريا، سول يېنىڭدىكى «تۈمەن»دە بىر دەريا دوستلۇق، مېھماندوستلۇق، خەيرخاھلىق شارابى ئۈزۈلمەس ئېقىن بولۇپ كۆۋەجەپ تۇرىدۇ. «تۈمەنكۆل»دە، «ئاناكۆل»دە، «داۋاكۆل»دە، «شېكەركۆل»دە، «شەربەتكۆل»دە لىقمۇلىق مېھماندوستلۇق شارابى دولقۇنلاپ تۇرىدۇ. كۆڭلۈڭدە، قەلبىڭدە، دىلىڭدا، تىلىڭدا، كۆزۈڭدە، سۆزۈڭدە لىپمۇلىق مېھماندوستلۇق شارابى ئۆركەشلەپ تۇرىدۇ. سەن گويا قاشتېشى قەدەھتە، ئالماس قەدەھتە، زۇمرەت قەدەھتە، ئالتۇن قەدەھتە، كۈمۈش قەدەھتە شاراب تۇتۇپ تۇرغان جوۋانسەن، جانانسەن، دىلدارسەن، دىلرەباسەن، كاشغەر.

«شەھرىي بەينەلمىنەل» دېگەن سەندۇرسەن. «جانان كوچىسى»دا قارا چاچلارنى، سېرىق چاچلارنى، قىزىل چاچلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. «بۇلاقبېشى كوچىسى» دا بۇلاقتەك قارا كۆزلەرنى، «تۈمەنكۆل» بويىدا كۆلدەك كۆك كۆزلەرنى، «كوزىچى يار بېشى»دا سارغىيىپ پىشقان كوزىدەك چېقىر كۆزلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ھەممىنى سىغدۇرۇپسەن، ھەممىنى كۆندۈرۈپسەن، ھەممىنى كۆلدۈرۈپسەن، كاشغەر. دوستلۇق ماكانى، ئىناقلىق ماكانى، ئىتتىپاقلىق ماكانىغا ئايلانغان دىيارىڭ «باغچىدىكى بەينەلمىنەل» ئاتىلىشقا نېمىشقا مۇناسىپ كەلمىسۇن؟ ۋۇجۇدلىرىڭدا كۆپ خىل يېزىق، تىللىرىڭدا كۆپ خىل زابان، كىيىنىشىڭدە كۆپ خىل كىيىم، شىرەلىرىڭدە كۆپ خىل تاماق، يۇرۇشىڭدە كۆپ خىل پاسون، تالىلىشىڭدا كۆپ خىل مودا... يولۇچىغا، ئۆتكۈنچىگە، مېھمانغا، تۇرۇپ قالغۇچىغا، مۇساپىرغا، مىسكىنگە، غېرىبقا، غورۋاغا ئاچقان قويىنىڭ جانان قويىنىدەك ئىسسىق بولمىغان بولسا، ئۇزاتقان قولۇڭ جوۋان قوللىرىدەك يۇمشاق بولمىغان بولسا، تۇتقان شارابىڭ دىلبەر لەۋلىرىدەك تاتلىق بولمىغان بولسا، دوستلۇق ماكانى، ئىتتىپاقلىق ماكانى، ئىناقلىق ماكانىغا ئايلىنارمىدىڭ؟ ھەممىنى ياراتقان سېنىڭ مېھماندوستلۇقۇڭ. ھەممىنى تەلپۈندۈرگىنىمۇ، ھەممىنى تەسرلەندۈرگىنىمۇ سېنىڭ مېھماندوستلۇقۇڭ. مېھماندوستلۇقىڭنىڭ نازاكىتىڭ، ماتانىتىڭ، ساداقىتىڭ، كارامىتىڭ سېنى مانا شۇنداق يۈكسەك پەللىلەرگە كۆتۈرگەندۇر. مېنىڭ ھېكايەم مېھماندوستلۇقىڭنىڭ نازاكىتىڭ ھەققىدە. نەدىن باشلاي؟ مېنى ھەم شۇ ئاجايىپ مېھماندوستلۇقۇڭ بىلەن، تەكەللۇپ- تەكلىپلىرىڭ، كۈلكە- كۈلۈمسىرەشلىرىڭ، يىغىلماس داستىخان- نېئمەتلىرىڭ بىلەن كۈتۈۋالدىڭ. ھۆرمەت- ئىززەتلىرىڭ بوسۇغۇسىدا «مەن كىم؟» دېگەن سوئال ئالدىمنى توردى. شۇ كۈنى، ياش يىگىت ئابدۇرېھىمجان غازىيانە ئوچۇق قوللۇق بىلەن «مەپتۇن» رېستورانىنىڭ «بايات» ناملىق ئايرىمخانىسىدا كەچلىك تاماق بەردى. نە كەچلىك تاماقكى، شاھانە زىياپەت بەردى؛ نە زىياپەتكى، دوستلۇق بەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. ئايرىمخانا بەكمۇ ئېسىل بېزەلگەن، چىرايلىق ئەينەك رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويۇلغان شائىر تاھىرىينىڭ «بايات» توغرىسىدىكى شېئىرى چوڭقۇر مەنە ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. ئېسىل يېمەكلىكلەرنىڭ مەزىلىك پۇرىقى ئىشتىھالارغا ئوت ياققان، يېمەكۋازلىق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۆزىنى خىجالەت پىنھانىغا يوشۇرغان ئىچىشۋازلىق دائىم بىرىنچى رەتكە چىقىۋالىدىغان ئورنىنى دوستلۇق سۆھبەتلىرىگە ئۆتۈنگەندى. يېمەكۋازلىققا قوشۇلۇپ سۆھبەتۋازلىق، پىكىرۋازلىق، زابانسازلىق ۋە يۇمۇرۋازلىق تۇرپان قۇملۇقلىرىدەك قىزىدىكى، ئايرىمخانا «بايات»نىڭ تېمپېراتۇرىسى بىراقلا 50 سېلسىيە گرادۇستىنمۇ ئۆرلەپ كەتتى. زىياپەت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ چېكە، بويۇنلىرىدا تەر ئۈنچىلىرى يالتىراپ، پۈتكۈل ئەزاسىدىن ھور كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ساھىبخانا ئۆز مېھمانلىرىنىڭ سالقىن ھاۋاغا تەشنالىقىنى بايقىدى ۋە كۆتكۈچى خانقىزنى چاقىرىپ ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئاچتۇردى. ھەتتەك، ئاشۇ زامانىۋى ئۈسكۈنە ئايرىمخانا ئىچىدىكى ھارارەت ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەي قالدى. ئانا تەبىئەتكە، ياراتقۇچىنىڭ

قۇدرىتىگە مۇنايىماي بولمىدى. ئېگىز بويلۇق ساھىبخانا ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇپ دېرىزىنى ئاچتى. گۈپپىدە ئۇرۇپ كىرگەن ساپ ۋە سالقىن ھاۋانىڭ راھىتىنى بىر دېمەڭ. تەنلەر باغ راھىتىنى، «تۈمەن بويى» راھىتىنى، «تۈمەنكۆل بويى» راھىتىنى سەزدى. «تۈمەنكۆل»دىكى قېيىقتا ئۈزۈپ يۈرگەن قوشماقلاردەك راھەتلەندى.

ئەي كاشغەرىيلەر، سىلەردىكى نازاكەت، سىلەردىكى لاتاپەت، سىلەردىكى ئاق كۆڭۈل، سىلەردىكى ئىسسىق كۆڭۈل جاھاننىڭ يەنە بىر يېرىدىن تېپىلارمۇ؟ مېھماندوستلۇقۇڭلاردىكى مەردانىلىك، ئايانماسلىق، كەڭ قوللۇقلۇق يەنە بىر يەردىن تېپىلارمۇ؟ ئەي گۈزەل ۋە لەۋەن كاشغەر، سېنىڭ دوستلۇق ماكانى، ئىتتىپاقلىق ماكانى — ئىناقلىق ماكانى، «باغچەئىي بەينەلمىنەل»گە ئايلىنىشىڭدىكى سەۋەب ئاشۇ نازاكىتىڭدە. خەير - خوش، مەن كەتمەكچى. كۈتۈشىڭدىكى نازاكەت شۇنداق ئىكەن، ئۇزىتىشىڭدىكى نازاكەت تېخىمۇ كارامەت بولغۇسى. ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكىدەك ئېتىمىنىڭ بويىنغا ئېسىلارسەن، يۈگىنىگە ئېسىلارسەن. خەير - خوش، ئەزىز كاشغەر!

2008-يىل 10-ئىيۇل، شەھىرى خوتەن

# ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارىمىزدا

## 1. ئەسلەش

ئۆمەرجان ئىسمائىلنىڭ دۇنيادىن كەتكىنىگە ھەش- پەش دېگۈچە سەككىز يىل بوپقالدى. ۋەھالەنكى، جۇدالىقتا ئۆتكەن سەككىز يىل(96 ئاي— 2920 كۈن— 69080 سائەت ۋاقىت) ئۇنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى. كېچىدىكى قاراڭغۇ، كۈندۈزدىكى ئاپتاپ، شىمالدىن سوققان شامال، غەربتىن ئۇرغان بوران، كۆكتىن چۈشكەن چاڭ، يەردىن ئۆرلىگەن توزان ئۇنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى. قاراڭغۇ ۋە ئاپتاپ، شامال ۋە بوران، چاڭ ۋە توزان ئۇنتۇلدىيۇ، ئۆمەرجان ئۇنتۇلمىدى. گۈل- چېچەكلەر سەككىز قېتىم توزىدى. ياپراقلار سەككىز قېتىم خازان بولدى. يۇرۇڭقاشتا سەككىز قېتىم كەلكۈن كېلىپ، دەريا قىنى يەنە سەككىز قېتىم قۇرىدى. كۆكتالغۇ سەككىز قېتىم بەزمىدىن ياندى... ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلدى. يەنە تالاي ئىش، ۋەقە، ھادىسە ئۇنتۇلدى. لېكىن ئۆمەرجان ئىسمائىل ئۇنتۇلمىدى. ئۇ ھېلىمۇ دوستلىرىنىڭ قەلبىدە، قەلىمىدە، ئەسىرىدە ياشىماقتا. ئىزباسارلىرىنىڭ قەلبىدە ۋە ھەربىر قەدىمىدە ياشىماقتا. ئۆمۈردىن ئۇزاقراق ياشاش دېگەن مانا شۇ. ئىككىنچى ھايات دېگەن مانا شۇ.

شۇنچىۋالا ئۇنتۇلمىغۇدەك، دۇنيادىن ئۆتۈپ بولۇپمۇ يەنە دۇنيا بىلەن تەڭ ياشىغۇدەك كىم ئىدى ئۇ؟

ئۇ، داۋالىغۇچى ئىدى. شېئىرلىرى بىلەن مەنىۋىيىتىگە كېسەل چاپلاشقانلارنى، دورا- دەرمەكلىرى بىلەن جىسمانىيىتىگە كېسەل ياماشقانلارنى داۋالىغۇچى ئىدى. ئۇ، بۇ ئىككى ساھەنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئىجتىھات كۆرسەتتى ۋە ئەستە ساقلانغۇدەك ئىشلارنى قىلدى.

قاراقاش ناھىيە ياۋا يېزا باغجىگدە كەنتىدىكى دېھقاننىڭ ئوغلى ئۆمەرجان ئاتىسىدەك ئىشچان بولۇشتىن كۆرە، بەكرەك تىرىشچان ئۆگەنگۈچى بولۇپ چىقتى. ئۆگەنگۈچىلىك ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە مۇتەخەسسىسلىكىنى ئوقۇتقۇچىلىققا قارارلاشتۇردى. كېيىن تۆرەلگۈچىلەرگە بۇرۇن تۆرەلگۈچىلەرنىڭ بىلىم ۋە تەجرىبىسىنى يەتكۈزۈش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولدى. ئۇ لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش ۋە چاھارباغ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاراساي ئوتتۇرا مەكتىپىدە بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئورۇنداشقا تىرىشتى. تىرىشتىيۇ، ئىشنىڭ ئاشۇ يىراق زامانلاردىن جۇغلىنىپ كەلگەن بىلىم ۋە تەجرىبىنى يەتكۈزۈش بىلەنلا ئاياغلاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئالەم، ئىنسان، دۇنيا ۋە جەمئىيەت تولىمۇ مۇرەككەپ بىر قۇرۇلما ئىدى. پەلەكنىڭ گەردىشى توختىماي ئايلىنىپ، توختىماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. دەۋر- دەۋران، زامان، ئىنسان توختىماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. يىراق زامانلارنىڭ تەجرىبىسى ياش بوغۇنلارنى ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرگە ماسلاشتۇرالىسۇنمۇ؟ بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامالىتى ھېلىقى بىلىم ۋە تەجرىبە بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغان، بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇش بىلەنلا پۈتكۈزگىلى بولىدىغان كىيىم ئەمەس ئىدى. ئىنسانى ئىنسانىيلىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. ئۆمەرجاننىڭ ئۆزىدە شۇنداق بولغان، ئۆزى ئۆگىتىۋاتقانلاردىمۇ شۇنداق بولاتتى. باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى كامالەت تاپقۇزۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئۆمەرجان ئۆز روھىنى، ئەقلىنى، ئىرادىسىنى تاۋلاشقا كىرىشتى. مانا شۇ ئۇرۇنۇش ئۇنى شائىرلىق چىمەنزارىغا ئېلىپ كىردى. شائىرلىق ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ئۆزگە ئۈچۈنمۇ بولدى. يۈكسەك پەللىلەرگە ئۆرلىگەن ئادەم ئۆزى پەخىرلەنگەندەك، ئۇنىڭ ئۈلگىسى باشقىلارغىمۇ ئۆرنەك بولدى. ئۆمەرجان ئىسمائىلنى ئۇنتۇلدۇرمىغان بىرىنچى چوققا ئۇنىڭ ئاشۇ شائىرلىقى بولۇشى مۇمكىن.

ئۆمەرجاننىڭ ياشلىق ۋە قىران چاغلىرى تولىمۇ ئېغىر يىللارغا توغرا كەلدى. جەمئىيەتنىڭ نامراتلىقى مۇقەررەر ھالدا شەخسىي نامراتلىقنى كۈچەيتىۋەتتى. ئومۇمىي نامراتلىق

شەخسىنىڭ توق، پاراۋان، ھۇزۇرلۇق تۇرمۇشىنى چەتكە قاقاتتى. ئاشۇ يىللاردىكى ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي دەرد-ئەلەملەر ئۇنىڭ جىسمانىيىتىگە كېسەللىكلەرنى ياماشتۇردى. كېسەللىك دېگەن ئادەمنى قىينايدىغان، ھايات ۋە ئۆمۈرگە تەھدىت سالىدىغان، كۈندىلىك ئىشلىرىنى ئاقسىتىدىغان، راھەتنى قوغلايدىغان بىر پېشكەللىك ئىدى. ئىنسان ھاياتىدا ساغلاملىقنىڭ قىممىتىگە ھېچنېمە ھېچقاچان تەڭلىشەلمەيتتى. ساغلام روھ ۋە ساغلام تەن بولغاندىلا ئاندىن ئىنسان ئۆزىنىڭ باشقا ئارزۇ-ئارمانلىرى تامان ئات سالالايتتى. ئۆمەرجان بۇنى بەك چوڭقۇر ھېس قىلدى ۋە:

«كىشى جىسمىگە يار بولسا تەن ساقلىق- سالامەتلىك،
ئۇ ھەقلىق سانسا ئۆزىنى بەختلىك، شۇنچە ئامەتلىك.
ئەقىل جەم بىجىرىمگە تىنگە، ماھارەت، ئىقتىدار ھەم يار،
ئەگەر چاپلاشسا ساقسىزلىق، بۇ ھالدۇر دەل جاراھەتلىك.
...
بىلىپ قال: ساق ياشارگىنسەن، بۇ ساغلىقتىن ئەقىل يېردا،
يېتەلمەس سېنى ھېچ توسقۇن، ھامان غەلبەڭ كايىلەتلىك.»

دەپ كۈيلىدى. ئۆزىگە كېسەللىك ياماشقان شۇ كۈنلەردە ئەمدى ئۇ تېۋىپلىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. يەڭ شىمايلاپ كېسەللىككە قارشى جەڭگە ئاتلاندى. بۇ جەھەتتىمۇ تېزلا نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىلا ئەمەس، باشقا بىمارلارنىمۇ داۋالىيالايدىغان سەۋىيىگە ئۇلاشتى. ئاخىرىدا ئۆز تەجرىبە-سىناقلىرىنى يەكۈن ئەيلەپ «جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش» ناملىق چوڭ ئەھمىيەتلىك كىتابنى يېزىپ چىقتى ۋە نەشر قىلدۇردى. ئۆمەرجان ئىسمائىلنى ئۇنتۇلدۇرمىغان ئىككىنچى چوققا، ئۇنىڭ مانا شۇ تېۋىپلىقى بولۇشى مۇمكىن.

ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھاياتىدا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىز قالدۇرالىغاندىلا ئاندىن ئاخىرەت سەپىرىگە كەتكەندىمۇ ئۇنىڭ نامى، شان-شۆھرىتى، ئىش-ئىزلىرى بۇ دۇنيادا ياشاپ قالىدۇ. بەزىلەر ماددىيەتتىن ئىز قالدۇرۇشى، بەزىلەر مەنىۋىيەتتىن ئىز قالدۇرۇشى مۇمكىن. ماددىيەتتىن قالغان ئىزنىڭ ئۆمرى كۆپ ھالدا چەكلىك بولىدۇ، مەنىۋىيەتتىن قالغان ئىزنىڭ ئۆمرى چەكسىز بولىدۇ. سەندىن قالغان ئايۋان- ساراي ئۇزاق بولسا بىر قانچە يۈز يىل، سەندىن قالغان باغۋاران ئۇزاق بولسا بىر- ئىككى ئون يىل ئۇزاق تۇرۇشى مۇمكىن. ۋاقىتنىڭ بوران- شاماللىرى بەربىر پات ئارىدا ئۇنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ، خازان قىلىپ قۇرۇتىدۇ. مەنىۋىيەتتىن قالغان ئىز بەك ئۇزۇن ياشايدۇ. ئۇنى ھېسابلاش ئۈچۈن ئەسىرلەر ئەمەس ئېرالار كېرەك. ئۆمەرجان ئىسمائىل مەنىۋىيەت تەرەپتە ئەجىر تۆكۈپ، كېيىنكىلەرگە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر- داستان ۋە بىر پارچە تېبابەت كىتابى قالدۇردى. ئۇنى ئۇنتۇلدۇرمىغان، ئۇنى بۇ دۇنيادىكى ئىككىنچى ھاياتقا ئېرىشتۈرگەن، ئۆزى كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئارىمىزدا يەنىلا ياشاتتۇرۇۋاتقان نەرسە دەل ئۇنىڭ ئەنە شۇ مەنىۋى ئەمگەكلىرىدۇر. ئۇنىڭ نامى يەنە ئۇزاق يىللارغىچە بۇ دۇنيا بىلەن بىللە بولىدۇ.

## 2. شائىرلىق ۋە تېۋىپلىق

ئۆمەرجان ئىسمائىل ھەم شائىر ھەم تېۋىپ ئىدى. شائىرلىققا ئوخشاشلا تېۋىپلىقنىمۇ شاگىرت بولمايلا ئۆگەنگەنىدى. بۇ بىزگە ئۇنى كىچىكىدىنلا ياخشى ئۆگەنگۈچى بولۇپ چىققانلىقىدىن ئىبارەت ھېلىقى پاكىتنى ئەسلىتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر ئادەمنىڭ ھەم شائىر ھەم تېۋىپ بولۇشى ئۆمەرجانغىلا تەئەللۇق خاسلىقمۇ؟ ئۆمەرجانلا كۆتۈرۈلگەن نۇسرەت چوققىسىمۇ؟ ياق! شائىرنىڭ تېۋىپلىق قىلىشى، تېۋىپنىڭ شېئىر يېزىشى- تېبابەت تارىخىدىكى بىر ئېسىل ئەنئەنە. ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن جىسمانىيىتىگە ئوخشاشلا كېسەل تېگىپ تۇرىدىغان رېئاللىق مانا شۇ ئېسىل ئەنئەنىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز تېبابەتچىلىك تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، تېبابەتچىلىكنىڭ پىر ئۇستازى بولمىش لوقمان ھەكىمنىڭ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. لوقمان ھەكىم ئاجايىپ ئېسىل پەند- نەسىھەتلەرنى ئېيتقىنىدا شائىر ئىدى. ئىبن سىنا تالاي غەزەل، قىتئە، رۇبائىي، ھەتتا داستان پۈتكىنىدە شائىر ئىدى. قاراڭ:

قىلا يېر ئاستىدىن تاكى ئۈستى زۇھەل،
كائىنات سىرىنىڭ بارىن قىلدىم ھەل.
كۆپ مۇشكۈل، تۈگۈنىنى يەشتىم، چۈشەندىم،
يېشەلمەي قالغىنى بىرگىنە ئەجەل.

قانداق گۈزەل شېئىر، قانداق ئىستېداتلىق شائىر- ھە؟!

بىز يېقىنقى تارىخىمىزغا نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ، تالاي ھەم تېۋىپ ھەم شائىر- ئۆلىمانى ئۇچرىتىمىز. مەشھۇر «يامان ئات ھەققىدە قىسسە»نىڭ ئاپتورى ئەھمەدشاھ قاراقاشىي ھەزرەتلىرى تېۋىپ ئىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن تەجەللىي، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىملار ھەم شائىر ھەم تېۋىپ ئىدى. خوتەن ۋىلايىتى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا ئىشلەپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن يۇرۇڭقاشلىق مەشھۇر تېۋىپ ئېلىخان ھەزرەت، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى داموللا ئابدۇلھەمىد يۇسۇفىمۇ شائىر ئىدى. تېخى ھازىرقى زامان مەتبۇئاتلىرىدا شېئىر ئېلان قىلغان شائىرلاردىن ئىدى.

بۇنداق مىساللاردىن تالايلاپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. باشقا خەلقلەرگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساقمۇ، جۇڭگو

ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەر ـ لۇشۈن، گومورولارنىڭ ياپونىيەدە دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەنلىكى، رۇس ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىچى ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپنىڭمۇ دوختۇر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

خۇلاسە نېمە؟ قارىغاندا، بۇرۇنقى زامانلاردا شائىرلىق بىلەن تېۋىپ ـ دوختۇرلۇق بىر ئىش تۈرى بولغاندەك قىلىدۇ. ھەتتا بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئۇلارنىڭ دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن جىسمانىيەتتىكى كېسەلنى، شېئىر ۋە باشقا ئەسەر ـ ھېكمەتلىرى بىلەن روھىيەتتىكى كېسەلنى داۋالىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. ۋەھالەنكى، كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە ئىش ـ كەسىپ تۈرلىرىنىڭ ئايرىلىشى بەك ئىنچىكىلىشىپ كەتكەندىلا ئۇلار بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشقان بولسا كېرەك. بۇنى بەلكىم كېيىنكى مائارىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. لۇشۈن ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ جىسمانىيىتىدىن كۆرە روھىنىڭ بەكرەك داۋاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى سەزگەندە، دوختۇرلۇقنى تاشلاپ ئەدەبىيات ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. داڭلىق شائىر، ئالىم گومورونىڭ بولسا، دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، دوختۇرلۇق قىلغىنىنى زادىلا ئاڭلىمىدۇق. بۇ يەردە، بىر ئۆلىمانىڭ ھەرىكىتىدە شائىرلىق ئالدىدا تۇرۇشى كېرەكمۇ ياكى دوختۇر ـ تېۋىپلىق ئالدىدا تۇرۇشى كېرەكمىدى؟ دېگەن مەسىلىنى تەھقىقلەپ يۈرۈشنىڭ كۆپ ھاجىتى يوق. بۇنى كۆپ ھالدا ئېھتىياج بەلگىلەيدۇ. بۇ قەدىمقىلەردە شۇنداق بولغاندەك، كېيىنكىلەردىمۇ شۇنداق بولغان. ئۆمەرجان ئىسمائىل باشتا شائىر ئىدى. ئۇ ھايات تىرىشچانلىقلىرىنى كېيىنرەك تېبابەتچىلىككە كۆچەيتتى. بۇنىمۇ ئەلۋەتتە ئېھتىياج كەلتۈرۈپ چىقارغان. چۈنكى ئۆمەرجان ئىسمائىل ياشىغان يىللار ئىنسانىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېتىقادى بۇلغىنىش، ئەخلاقىي بۇلغىنىش، مۇھىتى بۇلغىنىش، يېمەكلىك بۇلغىنىش، قان ـ نەسەب بۇلغىنىش كىرىزىسىگە دۇچ كەلگەن دەۋر ئىدى. ئېتىقادىي، ئەخلاقىي ئاينىش بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھىت ۋە يېمەكلىكتىكى بۇلغىنىش جىسمانىيەتنى زەھەرلەپ، ئادەمئاتامدىن بېرى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئىشىتمىگەن يېڭى ـ يېڭى كېسەللىكلەر پەيدا بولۇۋاتاتتى ۋە يامراۋاتاتتى. مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات توغرىسىدا داۋراڭ سېلىنىۋاتقان ئالىملار يەنىلا كۆزگە كۆرۈنمەس دەرىجىدىكى كىچىك ۋىرۇس ۋە مىكروبلار ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتاتتى. يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئاجايىپ ـ غارايىپ تىپلىق ۋىرۇس ۋە مىكروبلار بولسا ئىنسان تېنىنى ئىچىدىن يەپ ـ چىرىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى نابۇت قىلىۋاتاتتى، ھاياتىنى زەھەرلەۋاتاتتى. ئالتە مىليارد ئادەمنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك كېسەللىكتىن ئېغراۋاتاتتى.

ئەخلاقىي كېسەللىكلەر ئالىم ـ ئۆلىما، شائىر ـ دانالارنىلا ئازابلىغان بىلەن، جىسمانىي كېسەللىكلەر ھەممە كىشىنى ئازابلاۋاتاتتى. ئۇمۇمنىڭ ئازابىغا قانداقمۇ سۈكۈت قىلغىلى بولسۇن؟ ھەزرىتى مىرئەلىشىر نەۋائىي:

«ماڭا كەلسە سېنىڭ بالا بىر قېتلە يېرىپ ئېيلەرەم،
ئاڭگا كەلسە بىر بالا سېنىڭ قېتلە يېرىپ ئېيلەرەم.»

دەپ ئېيتقانغۇ؟ ئەلنىڭ ئازابىغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، شائىر ئۆمەرجان ئىسمائىل بۇرۇنقى تېۋىپ ـ ھۆكۈمالارنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا جاھىل، داۋالاش تەس دېيىلىۋاتقان كېسەللىكلەرنى داۋالاشنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى ۋە ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئەلنىڭ ئېھتىياجى ئۇنى ئالدىنقى سەپكە ئېبكەلگەنىدى. لۇشۈن ئەپەندى تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشنى تاشلاپ ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كېلىشتە ئەل ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقانىدى. ئۆمەرجان ئىسمائىلنىڭ شائىرلىقنى بىر لەھزە توختىتىپ، تېبابەتچىلىككە قەدەم قويۇشىمۇ ئەل ئۈچۈن بولدى. ئەڭ ئېھتىياجلىق سەپكە ئۆلگۈرۈپ بېرىشنى مۇشۇنداق ئەل سۆيگەن ئوغلانلارلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## 3. ھاياتنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىلىرى

ئۆمەرجاننىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە سەككىز يىل بولدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئارىمىزدا ياشىماقتا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ھاياتى داۋاملاشماقتا...

بۇ دۇنيادىكى ئىككىنچى ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلغۇچى ئامىل بىرىنچى ياشاشتا قالدۇرغان ئىز، يەنى ئايۋان ـ ساراي، باغۋاران، ئالتۇن ـ كۈمۈش، نام ـ شۆھرەت، ئەسەر ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگەن ياخشىلىقلار بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ ياق. ئىككىنچى ھاياتنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئامىللار ئىچىدە يەنە پەرزەنتلەرمۇ بار. ياخشى پەرزەنت شۇنداق بەلگە ـ سىمۋولدۇركى، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئاتىسىنى ئەسكە ئالىدۇ. ئاشۇ ئەسلەش ئىچىدە ئاتىنىڭ ئىككىنچى ھاياتى نۇرلىنىدۇ. ياخشى پەرزەنت يەنە شۇنداق چىراغدۇركى، بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن ئاتىسىنىڭ گۈزەل لەۋھەسىنى نۇرلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ، ئاتا ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. ئاتىسىنىڭ نامىنى مۇقەددەس ئابىدىلەرگە ئويىدۇ. شائىر ۋە تېۋىپ ئۆمەرجان ئىسمائىل ئائىلىسىدە خۇددى شۇنداق بولدى. چىراغلار نۇر چاچماقتا، بەلگە ـ سىمۋول

www.uyghurkitap.com

پارلىماقتا، لەۋھەلەر لەپىلدىمەكتە...

ئۆمەرجانمۇ باشقا ئېسىل ئاتىلارغا ئوخشاشلا پەرزەنتلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ، پەرزەنتلىرىنى ياخشى ئائىلە تەربىيىسى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. ئۇلاردىن مېھىر- مۇھەببىتىنى ئايىمىغانىدەكلا ھېچنېمىسىنى ئايىمىدى. ئۇ، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېتىگە جاۋاب» دېگەن شېئىرىدا:

«سىز سىلغانىكەن خېتىڭلاردا جىمى ئەللەت- يارام شۇنداق،
يېزىلغانىمۇ قېرىنداشلار ئاراسىدا سالام شۇنداق.

مېنى ئاسراشمۇ؟ ئالداشمۇ؟ يۈرەك- باغرىمنىڭ قارا تاشمۇ؟
غېرىب كىمدە؟ مېنى سىرلىق بىلىپ كېيىن بالام شۇنداق.

ماڭا دىدارى شادلىقنىڭ شارابىدەك تېتىم نەدە؟
«كۆيۈپ ئۆلگىنىڭكۇ كۆرمىسىلىك» دېسەڭ، مەن بىئارام شۇنداق.
...
ئوتتىلاردا كۆيۈپ كۆلمەن، سۆيۈم ئاقتۇسى لايلانماي،
بازار تايمايدۇ دۇنيادا ئاسانلا ھەق بايان شۇنداق.

ئەگەر بىر خىسلىتىم بولسا، كۆڭۈلنى چاچقۇچۇن چاچسام،
يېتىشمەس، نە قىلاي قۇدرەت، ۋەتەن كەڭ بىپايان شۇنداق.

سالام باغرىم! ئوتتۇپ كەلگەن سىناقلاردىن ھامان ئەلا،
بىلەتتىڭ، ساختا- يالغانى كۆرەتتىمغۇ يامان شۇنداق.»

دەپ يېزىپ پەرزەنتلىرىگە چەكسىز مېھرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر شېئىرىدا:

«بالام جۇرئەتتە يول بىلسەڭ، ئىلىم- پەننىڭ خۇمار ئېيلە،
ۋەتەننى باغۇ بوستان قىل، جىدام- غەيرەتنى يار ئېيلە.

ئاجايىب يۇرتىنىڭ كەلدى، ۋەتەننىڭ ئۈمىدى سەندە،
سېنىڭ يۇرتتىنى بوش قويما، كۆڭۈلنى شوخ باھار ئېيلە.

نىشانسىزلىق يامان ئاپەت، قاناتىڭ بەزلىگەن شەيتان،
نادانلىق دامىدىن قاچقىن، ئۇنى سەن شەرمەسار ئېيلە.

ئۈمىدىم، بىلگىنىڭ تامچە، بىلىمنى دىلدا ئويغان قىل،
بەھەر بىر ئىلگە ئىلگىدىن، شۇنىڭدىن ئىنتىلار ئېيلە.

«تېخى بىلگەنلىرىم ئاز...»دە، ئوتكەن ھېكمەتتىن كان قازغىن،
ئىلىم ئاسمانىدا نۇر بول، جاھاندا يوقنى بار ئېيلە.

ئەجەب يۇرتقا مۇشۇ بىلسەڭ، زىبىرەك بول، ئاش داۋان- يەللەر،
ئەگەر نۇج كەلسە مۇشكۇللەر، يوقاتقىن، تارۇ- مار ئېيلە.

ئەقلىدىن زور مۇنار سالغىن، ئۇنى ئەل قەلبىگە ئورنات،
ئۇلۇغ نىشەنلەرنىڭ بىرلە خەلقنى بەختىيار ئېيلە.

سۆزۈمنىڭ ئۆتكىسى بىرلا، ئەقىلنى ئىشلىتىپ ئويدان،
ئانا تۇپراق- ۋەتەننى تېز بېھىشتەك گۈل دىيار ئېيلە.»

دەپ يېزىپ، پەرزەنتلىرىدىن كۈتىدىغان يۈكسەك ئۈمىد- ئىستەك، ئارزۇ- ئارمانلىرىنى بايان قىلدى. ئەلۋەتتە، ھەربىر ئاتا بولغۇچى ئۆزى كۆتۈرۈلگەن ۋە يېتەلمىگەن پەللىلەرگە پەرزەنتلىرىنىڭ يېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاتا ئارمانلىرىدىكى ئاشۇ پەللىلەرگە يەتكەن پەرزەنت ئەلۋەتتە ياخشى پەرزەنت، قابىل پەرزەنت. بۇ نۇقتىدا ئۆمەرجان ئىسمائىلنىڭ پەرزەنتلىرى ئاتا ئۈمىدلىرىنى ھەرگىز يەردە قويمىدى. شېئىرىي ئىستېداتتا ئاتىسىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىناۋەتلىك «ئېھسان ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»نى قۇرۇپ چىقتى. ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ قىيىن كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، كۆپلىگەن بىمارنى كېسەللىك ئازابىدىن خالاس قىلدى. ئاتىسى تۈزگەن تېبابەتچىلىك كىتابىنى قايتا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تولۇقلاپ يېزىپ، باشقىدىن نەشر قىلدۇردى. پەرزەنتلەرنىڭ بۇ ئىشلىرىنى كۆرگەن ھەربىر ئادەم ئۆمەرجان ئىسمائىلنى قايتا ئېسىگە ئالماسمۇ؟ كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەسمۇ؟ ئۇنى ئۆز يېنىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلماسمۇ؟

مانا ھازىر ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاشنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خوتەن- ئارال قۇملۇق تاشيولىنىڭ بويىدىكى كۆپ قەۋەتلىك، كۆركەم «ئېھسان ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»نىڭ زالىغا كىرگەن ھەربىر ئادەم تۇنجى بولۇپ ئۆمەرجان ئىسمائىلنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىگە كۆز تاشلايدۇ. «ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى ئۆمەرجان ئىسمائىل...» دەپ باشلانغان تەرجىمھال ۋە دوختۇرخانا توغرىسىدىكى تونۇشتۇرمىنى ئوقۇيدۇ. «ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى» دېگەن شەرەپلىك نامنى ئۆمەرجان ئىسمائىلغا ھېچبىر تەشكىلىي مۇئەسسەسە ياكى ئورگان بەرگىنى يوق. بۇ ئاتاقنى ئۇنىڭغا ئۆز پەرزەنتلىرى بەردى. ئۇلار مەرھۇم ئاتىسىنى ئۇلۇغلاپ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. ئۆمەرجان ئىسمائىل ئەلۋەتتە ئالىم ئاتىلىشقا مۇناسىپ ئادەم ئىدى. ھۆرمەت تونىنى كىيدۈرۈپ، سورۇننىڭ تۆرىگە تەكلىپ قىلىشقا لايىق ئادەم ئىدى. خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى داۋالايمەن دەپ شېئىر- داستانلار يازغان، جىسمانىيىتىنى داۋالايمەن دەپ تەتقىقاتلار قىلىپ كىتاب چىقارغان ئادەمنى نېمىشقا ئالىم ئاتاشقا بولمىسۇن؟ ئەپسۇسكى، ئۇ ھايات چېغىدا بۇنداق شەرەپلەردىن بەھرىمەن بولالمىدى. جەمئىيەت بۇنداق شەرەپنى بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. جەمئىيەت قىلالمىغان ئىشنى دوستلىرى ۋە پەرزەنتلىرى كېچىكىپ بولسىمۇ قىلدى. جەمئىيەت ئەينى چاغدا بېرىشكە بېخىللىق قىلغان ئاتاقنى ئۇلار بەردى. بۇ، ھەربىر پەرزەنتنىڭ نەزىرىدە ئاتىنىڭ ئالىم سانىلىدىغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۆمەرجاننىڭ ئاشۇنداق ئاتىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىدىندۇر.

ئۆمەرجان ئىسمائىلنىڭ بۇ ئالەمدىكى ئىككىنچى ھاياتى ئەنە شۇ. ئۇنى پەرزەنتلىرى قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى. ئۇ ئارىمىزدا يەنە ئۆزۈن چاغلارغىچە ياشايدۇ.

2008- يىل 9- ئىيۇل، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: يازغۇچى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېنسىيونېرى (M1)




مەن ئۇنى مەغرىبتىن مەشرىققىچە ھەممە كىشىدىن ئىزدىدىم، لېكىن ئۇنىڭ تۇرار جايىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. مەن بۇيەردىن ئىزدىگەن نەرسەمنى تاپالمىدىم، لېكىن كاتتا مەنسەپدار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شوتىغا ئېرىشەلىدى.

يېڭى ماشىنىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلار ئاللىقاچان ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ بولدى؛ بايلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ پۇلى بانكىلارنى توشقۇزۇۋەتتى.

پەقەت مېنىڭلا ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىدى. مەن ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە ھەقىقەتەن ئەتىۋارلىق ، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن.

شۇنداق، ئېرىشمەكچى بولغىنىم يېڭى ئىدىيە ، يېڭى دۇنيا.

بۇ يەردە يېڭى رادىئو قوبۇللىغۇچ ، يېڭى كىنو، يېڭى سائەت، يېڭى زىبۇزىننەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق، لېكىن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تېما يوق.

بۇ يەردە تالاي شائىر نۇرغۇن شېئىر يېزىشتى، لېكىن ھېچقايسىسىدا يېڭى ئىدىيە يوق.

باھارنىڭ بىزگە ئېپكىلىدىغىنى يەنىلا بىز تالاي قېتىم كۆرگەن ھەم پۇرىغان ئاشۇ گۈللەر.

بىز ئەسىرلەر بويى «گۈل ۋە بۇلبۇل »تېمىسىدا تەكرار- تەكرار شېئىر يازدۇق، ھېچقانداق يېڭى نەرسە ئىجاد قىلمىدۇق.

بىز كونا نەرسىلەردىنلا يېڭى تېما ئىزدىدۇق. بۇ، مومايىنىڭ يۈزىگە ھىلھىلە ياغلىق ئارتىپ قويغاندەك ئىش بولدى.

بۇ يەردە ئانىلار يېڭى ئوغۇللارنى تۇغدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى.

بۇ يەردە ئاياللار كوچىغا چىقالايدىغان بولدى، لېكىن مېڭىمىزدىن يېڭى تېما چىقمىدى.

بۇ يەردە ئۆرپ- ئادەت تۇپەيلىدىن، قىزلار دادىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، قېرى قىز بوپكەتكەندىلا ئەرگە تېگەلەيدۇ.

بۇيەردە ئەلچىلەر كونا ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىدىكى ئۆيلەرگە كىرىپ- چىقىپ يۈرىشىدۇ. ئاتا- باللىق مۇناسىۋەت يېڭى ئىدىيىدىن بىزارلىق.

بۇيەردە كونا قاراشلار مومايلارنىڭ گۈلەنگۈچلىرىدە چايقالماقتا. ئېيتىدىغىنى يەنىلا كونا مۇقام.

بۇيەردە خەير- ئېھسانغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەر مىليونېر بولىدۇ، ئىلىمنىڭ سۈنئىقنى بىلمەيدىغانلار ئىدارە باشلىقى بولىدۇ.

خوتۇننىڭ ھەيۋىسى ئېرىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. موللىلار ھاراقكەشلەرگە ئۈلپەت بولۇۋاتقان بولسىمۇ ، تېخىچە يېڭى ئىدىيە، يېڭى تېما تېپىلمايۋاتىدۇ.

باللار تۇغۇلۇشى بىلەنلا بوۋايلارغا ئايلىنىدۇ.ئۇلار كونا دەۋرنىڭ بۆشۈكلىرىدە يېتىپ، قەدىمكى ناخشىلىرىمىزنى ئاڭلايدۇ. ئۇلارنى مومايلار باقىدۇ. ياشلىرىمىز ساقىلىنى پاكىز قىرىۋەتمىسە ، بوۋايلارغىلا ئوخشايدۇ.

بىز بېشىمىزغا يېڭى دوپپىلارنى كىيىۋاتىمىز، لېكىن يېڭى ئىدىيىنى رەت قىلىۋاتىمىز؛ بىز يېڭى شەھەرلەرنى بىنا قىلدۇق، لېكىن ئۇ يەردە تۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بوۋايلار، سۆزلەيدىغىنى ساپ كونا ھېكايىلەر.

بىز بوۋايلارنىڭ يىغلىشىدا قەدىمكى ناخشىلارنى ئېيتىمىز، بوۋايلارنى ياشلارنىڭ ئۇسسۇلىغا سالىمىز.

مەن ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم. يېڭى ئىدىيىنى باشقا جايلاردىن ئىزدىشىم كېرەك.

بۇنداق يېڭى ئىدىيە كونا ئادەملەر ئارىسىدا بولمايدۇ.

80ياشلىق بوۋاي يېقىندىلا ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر بوۋاي. قېرى ئادەم ھەرقانداق يېڭى كىيىم كىيىۋالسىمۇ ، بەرىبىر قېرى ئادەم. ئۇ، كونا شەھەردىن يېڭى شەھەرگە كۆچۈپ كىرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆي بىساتلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى يېڭى، لېكىن ئىدىيىسى كونا. ئۇلار يېپيېڭى ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى تېما چىقمايۋاتىدۇ.(M2)

روھ چۇقانلىرى

www.uyghurkitap.com




داۋالىغۇچى بىر مىنۇتلۇق داۋالاش ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەننى نەق ئالدى ـ دە، داۋالاش ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ناخشا چولپىنى ئوبراز بەدىلى ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەننى نەق ئالدى. ۋاقتى بىر مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىن ئاز.

دەۋاگەر ئىلتىجا قىلىپ كەلدى. بوسۇغىلاردا جىنايەت شان ـ شەرەپكە، پۇرسەتكە، زىياپەتكە ئايلاندى. ھاجەتلەردىن بىنالار ئۈندى، داچىلار ئۈندى، ماشىنىلار ئۈندى...

يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ستۇدېنت قىز ئانىسىنىڭ باشلىشىدا ئىش ئىزدەپ ئىشخانىغا كىردى. تارتمىلار بايلىققا تولدى، ئىپپەت سودىسى باشلاندى. ئىشخانىلاردىكى توختام ئىشرەتخانىدا ئەمەللىيلەشتى.

ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇدى. ئالدىغا 50 يۈەن قويۇلدى. ئاخۇنۇم چالۋاقىدى:

ــ نىكاھ ئوقۇپ، ھارامنى ھالال قىلدىم، ھالاللىقنىڭ بەدىلى مۇشۇمۇ؟

پاھىشە زىناخوردىن پۇلنى نەق ئالدى، ئاندىن نازلىنىشقا باشلىدى.

دوختۇر ئىنجىقلاپ تۇرغان بىمارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئاۋۋال سۇغۇرۇۋالدى، ئاندىن دىئاگنوزىنى باشلىدى.

زوردۇن سابىر ئون بەش يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ «ئانا يۇرت»نى يېزىپ چىقىپ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. يازغۇچى بىلەن خوشى يوق خېنىملارمۇ كىتابخانىلاردا ئۇنىڭ كىتابىنى ساتىدۇ.

ئەدىبلەر نەشرىيات بوسۇغىسىدا دۈگدىيىپ يۈرۈشكەن يېزىق مەدىكارلىرى. ئۇلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ باھاسىنى يېزىق سودىگەرلىرىدىن ئەيمىنىپ سورىشىدۇ.

ــ يېزىقچىلىق بىر پۇلسىرات كۆۋرۈكى، ئۇ قايەرگە ئېلىپ بارىدۇ؟

ــ يىقىلىپ چۈشسەڭ جەھەننەمگە، يىقىلمىساڭ قىيامەتكە ئېلىپ بارىدۇ؟

ــ قىيامەت دېگىنىڭ نېمىسى؟

ــ زەردابى قەلەم، گادايى ئەلەم دېگەن گەپ.

...

قاسساپ پۇل ئالماي تۇرۇپ گۆش بەرمەيدۇ، ئاشپەز پۇل ئالماي تۇرۇپ تاماق بەرمەيدۇ. شەھەرنىڭ قىستاڭ رەستىلىرىدە پۇل تۆلىمەي تۇرۇپ ھاجەتخانىغا كىرگىلى بولمايدۇ. ئەدەب جېنىنى خەجلەپ، نېمىگە يازىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تىن ئۇدغۇرمىشنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ــ ئىدىيىنى نېمىشقا پۇلغا ئالغىلى بولمايدۇ؟

ــ چۈنكى، ئىدىيىنى يېگىلى بولمايدۇ.

ــ چۈشەنمىدىم.

ــ زاماندىشلىرىڭ قورساق كويىدا، ئۇلار ئىلىمدىن ئىدىيە ئەمەس، نان سورايدۇ.

ــ قورسىقى توقلارچۇ؟

ــ ئۇلار ئىشرەت كويىدا. ئۇلار يېڭى ئىدىيىگە ئەمەس، تازىلىق قەغىزىگە موھتاج.

ــ مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

ــ سەن سۈكۈت قىل. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يۆنىلىشىنى ئاياللار بەلگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپتىسى بىلەن يوپكىسىنىڭ ئارىسىدا بۈيۈك ئىدېئولوگىيە بار.

ــ ئۇنداقتا...

ــ جىم تۇر، تەپەككۇر قۇلاقلىرى پاك بولدى، جىسمانىي سەزگۈلەر ئويغاندى...

ئاھ، سىنا چۆلى، ئارىلىقنىڭ قانچىلىك يىراق؟!

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات پروفېسورى (M1)



# داستىخان

## — رەھمەتنىڭ بايانى ۋە پايانىدا

نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

### 1

قورساق ئاچتى. بەندىمىز. نەپسىمىز بىزنى ھەر مىنۇت، ھەر دەم ئاللىقاياقلارغا، ئاللىقانداق نېمەتلەرنىڭ ھۇزۇر- ھالاۋىتىگە سۆرەپ تۇرىدۇ. ئاجىزمىز. ئادەم ئەلەيھىسسالام چەكسىز مەرھەمەت ۋە مىسلىسىز ئاسايىشلىقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ نەپسى بالانىڭ ئازدۇرغۇچى سۆرەش كۈچىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى... ئۇنىڭ بۈيۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق، ئەزىزلىك ۋە خارلىق يۇغۇرۇلغان جىسمى- ۋۇجۇدىغا ئىنسانىي ئەزەلىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلىپ كەتتى...

قورساق ئاچتى، ئېچىپ تۇردى... ئىسكەندەرنىڭمۇ ئاچتى، پىرئەۋننىڭ نەپسى ئۆلگەندىمۇ ئاچ ئىدى... ئېيسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار يەيدىغانغا بىر خورما تاپالماي ھەپتە- ھەپتىلەپ ئاچ قالدىيۇ، قەلبى ئىمان- شۈكرانىلەرگە تولغان ھالدا «رەببىم» دېگىنىچە ياشاشنى ئەۋزەل بىلدى. ھىتلېر مىليونلاپ جاننىڭ ئىسسىق قېنىنى ئىچسىمۇ تويىدىغاندەك قىلمايتتى. ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەيلەر مەڭگۈ تويمايدىغاندەك يەپ- ئىچكەندى، ھەتتا بۇلاپ- تالاپ، ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىگە نان بەرگۈچىنى نادانلىق، زۇلۇم، ئاسارەتتە قالدۇرۇپ... تۆمۈر خەلپە، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ، غېنى باتۇرلارنىڭ قورسىقى تېخىمۇ ئاچ ئىدى... ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق

ئەقىدە غەلىيانلىرى

ئۇيغۇرىيلار ئاچلىقىمىز تويسۇن، ئۇسسۇزلۇقىمىز قانسۇن دەپ ئاچ قالغان بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئىسسىق ئىرا ۋە تەربىيىتى زەمزەم ئىزدەپ يۈرۈپ لەھەتكە كەتتى. قورساق...

قورساق، نەپس، ئاچلىقتا قانداق مۇئامىلە قىلىش بىر ئىنساننىڭ ياكى مەلۇم بىر تۈپنىڭ ھاياتلىق دىئالېكتىكىسىدىن ئۇچۇر بېرىپ تۇرىدۇ.

قورساق ئاچتى. ئۇ توختىماي ئېچىپ تۇرىدۇ. تېگى يوق ھاڭدەك يېسە- يېسە تويمايدۇ. ھازىر يېسەك بىردەمدىن كېيىن كاركىراپ دۈمباق چالىدۇ... باتۇرنىڭمۇ ئاچىدۇ، قورقۇنچاقنىڭمۇ ئاچىدۇ؛ رەئىسنىڭمۇ، پۇقرانىڭمۇ؛ غەنىي- بايىنىڭمۇ، تىلەمچى- سائىلنىڭمۇ؛ قەھرىمانىنىڭمۇ، مۇناپىقنىڭمۇ... ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ. ھېچكىم تېخى قورساق ئاچقۇرمايدىغان يېمەك- غىزانى ئىشلەپ چىقالىغىنى يوق، ھەم ئىشلەپ چىقالمايدۇ. قۇربى يەتمەيدىغان، تەن ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تەن ئېلىپ، غەيبىي قۇدرەت- قانۇنىيەت ئالدىدا باش ئېگىشمۇ بىر خىل سەممىيلىك ۋە پەزىلەتتۇر.

مەن باش ئەگكۈچىمەن. قورسىقىم ئېچىپ تۇرىدۇ. تالانتلىق يازغۇچىمىز ئەختەم ئۆمەر چېغىدا قورسىقى ئاچسا چىدىيالماي يىغلاپ سالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا چىدام ۋە تاقەتتە نەچچە ھەسسە ئاجىز مەندەك شۈمتەكنىڭ ھالىغا مىڭ ۋاي. مەن ئاجىزلىقنى تەن ئېلىپ تىنىك ياشىغۇچىمەن. قورسىقىم ئاچتى، ئاچقانىكەن، بۇ بالايىئەزىمنى تولدۇرماي مۇمكىن ئەمەس... قورساق... يۈگۈر نۇرمۇھەممەت، ئۇنى تويدۇر، نېسىۋىسىنى بەر.

www.uyghurkitap.com

— قوللىرنى يۇيۇۋالسىلا...

چۆچۈپ توختاپ قالدىم ۋە سىلكىنىپ ئېسىمگە كەلدىم. ئاچلىقنىڭ يامانلىقى كۆزنى قارىغۇ، ئەقلىنى گال قىلغانىدى. مۇزدەك سوغۇق، شىبشىدەك سۈزۈك سۇ ئەقىل- ھوشىنى يوقاتقان سەزگۈلىرىمنى جانلاندۇردى. مەن قولۇمغا شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇغا تىكىلگىنىمچە نەپسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ۋەھدەتلەرنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتىم. بۇ يەردە ئاددىي، ئەمما تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسانغا ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى ئاشكارا قىلغۇچى قانۇنىيەتلەر يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك قىلاتتى...

## 2

قورساق ئاچتى.

بۇ، دەپ يۈرگۈدەك ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئېچىشى تۇنجى قېتىملىق ياكى بىر مەندىلا ئايان بولغان ئىش ئەمەس. ھەممە ئادەمنىڭ ئاچىدۇ، كۈندە ئۈچ قېتىم... ياق، ئۈچ قېتىملا ئەمەس، بەزىدە نەچچە- نەچچە قېتىم... ئۇنىڭ كۈندە قانچە قېتىم ۋە قانداق ئېچىشى سېنىڭ ئۇنى قانداق تويغۇزۇشۇڭغا باغلىق. ئۇنى تويغۇزالامسەن؟... قورساقتا بۇيۈك سۆزلەشمەدىن بىرى مەۋجۇد.

— سەن ئاجىزسەن، بەكلا ئاجىز بىر ئىنسانسەن.

— ياق، مەن كۆللىي كائىناتنىڭ ئەڭ ئەزىز ۋە كاتتا سەمەرىسى بولمىش ئىنسانمەن، ئاسمان- زېمىن بىز ئۈچۈن باش ئۇرغان.

— ئاسمان- زېمىن باش ئۇرغان ئادەم سەن ئەمەسسەن.

— بەلكىم...

— قورساق ئۈچۈن تىزلانغان كىشىگە دالىدىكى گىياھمۇ باش ئەگمەيدۇ.

— مەن قورساق ئۈچۈن ئەمەس، ياشاش ئۈچۈن تىزلاندىم.

— سېنىڭ ياشىشىڭ قورساق ئۈچۈنمۇ؟

— ئۇلۇغ — دەبدەبىلىك گەپلەردىن كۆرە راست گېپىم شۇلدۇركى، بۇ سوئالىڭنىڭ يېرىمىغا «ھەئە»، يېرىمىغا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىمەن.

— خۇپسەنلىك قىلما، ئىنسان.

— قورساق— نەپس مەن ئۈچۈن سىناقتۇر. ئۇنىڭ يېرىمى مېنى تىنىمسىز ھالدا قۇترىتىپ تۇرغۇچى شەيتاننىڭ ئۆۋسى. ئۇنىڭ ئېپلاسلىقى مېنى ئاچ كۆزلۈك، پەسكەشلىك، سۇخەنچىلىك، ئىشرەتخورلۇققا ئۈندەيدۇ ۋە مېنى تىزلىنىپ باش ئېگىشكە زورلايدۇ. يېرىمى، مېنى ئالەمنى بارلىق تامان يۈزلىنىشكە ئۈندىگۈچى پەرىشتە ئۆردىسى. ئۇ مېنى شۈكۈر، تاقەت، غەيرەت، مېھرىبانلىق، رەھمەت تۇيغۇسىغا يېتەكلەيدۇ ۋە ئوخشاشلا مېنى تىزلىنىپ باش ئېگىشكە ئۈندەيدۇ. قايسىغا يۈزلىنىش دەل مېنىڭ كىملىكىمدۇر. مەيلى قايسىسىغا ماڭاي، مەن ھامان تىزلانغۇچىمەن. ياشاش ئۈچۈن تىزلاندىم دېيىشىم شۇ ۋەجىدىندۇر. بىلگىنىكى، بىر ئىنسان ئۆز قەلبىگە باش ئەگمەي تۇرۇپ يەنە بىر بەندىگە ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ. مەن نەپسى- ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاچلىق- چاڭقاقلىقىنى قانچىكى ئوبدان قاندۇرالىسام شۇنچە تاقەتلىكمەن ۋە شۇنچە زور تەسەللى بىلەن تىك ياشايمەن. ئۇنى قانغۇچە تويدۇرۇش، باشقىلارنىڭ يېگەن- ئىچكىنىگە ياكى قولىغا تەلمۈرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن ئىشلەيمەن. ئەمما تەن ئالىمەنكى، مەن ئۇنى ھەرگىز تولدۇرالمايدىغانلىقىمنى بارغانچە ئېنىق ھېس قىلماقتىمەن.

— مانا بۇ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ، ھەم ئۇلۇغلۇقۇڭ. قورساقتا سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ ھەم ئۇلۇغلۇقۇڭ مۇجەسسەم. سەن يېمەي تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن، ھەتتا ئۆلىسەن. كۈندە ئۈچ ۋاق تاماققا يۈگۈرۈشنى نەپسى، قارنىڭنى تولدۇرۇش دەپلا ئويلاپ قالما. ئۈچ ۋاق تاماقتا ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى بىر روھ باركى، ئۇ سېنى ھېرىپ- چارچاشتىن، دۇنيانىڭ غەم- غۇسسىلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ يىراق قىلىدۇ ھەم سېنى پۈتكۈل جاھاننىڭ ئەڭ ئەزىز ۋە لەزىز نېمەتلىرىنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىدۇ. مانا بۇ سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭ بولماي نېمە؟ ئازراقلا قورسىقى ئاچسا چىدىيالماي ھالىدىن كېتىدىغان ۋە بىر كاپام لوقمىغا تويىدىغان ئىنسانسەنۇ، يەنە جاھاندىكى ئەڭ سەرخىل نېمەتلەر سەن ئۈچۈن ھازىر! بىلسەڭ، سەن قورساقنىڭ نېمىلىكى ۋە ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگىنىڭدە ئۈچ ۋاق تاماققا سېلىنغان داستىخان شۇنداق بىر مەرھەمەت پاياندازىغا ئايلىنىدۇكى، سەن ئۇ يەردىن ئىنسان، دۇنيا، ئاخىرەت تۇيغۇلىرىنىڭ بىر- بىرىدىن ئاجرالماس بىرىكمە گەۋدىسىنى كۆرەلەيسەن. قورسىقىڭ ئۈچ مەررە ئاچمىغىنىدا ئىدى، ئۇھ دېگۈدەك پۇرسەتمۇ تاپالماي ھاردۇقتا چارچاپ ئۆلەتتىڭ ۋە شۇنداقلا دۇنيالىقتىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلمەس ئىدى؛ قەلبىڭدىن شۈكۈر، ئىنساپ تۇيغۇلىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەر ئىدى؛ ئىنسان ئىنساننىڭ قەدىر- قىممىتى ۋە تەبىئەت ئاتا قىلغان نازۇ- نېمەتلەرنىڭ ھۇزۇرى- لەززىتىنى بىلمەس ئىدى. مىڭ شۈكۈرلەركى، قورساق ئېچىپ تۇرىدۇ، داستىخانلار سېلىنىپ تۇرىدۇ.

— مەرھەمەت...

## 3

ئاقىلىقتا سۈتتەك، پاكلىقتا نۇردەك، يۇمشاقلىقتا يىپەكتەك

گۈلدار داستىخان يېنىڭ لەپىلدەپ ئالدىمىزدا يېيىلىپ توختىدى. ئۇنىڭ لىغىرلاپ يېيىلىشى سۇنىڭ يۇمشاق دولقۇنىنى، تاڭ سەھەردىكى سەلكىن شامالنىڭ يۇمران گۈل- گىياھلارنى يەلپۈتكەندىكى تەۋرىنىشىنى ئەسلەتتى. ئېيتقۇسىز راھەت تۇيغۇ ئىچىدە قالدىم. قولۇم يۇيۇلغان، كاللام يۇيۇلغان، يۈزۈم ئۇيالغان ھالدا پاكىز داستىخانغا تىكىلدىم. كەشىم پەگادا، دۇنيانىڭ تۈگىمەس غەم- غۇسسىلىك ئىشلىرى تالادا قالدى. ئالدىمدا پاك- پاكىز، سۈپسۈزۈك داستىخان. ئۇدۇلۇمدا چىرايىدىن نۇر ۋە خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان مېھرىبان ئىنسان، داستىخاندا كۈننىڭ تەپتى، تۇپراقنىڭ جەۋھىرىدە پىشقان شېرىن- شەربەت مېۋە- چېۋىلەر ۋە قاتمۇ قات قوربان بېرىش، بېغىشلاش، ئاتاش، ئەجىر- مېھنەت سىڭدۈرۈشتىن كېيىن تەييارلانغان ھالال يېمەك- ئىچمەكلەر... ئۇنىڭدا جان- جانىۋار، گۈل- گىياھ، توپا- تۇپراق، سۇ، كۈن، ھاۋا، ئادەملەرنىڭ... ھەممە- ھەممىنىڭ ئەجىر- مېھنىتى، قان- تەرى ۋە مىننەتسىز قوربان بېرىش روھى بار...

يارەب، مەن نەدىن كەلدىم ۋە نەگە كەلدىم؟ مەن ئالەم ئالدىدا نېمەيۇ، دۇنيا ئۈچۈن نېمە قىلىپ بەردىمۇ، ئالدىمدىكى نېمە ۋە نە ئۈچۈن؟

تېخى نەچچە مىنۇت ئىلگىرىكى غەم- غۇسسىلەر، خاپىچىلىقلار، ئالدىراشچىلىقلار، دۈشمەنلىك- ئارازلىششلار، تەنە- ماللامەتلەر قايدا قالدى- ھە؟!..

بىر نۇر تېزىمغا يامىشىپ چىقتى ۋە توختىماستىن يۇقىرى ئۆرلەپ دىمىمنى سىققىنىچە، بوغۇزۇمنى بوغۇپ قورساق بوشلۇقۇمغا كىرىپ كەتتى. تىنالماي قالدىم ۋە تىزلاندىم....

ھەئە، مەن تىزلانغۇچى، تىزلاندىم ئالدىڭدا.
مەن يۈكۈنگۈچى، يۈكۈلدۈم ئالدىڭدا.
مەن ئېگىلگۈچى، باش ئەگدىم باغرىڭغا...
داستىخان، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتتە تىك ئولتۇرغۇچى...

خەلقىمىز ئەسىر- ئەسىردىن بېرى داستىخاندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كەلگەن، ھەتتا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشنىمۇ ھار ئېلىپ كەلگەن. يۈكۈنۈش تىزلىنىش دېمەكتۇر، ھۆرمەت دېمەكتۇر. يۈكۈنۈش ئەڭ ھۆرمەتلىك جايدا كۆرسىتىلىدىغان ئىززەت.

يۈكۈندۈم. يۈكۈنۈشۈم قورساق ئۈچۈنمۇ؟

— قورساق ئاشقازانلا ئەمەس. تەپەككۇر قىلغۇچى ئىنسان ئۈچۈن ئۇ ھەردائىم شۈكۈر ۋە بەرىكەت سىگنالى چالغۇچى قوڭغۇراقخانا!

تىزلاندىم.

— تىزلانغىنىم داستىخان. ئۇ يالغۇزلا رەخت ئەمەس. ئۇ بىر پارچە رەخت ئىدى. بىز ئۇنى داستىخان قىلىش نىيىتىدە سېتىۋالغان ھامانلا ئۇ مۇقەددەس سىمۋولغا ئايلىنىپ كەتتى. نىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىر پارچە ئاددىي رەختكە چوڭقۇر مەنە بەردى. مېنىڭ تىزلانغىنىم شەكىل ئەمەس، ماھىيەت!

ئېگىلىشتىم.

— ئالغان تائام، سالغان لوقما ھەلەپ مەنىسىدىكى يېمەكلىك ئەمەس. ئەقلىدە يورۇغان كۆز ۋە شۈكۈر- ئېھسان بىلەن يۇيۇلغان ئىشتىھا ئۇنى كاتتا نېمەتكە ئايلاندۇردى. ئىنساپ ۋە شۈكۈر تۇيغۇسى بىلەن يېيىلگەن تائام بەرىكەت ئېلىپ كەلگۈسى.

قاندىم، تويدۇم ۋە بوشىشىپ كەتتىم...

— كۆللىي كائىناتنىڭ مۆجىزىلىك سەمەرىسى بولمىش ئەڭ ئەزىز ئىنساننىڭ نەپسى- ۋۇجۇدى پەقەت ۋە پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولغان قان- قېرىنداشلىق مېھىر- مۇھەببىتىنىڭ كۆيۈم- سۆيۈملۈك قوچاقلىرى ئارىسىدا تەبىئەتنىڭ ئەڭ شېرىن ۋە لەزىز لوقما- تائاملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. سوپىلار ئېيتقان «ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد»نىڭ لەرزى- لەززىتى شۇ بولىدىغان بولسا، مەن نىتەي، مەن نىتەي؟!...

يۈكۈندۈم ئالدىڭغا!...
كىملەر سالدى ماڭا داستىخان؟
ۋە مەن سۇندۇم كىمگە بىر تال دان؟...

سوراق — جاۋاب بېرىش، ھەتتا قېچىپ قۇتۇلۇشمۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ۋىجدانىي سوراق — داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇنى ھەممە ئادەم ئۆزىدىن سورىيالامدۇ ۋە خوپسەنلىك قىلماي جاۋاب بېرەلەمدۇ؟ بىز كۆپ ھالدا قورساق تويسىلا كىمنىڭ، نېمىسىنى، قانداق يېگىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز، ھەتتا بىلىپ تۇرساقمۇ بىلمەسكە سېلىۋالىمىز.

— دۇئا بەرسىلە!

قائىدە ئۆز بويىدا داۋاملىشىۋاتاتتى. داستىخان قائىدىسى مەلۇم بىر دەۋر ئىجتىمائىيىتىنىڭ كۆرگۈسىدۇر. بۇ كۆرگۈدە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى سۈپىتى ۋە ئۆزگىرىش ھالىتى ئايانىدۇر.

## 4

بىلگۈچى ئىنسانغا سەن ئالەمىي بارلىقنىڭ ۋە جىمى- جىمى ئەزىز- لەزىزلىكنىڭ جەمگاھىسەن، داستىخان!

بىز سەندە تەنگە قۇۋۋەت، روھقا ھىممەت تاپىمىز؛ بىز سەندە چارچىغان نېرۋىلارغا ئارام بېرىمىز؛ بىز سەندە ئارازلاشقان قەلبلەردىكى غۇم- ئاداۋەت داغلىرىنى يۇيىمىز؛ ھەرقانداق مەسلىھەت، كېڭەش بىزدە داستىخاندا بولىدۇ؛ ھىممەت داستىخىنى ئىززەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈچى كۆڭۈللەرنى بىر- بىرىگە باغلايدۇ؛ ئەدەپ- قائىدىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان تۈزكور قەلبلەرنىچۇ؟ داستىخانىنى رەھمەت ئۈچۈنلا سېلىنغان پايانداز دەپلا چۈشىنىۋېلىش تەنتەكلىكتۇر. تۈزىنى يەپ تۈزلۇقىنى چاقىدىغان نائەھلى- تۈزكورلار ئۈچۈن ئۇ غەزەپ- نەپرەت مەيدانىدۇر. رەھمەت بىلەن نەپرەتنىڭ ئېنىق،

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇق بولۇشلا داستىخاننى ھەقىقىي ئىززەتلىك قىلىدۇ. قىسقىسى، كۆڭۈل كۆڭۈلگە داستىخاندا باغلىنىدۇ: تۇغۇمدىن ئۆلۈمگىچە ئىنساننىڭ تامامىي خۇشلۇق ۋە غەشلىكى مانا شۇ داستىخاننى چۆرىدەيدۇ ... داستىخان تۇرمۇشىمىزنى مەڭگە ئىگە قىلغۇچى ھىممەت، رەھمەت ۋە بەرىكەتتۇر.

ھەممىسىمۇ؟

دادام داستىخان سالماي يېيىلگەن تائامدا بەرىكەت يوق دەيتتى ۋە داستىخان قائىدىسىگە سەپرالىق بىلەن ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. مەن دادامنىڭ تاماق يېشقان ھامان قولنى پاكىز يۇيۇپ سۈكىگە (سۇپىغا) چىقىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇش، تاماقنى ئالدى بىلەن كىچىكلەرگە بېرىش، نورمال سۈرئەتتە، ئاۋاز چىقارماي يېيىش، داستىخاندا شۈك ئولتۇرۇش، كىشىنىڭ قاچىسىغا لوقما سالماسلىق، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن، بىر تەرەپتىن يېيىش، ئىلغىماي يېيىش، ئاشۇرۇپ قويماسلىق، تاماقتىن قۇسۇر تاپماسلىق، ئىسراپ قىلماسلىق، دۇئادا چوڭلارغا قاراش، داستىخاندا كۆپ گەپ قىلماسلىق، داستىخاننى پاكىز يىغىشتۇرۇپ قېقىش، ىشلىتىلگەن قاچا-قۇچىلارنى دەرھال يۇيۇۋېتىش، ئۆيدە يۇندى قوندۇرماسلىق، باشقىلارنىڭ داستىخىندا ئۆزىنى سوراپراق ئولتۇرۇش ۋە چېكىدە غىزالىنىش، ساھىبخانىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىش... قاتارلىق تەنبىھ-نەسىھەتلىرىنى تالاي ئاڭلىغانمەن. شۇ تۈپەيلىمۇ داستىخان مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇنتىزىم، تەرتىپلىك جەرياننىڭ ئىجرا قىلىنىش مەيدانىدەك بىلىنەتتى. داستىخان ئەدەپ، ھۆرمەت، سىپايىلىق، ئادەمگەرچىلىك، كۆيۈم، رەھمەت سورۇنىدەكلا تۇيغۇ بېرەتتى ۋە ھەم مەن شۇنداق تونۇش كىرەكلىكىنى قانۇن-قانۇنىيەت يۈكسەكلىكىدە چۈشەنگەنىدىم. نەزىرىمدە ھاياتنىڭ مەنە-ماھىيىتىنى قەلبى بىلەن چۈشەنگەن بىر ئىنسان داستىخانغا ھەرقانداق پەسكەش، قىلىقسىز، چاكىنا ئادەت-ھەرىكەتلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. شۇندىلا داستىخانغا رەھمەت، بەرىكەت ياغاتتى. ۋەھالەنكى، بىز شۇنداق بىر جەرياننى كۆرۈۋاتىمىزكى، داستىخاندىكى قائىدە-تەرتىپ ئاجىزلىشىۋاتاتتى، ئۆزگىرىۋاتاتتى، ھەتتا ئاينىۋاتاتتى...

— نېمە داستىخانغا پۇتۇڭنى سۇنۇپ ئولتۇرىسەن؟ يىغىشتۇرۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇر!

— ھالالغا ھارامنى، ياخشىغا يامانىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن نەدە بار؟ زۇلۇمدىن قورقمامسەن؟

— يەرگە چۈشكەن ئۇۋاقنى تەر. قانچىلىك تەستە كەلگىنىنى بىلمەمسەن شۇنىڭ؟ دەسسەپ سالساڭ كور بولارسەن بىكار.

— داستىخاندا نېمە ئارتۇق گەپ بۇ ئۆزى؟ تاماق ۋاقتىدا تاماق يېگۈلۈك، تامىقىڭغا شەيتان شېرىك بولسۇنمۇ يە؟

— يېسەڭ قۇسۇر چىقارماي شۈكۈر دەپ يە، بولمىسا يېمە، گەپ قىلما.

— قايسىڭ ئاشۇردۇڭ بۇ تاماقنى؟ سىلەر ئاچ قېلىپ باقمىغان، شۇڭا بىلمەيسەن. «ئۈنچە-مارجان تاش ئېكەن، ئارپا-تېرىق ئاش ئېكەن» دېيىدىغان شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئىسراپ قىلغان ھەربىر تال ئاشنىڭ جازاسىنى بىرمۇ بىر تارتىسەن. شۇ چاغدا تۈۋا قىلدىم، تۈۋا دېمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي...

بۇ گەپلەر، ھەي ي... ئىسراپچىلىق قايناپ تۇرغان شىرەلەرگە مەن نېمە دەي؟ ھالال ھارامغا، پاكىزلىق مەينەتچىلىككە، ھايا شەھۋەتكە، ئىپپەت سودىغا، ئەدەپ نومۇسسىزلىققا، ھۆرمەت مەسخىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن سورۇنغا مەن نېمە دەي؟

يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدىغانلار، ئولتۇرالايدىغانلار، مۆھمى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتىن روھىي لەززەت ئېلىشنى ئىزدەيدىغانلار ئازلاپ كەتتى. بىز تىزلىنىپ، قاتارلىشىپ ئولتۇرىدىغان، چوڭ-كىچىكلەر ئارا قىزغىن، سەممىي تەكەللۇپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان داستىخاننى بارغانسېرى ئاز كۆرىدىغان بوپكەتتۇق: بىز يۇمىلاق شىرەگە، دىۋانلارغا كۆچۈۋالدۇق. ئەمدى تىزلىنىپ، يۈكۈنۈپ، ئېگىشىپ ئەمەس، گېدىيىپ، تىكلىنىپ، ھەتتا پۇتىمىزنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرىمىز: تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇپ كىم بىلەن نېمە يەۋاتىمەن، ئۇنىمۇ ئۇيلىيالماس بوپكەتتۇق: كىم، نېمە بىلەن، قانداق ئەتتى، ھەتتا بۇنىمۇ سۈرۈشتۈرمەيلا غىزالىنىۋېرىدىغان بولۇۋاتىمىز... داستىخاننىڭ شەكلى، ئولتۇرۇش قائىدىسى، يېمەك-ئىچمەكنىڭ خىل-تۈرى ئۆزگەرگەن بىلەن ماھىيەت، تونۇش ئۆزگەرمىسە بولاتتىغۇ؟!

داستىخاندا ھاراق-شاراب، غەيۋەت، شەھۋەت... بىز ئاچ كېلىپ تويۇپ، ئاجىز، ماغدۇرسىز كېلىپ كۈچلۈك، بەقۇۋۋەت ھالدا تويۇپ كېكىرىپ ۋە شۈكرانە تۇيغۇسى بىلەن قايتىدىغان داستىخانغا ئەمدى خېلى كۆپىنچىمىز ئوڭ كېلىپ تەتۈر، ساق كېلىپ ساراڭ، توق كېلىپ ئاچ، ساغلام كېلىپ زەھەرلىنىپ قايتىدىغان بولدۇق. ھىممەت، نېئمەت، رەھمەت، بەرىكەت ۋە ئارىدىكى نىزانى يۇيغۇچى مەغپىرەت بىلەن تولغان داستىخاندىن ئەمدى بىز نېمىلەرنى تاپىمىز ۋە نېمىلەرنى ئىزدەيمىز؟ بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنىمۇ؟ قايناپ تۇرغان سۇخەنچىلىك، غەيۋەت ۋە تۆگمەس پىتنە-پاساتنىمۇ؟ ئەھمىيەتسىز پاراڭ، مەززىسىز كۈلكە-چاقچاق، سېسىق، بەتبۇي پۇراق، قاڭسىق ئىس-ھىد، تىزگىنىدىن چىققان نومۇسسىز شەھۋەت، يىرتىلغان ھايا پەردىلىرى ۋە ئاپئاشكارا بۇزۇقچىلىق ئىچىدە بۇيۇك نېئمەتلەر مۇزلىدى، بۇلغاندى؛ رەھمەت داستىخنى جارتىلداپ يىرتىلدى؛ ئەپۇ-مەغپىرەتنىڭ ئالىقىنىنى چىن كۆڭلىدىن سىقىپ قېرىنداشلىق مېھرىنى چىڭتىپ، ئۇزاتاق بىر مەنزىل ئۈچۈن قول تۇتۇشىدىغان قوللارنىڭ قايدىلىقىنى كىمدىن سورايمىز؟...

بۇ، داستىخاننىڭ ئۇنتۇلۇشى، رەڭۋاز جاھاننىڭ ئىستېمال ئادىتىگە ماس كەلمىگەنلىكى، ياكى ئۇنىڭ شەكىل ئۆزگىرىشى قىلىپ شىرەلەرگە ئالماشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟

جاۋاب: ياق!

بۇ، قورساق بىلەن داستىخان، ئېھتىياج بىلەن نېئمەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يۈزلەنگۈچى ئىنساننىڭ مەنىۋى سۈپىتى، شەيئىلەرنى تونۇش، كۆزىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

— ئاچلىق، توقلۇق... زەر داستىخان، چىت داستىخان ۋە ياكى كونا ماتا داستىخان... ساڭا مەيلى قانچىلىك ئۇلۇغ مەنە، سىرۇ- ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئىنسان، يەنە شۇ زاتى ئىنساننىڭ ئەقىل كۆزى كۆرمىسە، تەن- سەزگۈسى سەزمىسە، سەن نەقەدەر بىچارە ۋە ئاجىز- ھە؟!

— ياق، خاتالاشتىڭ. سېنىڭچە، ئەقىل بىردىنبىر قىممەت بەلگىلىگۈچى ئامىلمۇ؟ ئىنسان بىلمىسە، تونۇمىسىلا شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى مەنىگە ئىگە ئەمەسمۇ؟ بىلگىنىڭكى، رەھمەت ئەزەلدىن ئاجىز ئەمەستۇر، ئىنسانغا رەھمەت قىلىپ بېرىلگەن نەرسە تېخىمۇ بىچارە ئەمەستۇر. ئىنسان دۇرنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنى ئەخلەتكە تاشلىسىلا، سېنىڭچە دۇر ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالارمۇ؟ گۆھەر نىجاسەتتە مىڭ يىل ياتسىمۇ، يەنە شۇ گۆھەردۇر. خار- بىچارىسى رەھمەت قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىمۇ تونۇپ پايدىلىنالمايدىغان ئىنساندۇر. ئۇ، بېرىلگەن نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلگۈچە ئۆزى بىلىپ- بىلمەي چەكسىز ھەرەج- خاپىلىق تارتىدۇ ۋە تالاي يىلدىن كېيىن شۇ نەرسىنى قايتا تېپىپ، ئاھ- ۋاھ، مەن ئۇنى تاپتىمۇ، بۇنى كەشىپ ئەتتىم، ئۇنىڭغا ئاخىرى ئېرىشىپ، مۇنداق- مۇنداق ئاسانلىق- ئەۋزەللىكلەرنى ياراتتىم ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا ناھايىتى بۇرۇنلا بېرىلگەن. بىر كاتتا زەردار ئۆزىنىڭ غەنىي- بايلاردىن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە تەۋە نۇرغۇن بايلىقنىڭ بارلىقىنى بىلمەي تالاي يىل ياشىسۇنۇ ۋە بىر زامانلارغا كەلگەندە ئاشۇ بايلىقىدىن ئىككى تىللانى تېپىۋېلىپ مېنىڭ پۇلۇم بار بولدى، دەپ ۋارقىراپ يۈرسۇن. سەن ئۇنى راستىنلا باي بولدى دەمسەن ياكى تالاي نەرسىدىن مەھرۇم قالدى دەپ ئويلامسەن؟ بۇ جەرياندا خارۇ- زار بولىدىغىنى ئۇنىڭ بايلىقىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ؟ چوقۇمكى رەھمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچى ئىنسانغا جازا مانا مۇشۇنداق تۇيدۇرماستىن، ئاستا- ئاستا كېلىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ... كۆرىدىغان كۆز بارمۇ؟...

سۈكۈت، چەكسىز سۈكۈت داۋاملىشىۋاتاتتى...

## 5

داستىخان سالدىم، قورىبىم يەتكەن دائىرىدا غىزا تەييارلىدىم ۋە يۈكۈندۇم...

مېنىڭ يۈكۈنگۈم، تىزلانغۇم، قەدىردان ئادەملىرىم بىلەن دىدارى مۇلاقەتتە ئولتۇرۇپ ھاياتلىققا بەخشەندە قىلىنغان نازۇ- نېئمەتلەردىن ھوزۇرلانغۇم، جىسمىمنى كۈچكە، روھىمنى قۇۋۋەتكە تولدۇرۇپ، ئاندىن قوپۇپ گەۋدەمنى تىك تۇتۇپ ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇم كېلىدۇ.

يۈكۈنۈش مەندىكى كۆرەڭ- مەغرۇرلۇقنى يۇيۇۋەتسە دەيمەن؛

•

تىزلىنىش مېنى ئىتائەتچان، ئەمما ئۆزۈمنىڭ قوربى يېتىدىغان ئىشلاردا شىجائەتچان قىلسا دەيمەن؛

ئېگىلىش مېنى ئۆزۈم ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرنى قەدىرلەشنى بىلىدىغان شۈكۈرچان ۋە يەنە ئۆز نىشان- پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ تىرمىشىشنى بىلىدىغان كۈرەشچان قىلسا دەيمەن...

ئىتائەتتە ئىنسانمەن، ئىسيانىمدا شەيتانمەن!...

داستىخان مېنى رەھمەتنىڭ بايانى ۋە پايانىغا يېتەكلەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئەقىل كۆزۈم بىلەن قارىسام ۋە سەممىي نىيىتىم بىلەن ياندىشىسام دەيمەن.

2008- يىل 17- سېنتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە 2006- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت (M1)

### ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009- يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009- يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش 2009- يىلى 10- ئاينىڭ 10- كۈنى باشلىنىپ، 11- ئاينىڭ 20- كۈنى ئاياغلىشىدۇ. مۇشتەرىلەرنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزنىڭ 2009- يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. مۇشتەرى بولۇشتا ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22—58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقانداق جايىدىكى پوچتىخانىلاردا ئىنتايىن ئاسان مۇشتەرى بولالايسىز. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمىزكى، ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق بىۋاسىتە مۇشتەرى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا مۇشتەرىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پوچتىخانا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇشىنى سورايمىز.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# غورەك

(ھېكايە)

ئالتۇنگۈل رەجەپ

يۇرتىمىزدىكى تاكسىلارنىڭ قاشقىسى بار. مەيلى قانداق ئالىي پىكاپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ رەڭگى ئوخشاش. «ئاستى توق مايسىرەڭ، ئۈستى نوم ئاق» دەپ بەلگىلەنگەن ئىككى خىل رەڭدىلا سىرلىنىشى كېرەك.

دېيىشىۋالغاندەك بويۇنلىرىغا قىزىل يىپتا ئوت چاپانلىق زىرە تاش ئېسىۋېلىشقان شاش تاكسىچىلار ياز كۈنلىرى پىكاپلىرىنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ياگرانتقۇلىرىنى گۈپپاڭشىتىپ قويۇۋېلىپ قىستاڭ كوچىدا بىر- بىرىدىن بەس تالىشىپ چاپىدۇ. يولغا ئۈچقۇ ئادەم يوق بۇ دۇنيادا. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەۋىسىنى بىر دېمەك. پىيادە مېڭىپ قولىغىزنى كۆتۈرۈش تۈگۈل، ئەدناسى، يۈزىگىزگە قونغان چىۋىننى قورۇغىچە نەچچە تاكسى ئالدى- كەينىگىزدە پەرۋانە. «مەن بىر بىتەلەي، ماڭا ئوت لازىم بولغاندا دوزاخنىڭ ئوتىمۇ ئۆچۈپ قالدۇ، سۇ لازىم بولغاندا دېڭىزنىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ» دېگەندەك، ئەمدىلىكتە ئاشۇ تاكسىلار قېنى؟

يۈتۈمدىكى تۆمۈر چاڭگاكىدەك قىسىپ، جىنىمنى ئىگەگدەۋاتقان، يالتىراق بابالادىن تىكىلگەن پاشنىسى مىختەك ئۇچلۇق ئايىغىمنى ئىچىمدە مىڭنى قارغىدىم. ئىتالىيىنىڭ مودا ئايىغىمىش تېخى. ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئوت قويغان، زەھەر سېتىپ بەسكەشلىك قىلغان جىنايەتچىلەرگە پۇتۇمدىكى مۇشۇ بابالا ئاياغنى كىيگۈزۈپ ئەگەرچى كوچىسىدىن بۇيا تاشيولغىچە بىر قېتىم پىيادە ماڭدۇرۇپ باقسا- ھە؟! قاپارتقۇلارنىڭ سۈيى چىقىپ، بارماقلىرىم شىلىنىپ كەتتى بۇ چاغقىچە... پۇتۇمنىڭ ئاغرىغانسېرى كۆزۈمگە تېرىسى سويۇلغان خام گۆش كۆرۈنۈپ، ھامامنىڭ قاسساپ ئېرىنىڭ ھېلىقى گۆش چانايدىغان كالتە ساپلىق تىۋەزۈنى ئېسىمگە كەلدى... خەپ، بۈگۈن كېچىدىن قالدۇرماي بۇ مەرەز ئاياغنى شاپاق چانىغاندەك چانىۋەتمەيدىغان بولسام...

يىڭگۈندەك مېڭىپ چوڭ يولغا چىقتىم. يىراقتىكى كوچا چىراغلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئايىغىمنىڭ پاشنىسى كۈندۈزى ئوت ئىسسىقتا خېمىردەك لۆمشۈپ كەتكەن ماي يولغا قەدەمدە بىر پېتىۋاتاتتى. چىكەن كۆڭلىكىم شوخدەك سانجىلىپ دۈمبەمگە چاپلىشاتتى...

— تاكسى!— ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغاندا ئېغىر پۇتلىرىم ماي يولدىن ئىككى ئىلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، لېكىن دېرىزىسى ئوچۇق تاكسىلار كىملەرنىدۇ ئېلىپ، چىراغلىرىنى يالماۋۇزنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىرىتىپ ئالدىمدىن قۇيۇندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. قولىقىمغا جاققۇل- جۇققۇل مۇزىكا، بۇرنۇمغا

«بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم»

ئاچچىق تولپا ئارىلاش قۇرۇغان تېزەك بىلەن كۆيگەن بىنزىن پۇرىقى ئۇرۇلدى...

— ھۇ، ئىككى نان تاپسا بىرىدە داپ چالىدىغان كىراكەشلەر...

ئىچىمدە ماڭا كۆز قىرىنىمۇ سالماي ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ دەڭگىرەكلەرنى مىڭ قارغىدىم: «ئىلاھىم سەن كىراكەشلەرنى ...»

ئۇنىڭغا قوشۇپ مۇشۇ تومۇز ئىسسىقتا قىزنى ياتلىق قىلماقچى بولغان چاپچۈپچىلەرنى... قىلمەن دەپ تويغا ئېيتقان تاغام بىلەن، كېچىدە بالونى ئېتىلىپ كېتىپ ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالغان ئەبجەق مىنىبۇس، ھەتتا تاكسىلىك يولۇچىلارغىچە قارغاپ قاقشىدىم. شۇ تەرزدە ئالدىمدىن نەچچە تاكسى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ھېچقايسىسى بوش ئەمەس. ماڭا قارايدىغانغا ھېچكىمنىڭ كۆزى يوق. چىڭقالغان پۇتۇمنىڭ پېژىلداپ كۆيۈشۈپ ئاغرىغىنى ئاغرىغان. ئەتراپ خىرەلەشتىمۇ ياكى كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتىمۇ، بىلمىدىم، بىردىنلا بۇرنۇمغا ئاچچىق تولپا ھىدى ئۇرۇلدى. بەلكىم ھايال ئۆتمەي ھاۋانىڭ ئەلپازى بۇزۇلۇپ، سېرىق بوران تەكلىماكاننىڭ قۇملىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەر...

— تاكسى!

بىلىپ تۇردۇم، ھولليۇۋدنىڭ فىلىملىرىدىكى سېرىق چاچلىق سەتەڭلەردەك ۋارقىرىغىنىم بەك ئېشىپ كەتتى. ئەمما، سەۋر ـ تاقىتىم تاشتى...

ئالدىمدىن ۋىششىدە ئۆتۈپ كەتكەن تاكسى چىرقىراق ئۈنۈمنى ئاڭلىدىمۇ ـ قانداق، خېلى نېرىدا قاتتىق تورمۇزلىنىپ توختىدى ۋە يېنىپ كەلدى.

مەن تاكسى ئىچىگە ئۈمىد بىلەن ئۈمتۈلدۈم. تاكسى ئىشىكىگە قولۇمنى ئۇزىتار ـ ئۇزاتماي ئارقا دېرىزىدىن بېشىغا ئاق شاپاق دوپپىنى قىڭغىر كىيگەن بىر ئوغۇل بالىنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— نەگە بارىلا، ئاچا؟

— ئەتلەس كوچىسىغا.

— ئىلدام چىقسىلا ئەمىسە، سىلىنى ئالغاچ كېتەي،— بالا شۇنداق دېگىنىچە تاكسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى،ـ مېنىڭ ئۆيۈم مۇنچا كوچىسىدا.

تاكسى قوزغالدى. ئوچۇق دېرىزىدىن غۇيۇلداپ كىرگەن شامال چۇۋۇق چاچلىرىمنى يەلپۈتۈپ، ھارغان تېنىمنى ئېيتقۇسىز راھەتلەندۈردى. ئۆزۈمنى تاشلاپ شەلۋەرىگەن پۇتۇمنى ئاياغدىن ئاستا سۇغۇردۇم.

— ئەرلىرى يوقما سىلىنىڭ؟

تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك تۇيۇقسىز، يەنە كېلىپ ئۇدۇل، تومتاقلا سورالغان سوئالدىن ھەيران قېلىپ بالىغا قارىدىم. ئۇ، بۆكىنى تېخىمۇ قىڭغايتىپ قويۇپ، كۆز جىيەكلىرى ئارىسىدىن بېشىنى قاشلىدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟— ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا سورىدىم.

— ئۈچمە پىششىقىدا ئونبەشكە.

— قىزىم بىلەن تەڭتۇشكەنسەن.

— قىزلىرىنى ئوبدان باشقۇرسىلا ئەمىسە.

تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— مەھەللىمىزدىكى مەرەم شەپەرەڭنىڭ قىزىدەك بوپقالسا ئەر ئالمايدۇ.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. بالىنىڭ گەپلىرى تاققا ـ تۇققا تۇيۇلدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. خېلىدىن كېيىن شوپۇرغا بۇرۇلدۇم:

— بۇ سىزنىڭ ئىنىڭىزمۇ، ئۇكام، تازا گەپچى بالا بوپتىغۇ...

— ياق، مەن ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەمەس. مەن دېگەن يولۇچى، بۇ تاكسىنى مەن كىرا قىلغان،— شوپۇر بىر نەرسە دەپ بولغۇچە بالا يېڭىنى شىمايلاپ، مەيدىسىگە بوك ـ بوك مۇشتلاپ قويۇپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى،— يالغۇز كىرالىدىم. سىلىگە دېسەم، دەريا بويىدىكى ئاچام ئاخشام يەڭگىدى. قوشكېزەك دېسىلە. بىر ـ بىرىدىن ئۇز تۇغۇلۇپتۇ ئۇ سوقچىلار،— ئۇنىڭ شالتاق يۈزىدە شادىيانە كۈلكە پارلىدى،— ئانام ئاچامغا ئۈكلەپ بەرگەن كالىلنى ئاپىرىپ بېرىپ قايتىشىم. خوتۇنى تۇغۇپ ياتىدىيۇ، ئېرى دېگەن لاتاغىلاپ ھازىرغىچە يوق. قونۇپ قالاي دېسەم تېخى. ئانام تۇغۇتلۇق ئايال يالغۇز قالسا، ئالۋاستى چىپىلىپ بالىسىنى يەپ كېتىدۇ، دەيتتى. بوينۇمدىكى تۇمارنى ئېسىپ قويدۇم، خۇدايىمغۇ ساقلا!

بەدىنىگە ئۈكلىگەن قوي كالىلسىنىڭ ھىدى سىڭىپ قالغان بالا قارا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ماڭا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەزلۇمچىلىكنى يامان دەيدۇ. قارىسام، ئاق ئۈچمىنىڭ بودىكىدەك ئۆزلا خېنىمكەنلا. كېچىدە يول ياقىسىدا يالغۇز تۇرۇپلا. ئالمادىس يامان ئادەملەرگە ئۇچراپ قالسىلا قانداق قىلاتتىلا ئىگەكىم. مەن خوتۇن ئالدىغان بولسام، نامازشامغىچە بوسۇغا ئاتلاپ بولمايدىغان بولسىزە...

— ئالە شەرىڭنى، توڭكىيىنى چاقىمەن دە،— خىرقىراپ

كۆلدى شوپۇر يىگىت.

— خوتۇن خەقنىڭ قارنىنى يېرىپ چىققىنۇ، يەنە خوتۇن كىشىنى ئۇر. كۇرسۇك ئىتمۇ قانجۇق بىلەن تالاشمايدۇ، ئۇستام.

— ما شۇمنىڭ گېپىگە قارا، ئاناڭنىڭ قورسىقىدىلا قوماچتەك قورۇلۇپ قالغان نېمىكەنغۇ سەن؟!

— نەچچىنچى سىنىپقا چىقتىڭ، يىگىت؟ — سورىغاچ، بالىنىڭ گېپىگە مەستلىكىم كېلىپ ئۇنىڭ زاڭقىنى كۆتۈرۈپ قويۇپتىمەن.

— ئاهاي، — چىكىلدىغىنىچە قولۇمنى ئىتتىردى ئۇ، — قوللىرىنى يىغسىلا، ئاچا. ئەجەبىير قىلىقلىرى باركەن. نامەھرەمدىن قورقمامدىلا؟ — ئۇ مەندىن نېرىراق سۇرۇلۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ توختاپ قالغان. ئا ب س دىن نان تېپىپ يېيىش تېخى ماڭا نېسىپ بولمىدى. رەھمەتلىك دادام موزدوز ئىدى. ئاتا مىراس ھۈنەرنى دەپ ئىشنى مايلامچىلىقتىن باشلىدىمغۇ، بوپتۇمۇ؟ پۇت-قولىمىز چولاق ئەمەس، ئىشلەپ ئانىمىزنى باقمىساق بولماس. ئاكامنى ئايدا بىر قېتىم تۈرمىگە بېرىپ يوقلاش ئۈچۈنمۇ پۇل كېرەك.

— ئاكاڭ نېمە ئىش قىلغان؟ — ئۇنىڭ زاڭقىنى ئېلىپ قويۇپ دەككەمنى يېگەندىكى خاپىچىلىقىمنىڭ ئورنىنى ھېسداشلىق ئالدى.

— يەنە شۇ خوتۇن خەقنىڭ ئىشى بولمامدۇ؟ بۇلتۇر يازدا باغچىغا ئويۇنغىلى چىقىپ، تونۇمايدىغان بىر ئەما خېنىم ئۈچۈن ئىككى مەرەزنىڭ بىقىنىنى تېشىۋېتىپتۇ. ئانام: پىچاق ساقلىما ئۆمەر، پىچاق ساقلىما، دېسە گەپ ئاڭلىماي، تېخى كۆيىنىڭ پىچىقى دەپ پۇۋ-پۇۋلەپ يۈرۈپ پىچاق ئېسىپ يۈردى. مانا ئەمدى...

ئۇ، تامىقىنى چىكىلدىتىپ نېمىگىدۇر غۇدۇڭشىدى.

تاكسى مۇنچا كوچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىدا توختىدى. گۈلدار چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان شەھەر كوچىسى چاراقلاپ تۇراتتى.

— ۋويى، بىردەمدىلا كېپبولدۇقمۇ؟ بولدى ئۇستام، ئاۋۋال ما ئاچامنى ئەتلەس كوچىسىغا ئاپىرىپ قويىلى، ئاندىن ئارقامغا يېنىپ چۈشۈپ قالاي.

— بولدى، بولدى، ئۆز يولۇڭدا چۈشۈپ قال. يولنى ئىككى ماڭغۇچە ...

گەپچى شۇمتەك ماڭا سەل قىڭغىيىپ ئالقىنىدا دالدا قىلىپ قولىقىمغا پىچىرلىدى:

— ئۆز خېنىمكەنلا، بۇ كەمدىكى ئادەملەرگە ئىشىنىپ بولمايدۇ، كۆزۈم كۆرە ئۆيلىرىگە ساق-سالامەت كىرىۋالسىلا، ماقۇلمۇ؟

ئۇنىڭ ئىسسىق تىنىقلىرىدىن ئوچاقتا پىشۇرۇلغان كۆكۋاشنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئىلدام شوپۇرغا ئېگىشتى ۋە ماڭا قاراپ كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ:

— بۇ ئاچامغا قىزنى قانداق باشقۇرۇش توغرىسىدا ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويدۇم. بوپتۇمۇ ئۇستام. ھى... ھى...

تاكسى ئۆيىمىزنىڭ كاھىشلىق تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدا يېنىك تورمۇز بىلەن توختىدى. سومكامنى ئېچىپ پۇل قاپچۇقۇمنى ئاختۇرۇۋاتسام، بالا چىچاڭشىپ خاپا بوپكەتتى:

— ئاھاي، ئەجەب بىر قىلىقلىرى باركىنا، ئاچا. سىلىدە بار پۇل بىزدىمۇ بار. سومكىلىرىنى كوچىلماي كىرىپ كېتىۋەرسىلە بىي. باللىرى ئەنسىرەپ ئۆرە تۇغانتۇ مۇشتۇرۇق. ئەر كىشى بار يەردە خوتۇن خەقكە پۇل تۆلەشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئېلىپ كېتەلىشىمنى چاغلاپ ماشىنىغا سېلىۋالغان بايا.

مۇرىسى بىلەن قولۇمنى توسۇۋېلىپ ئالقىنىدا سىقىمداپ تۇرغان پۇلنى شوپۇرغا ئۇزاتتى بالا.

— بىلىلىغۇ، ھەر ئىش يولى بىلەن، ئۇستام. مېنىڭ پۇلۇممۇ جا ئەمەس. باشلىرىنى قاشلاپ تۇرماي شاق ئالسىلا مانى. كىراغا يەتكۈدەك پۇلى يوقمىكىن دەپ قالدىمۇ يا؟ كېمى يوق، ساپمۇ-ساق مانا...

— سەن، بۇ...

قولۇم قاراڭغۇ بوشلۇقتا لەيلەپ قالدى. ئۇنىڭ جاھىللىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ تالىشىۋېرىشتىن ئەيمىنىپ قالدىم. چۈچۈمەل بىر تۇيغۇ تومۇرۇمغا، گەپلىرىم بوغۇزۇمغا تىقىلىپ قالدى.

— ئارتۇق بېرىپ قويۇپسەن، شۇمتەك. بۇ، سەن توسىغان تاكسى بولغاندىكىن، بىر يول ھېسابلايمەن. ئالە ماۋۇ ئون كويۇڭنى. ئون ئادەمنىڭ ئايىغىنى دۈم يېتىپ مايلاپ تاپسەن بۇنى ھەقچان؟!

— دېمىگەنبىلەن سىزمۇ ھارامدىن قورقىدىكەنسىز-ھە؟! ھالال پۇلىڭىز بەرىكەت تاپسۇن، ئاكا، — گەپتان غورتەك تۇرۇلغىدەك ھېققلاپ ئىچ-ئىچىدىن كۈلدى، — خوش ئاچا، سىزگىمۇ خۇدايىمغا ئامانەت!

دەرۋازىدىن پۈتۈمنى ئېلىۋېتىپ كەينىمگە قارىسام، تاكسى ئارقىسىغا يېنىپ مۇنچا كوچىسىغا قوزغىلىۋاتاتتى. غورتەك تاكسىنىڭ دېرىزىسىدىن ئاپتاپتەك ھجىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ غۇبارسىز خۇشخۇيلۇقىنىڭ تېگىدىن، مەن ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتقاندا قانداق نوچى ئەر-يىگىت بوپكېتىدىغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم-دە، ئىختىيارسىز كۈلۈپ سالدىم.

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە خەلق سوت مەھكىمىسىدە سوتچى (MI)



## تۇنجى تەپەككۇرۇم

▲ ئاتا ـ ئانائىنىڭ خاتالىقىدىن رەنجىۋەرمە، چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ خاتالىقىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن يارالغان.

▲ شېرىن گەپ، بىرى سەممىي، راستچىل، كىشى ھالىغا يېتىدىغانلاردىن، يەنە بىرى، ھىيلىگەر، خۇشامەتچىلەردىن كۆپ چىقىدۇ.

▲ دۇنيا بىر چوڭ سەھنە، ئادەم ئارتىس. ياشاش رەپىتىس قىلىنمىغان تەييارلىقسىز ئويۇن.

ــ يارمۇھەممەت پەرھاد

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ناۋاينىڭ خىياللىرى

▲ بۇ دۇنيادا قەدىرسىز نەرسە ئەسلا يوق، پەقەت قەدىرلىمىگەنلىكىڭ سەۋەبلىك قەدىرسىز بىلىنىدۇ.

▲ ئادەمنى بىرگە ئەدەپ ـ ئەخلاق، بىرگە خۇشامەت ئېگىلدۈرىدۇ.

▲ سەپەر (مۇساپىرلىق)نىڭ مېھرى تاتلىق، كۈنلىرى ئاچچىق.

▲سەن ياز كۈنلىرى ئوتنىڭ، قىش كۈنلىرى مۇزنىڭ ئارىسىغا كىرىشتىن باش تارتمىساڭ (جاپادىن قورقمىساڭ)، ئاندىن غايەڭنى ئىشقا ئاشۇرالايسەن.

▲ پۇل، سېنىڭ ئەجەللىك بىرىكنى تۇتتۇۋالغان دۈشمەن، شۇڭا ئۇنىڭغا «قۇل» بولماي ئىلاجىڭ يوق.

▲ساندۇق ئىچىدە ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان گۆھەرنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغىنى يەنىلا ئاشۇ كۆرۈمسىز تاش.

ــ ئوبۇلقاسىم ئەخەت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزا جاقلىق كەنت بىكى موپىلا مەھەللىسىدىن، ناۋاي

※ ※ ※

▲ ئويلانماي قىلغان بىر ئىغىز خاتا گېپىڭىز، بەزىدە ئۆمۈرلۈك پۇشايمىنىڭىزنىڭ مۇقەددىمىسى بولىدۇ.

▲ ئىككىلىنىش ئىلكىدە ئېلىنغان بىر قەدىمىڭىز سىزنى ئۆمۈرلۈك ھالاكەت يولىغا باشلىغانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە ئاللىقاچان كېچىككەن بولىسىز!

ــ مېھرىگۈل راخمان

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە «مېھرىبان» كومپيۇتېر مۇلازىمەتخانىسىنىڭ خادىمەسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ تېز ئاچچىقلىنىش بىلىمسىزلىكنىڭ، تولا ئىككىلىنىش ئىرادىسىزلىكنىڭ ئالامىتى.

▲ دانادىن ھېكمەت، نادانىدىن ئىبرەت، قەھرىماندىن

## تەپەككۇر كۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاسارەت قالىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ يىغىسىنى يىغلىساڭ، يىغلىغانىدىن بىرنى كۆپەيتىسەن؛ ئۇلارنىڭ يىغىسىنى يىغلىغانلىق كۆيۈنگەنلىك ئەمەس، بەلكى يىغىسىدىن پەس قىلغانلىق ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىكتۇر.

▲ تەربىيىلەش ئۆزگىدىن، تەربىيىلىنىش ئۆزۈڭدىن بولىدۇ.

▲ ئۆزلۈك ئېڭى — ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئىممۇنىتېت كۈچى.

▲ئۆزىنى ئىزدەشنىڭ تۇنجى قەدىمى، يۈكسىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

▲ ئاچ قورساققا نەسىھەت، بىھوش كاللىغا ئىلىم-بىلىم يۇقمايدۇ.

▲دۈشمەننى تىللاش نادانلىق، تەتقىق قىلىش دانالىق.

▲ ئىشتىن قېچىش ھورۇنلۇق، ئۆگىنىشتىن قېچىش نادانلىق.

▲ ئەخلاق جەمئىيەتنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، قانۇن كۈچلەندۈرىدۇ.

▲ گەپ بوغۇزغىچە يالىڭاچ كېلىپ، تىلدا كىيىم كىيىپ، قەغەز يۈزىدە گىرىم قىلىپ چىقىدۇ.

▲ پۇشايمان بېشى قانچە بالدۇر تۈگۈلسە شۇنچە قىممەتلىك، كېچىككەنسېرى يۈندىغا ئايلىنىدۇ.

▲ بىر ئىشنى ساڭا دەپبېرەلىگەن ئادەمدىن، چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەن ئادەم قىممەتلىك.

▲ سەممىيەتسىز ئادەم باشقىلارنى كەلسە-كەلمەس ماختايدۇ؛ مەدەنىيەتسىز ئادەم كەلسە-كەلمەس ھاقارەت قىلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ قىلالمىغان ئىشلىرىنى قىلىپ بەرسەڭ ھۆرمەتكە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسەڭ رەھمەتكە ئېرىشىسەن.

▲ كىتابخانا — ئۆزۈڭنى ئىزدەپ بارىدىغان جاي.

▲ قاۋاقخانىلاردىن چىقالمايدىغانلارنىڭ بالىلىرى كەلگۈسىدە قاماقخانىدىن چىقالمايدۇ.

▲ مەسىلىلەرنى تېپىش ماھارەت، ھەل قىلىش ئىقتىدار.

▲ باشقىلارنىڭ كۈلكىسى، ئۆزۈڭگە قاراپ باق دېگەننىڭ بىشارىتى.

▲بۈگۈنگە ماس كەلمىگەن، ئەتىگە يۈك بولىدۇ.

▲ ياخشىلارنىڭ ئىزىدىن ماڭمىساڭ، يامانلارنىڭ سۆزىدىن ماڭىسەن.

▲ ئاش-تاماققا مەقسەت-مۇددىئا يوشۇرۇش، مەلۇم مەنىدىن ، ئاش-تاماققا زەھەر سالغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

▲ ئادەمگەرچىلىك سورۇنى يۈزۈڭنى، ئىلىم-مەرىپەت سورۇنى ئۆزۈڭنى ئىزدەپ بارىدىغان جاي.

▲ بىزىرىۋالغانغا ئىزا-ئاھانەت، قاشىرىۋالغانغا تەربىيە-ھېكمەت تەسىر قىلمايدۇ.

▲ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىنغان ئىشنىڭ خۇلاسىسى ئۆزلىكىدىن، چالا-بۇلا، بوياپ-چاپلاپ قىلىنغان ئىشنىڭ خۇلاسىسى ئۆزگىدىن چىقىدۇ.

▲ تەپەككۇر — ئەقىلنىڭ چېنىقىشى.

▲ قەھرىمان خەلق قەھرىمانلارنىڭ ئىزىدىن، نادان خەلق ساختىپەزلەرنىڭ سۆزىدىن ماڭىدۇ.

▲ بالاڭغا دۇتار بىلەن راۋاب مىراس قالسا، نەۋرەڭ ئۇدۇل بەزمىخانىغا بارىدۇ.

▲ ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن،گەپنىڭ تەمى مىسال بىلەن ئوخشايدۇ.

▲ تۆۋەنگە قاراپ بېقىپ يۇقىرىغا ياماشساڭ، تۇيۇقسىز غۇلاپ كېتىسەن.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

※ ※ ※

▲ مەخسەت روشەنلەشسە، نەتىجىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

— روزىمۇھەممەت تۇردى قەدىرى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرەم بېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى

## .... ئەمما ....

باشقىلار بىلەن مۇڭداشساڭ بولىدۇ، ئەمما غەيۋەتخور بولما.
باشقىلارنى ھۆرمەتلىسەڭ بولىدۇ، ئەمما خۇشامەتچى بولما.
چاققان بولساڭ بولىدۇ، ئەمما ئالدىراڭغۇ بولما.
باشقىلار بىلەن رىقابەتلەشسەڭ بولىدۇ، ئەمما ھەسەتخور بولما.
شۈكۈر قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما قانائەتچان بولما.
يۇرت كۆرسەڭ بولىدۇ، ئەمما سەرگەردان بولما.
ياخشى بولساڭ بولىدۇ، ئەمما ياخشىچاق بولما.
زامانغا بېقىپ ئىش تۇتساڭ بولىدۇ، ئەمما «خامېلېئون» بولما.
كەمتەر بولساڭ بولىدۇ، ئەمما ياۋاش بولما.
ھەممە ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتسەڭ بولىدۇ، ئەمما يۇمىلاق تاۋۇز بولما.
ئۆزۈڭنى ئويلىساڭ بولىدۇ، ئەمما شەخسىيەتچى بولما.
تەمكىن بولساڭ بولىدۇ، ئەمما ھاڭۋاقتى بولما.
باشقىلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولساڭ بولىدۇ، ئەمما غالچا بولما.

— ئابدۇقەييۇم ئەيسا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ هايات خۇددى سۇ ئۇزۇشكە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇزۇشتىن توختىساڭ شۇ هامان چۆكۈپ كېتىسەن.

— مىجىت سەمەت(قاينام)

ئاپتور: شايار ناھىيە تويبولدى بازىرى هايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە نازارەت پونكىتىنىڭ خادىمى

## ئۇنتۇپ كەت يۈرىكىم ئۇ ئازابلارنى

▲ ھەممىمىزنىڭ يەتكۈدەك ئازابىمىز بار. لېكىن بىز خۇشاللىقنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ، ھەسرەتنى ئىچىمىزدە يوشۇرۇپ ياشىغانلىقىمىز ئۈچۈن، خەقنىڭ ھەۋىسى ۋە ھەسرىتىنى قوزغاپ ياشايمىز.

▲ بەزىلەرنى پۇل ئازدۇرسا، بەزىلەرنى يول ئازدۇرىدۇ؛ بەزىلەرنى شەيتان ئازدۇرسا، بەزىلەر ئۆزىنى ئۆزى ئازدۇرىدۇ.

▲ ئازابلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈنمۇ ئازاب چېكىشكە توغرا كېلىدۇ.

▲ سەن باشقىلارنى چۈشىنىشكە قىزىقمىساڭ، ئۇلار سېنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىدۇ. چۈنكى «چۈشىنىش» مۇھەببەت ياكى نەپرەتتىن.

▲ قىزىقىش— ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ساھىبجامال.

▲ مەھەللىمىزدىكى غەيۋەتلەر، رېئاللىقنىڭ يىلتىزى.

▲ تەقدىر شۇنىڭ ئۈچۈن ئادالەتسىزكى، سىزدىن ئوخشىمىغان ئورۇندا ئوخشىمىغان ئىمتىھان بىلەن سىناق ئالىدۇ.

## تەقدىرنىڭ كۆز يېشى رەھىمسىزدۇر

▲ هاياتنى ھېچكىم هاياتىدا سىزىپ چىقالمايدۇ. شۇڭا هايات ھېكمەتكە تولغان سىردۇر.

▲ قانچە ئۇلۇغلانغانسېرى شۇنچە ئاددىيلىشىش — ئالىملارنىڭ سىرىدۇر.

▲ بىز ئىككى نەرسىدىن ئىككىلىنىش ئىچىدە قورقىمىز: بىرى، تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتىن، يەنە بىرسى، تۇيۇقسىز كەلگەن ئاپەت ۋە ئۆلۈمدىن.

▲ ئۆلۈمدە دوستلىرىڭ ۋىدالاشقىلى ۋە يىغلىغىلى كېلىدۇ، دۈشمەنلىرىڭ كۆرگىلى ھەم سۆزلىگىلى كېلىدۇ.

▲ بەختنىڭ فورمۇلاسى يوق. ئۇ، شەكلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ساھىبجامالدۇر.

▲ «كەل» دېيىشتىن ئاۋۋال كېتىشنى ئويلاپ كۆر.

▲ سېخىي بولغىن، لېكىن بارلىقىڭنى سېتىۋەتمە ۋە سېتىلىپ كەتمە. چۈنكى دۇنيانىڭ بىر قولىدا پۇل ئوينىسا، يەنە بىر قولىدا سۆز ئوينايدۇ.

▲ مەيلى شاھ بول ياكى گاداي، دائىم باشقىلارنىڭ كۆزىتىشى ۋە كۆز تىكىشى ئىچىدە ياشايسەن.

▲ ئۆلۈمنىڭ قۇدرىتى شۇكى، بارلىق ئىشنى ئويۇنىدىن بالدۇر ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## تاڭ بىلەن تەڭ تاڭلارغا يۇغۇرۇلۇپ كەتتىم

▲ هايات — تېپىشماق، ئۆلۈم— سىر.

▲ قىزنىڭ كۆزىدە كۆز بار، دىققەت قىل.

ئوغلۇڭنىڭ سۆزىدە سۆز بار، ھېكمەت بىل.

▲ ھېچكىم ساڭا ھەقىقەتنى تونۇتالمىغاندا، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ تونۇتىسەن.

▲ تەنھالىقتىن نېمانچە ۋايسايسىز، تەنھا تۇغۇلۇپ، تەنھا كېتىمىز ئاخىر.

▲ئىنساننىڭ كۆزى سەندىن نۇقسان ئىزدەيدۇ،

ئۆزىنى ئۆزى بىر ئۆمۈر سۆزلەپ ئىزدەيدۇ.

▲باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سالماي ئەركىلىتىپ ئەركىلىۋېلىڭ، ئۇ ئاشۇ نۇقسانىنى ئارتۇقچىلىقى ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن.

▲تىرىشىپ ئىشلەپ هالالدىن پۇل تاپ، يول ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ.

## مەن مۇھەببەت ئىزدەپ ياشايمەن

▲ھەر ۋاقىت يادىڭدا بولسۇن، هايات يولۇڭدا غەلىبە قازانماقچى بولساڭ توساق كۆپ، دۈشمىنىڭ كۆپ؛ مەغلۇپ بولساڭ كۈلكە كۆپ ھەم مازاق كۆپ.

▲ ۋاز كېچىش — ئامالسىزلىقتىن بولمىسا، ئۇ چوقۇم مەغلۇپ بولۇشتۇر.

▲ ناھەق ئىشلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالماي بىر مەزگىل ئىختىيارىڭغا قويۇۋەت، يېشىمى ئالدىڭغا ئۆزلىكىدىن كېلىدۇ.

▲ تۇپراق — تىرىكلەرنى مىننەتسىز باقىدىغان، ئۆلگەنلەرنى ئۈنسىز قوينىغا ئالىدىغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى جەننەت.

— شەمسىقەمەر ئەبەيدۇللام

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرى ئاھالىلەر 3-مەھەللىسى ئورگىنىنىڭ ۋاقىتلىق خادىمەسى

## تەنها شىۋىرلاشلار

▲ پۇل بىر بوتۇلكا داڭلىق ئىچىملىككە، بىلىم مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ.

▲ يېمەك - ئىچمەكتە قانائەت قىلىش ئىنساپنى، بىلىم ئۆگىنىشتە قانائەت قىلىش نادانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

▲ ماقال - تەمسىللەرنى بۇزۇپ ئېيتىش — ھالۋىغا ئاچچىقسۇ قۇيۇپ يېگەنگە باراۋەر.

▲قەدىمىڭنى توختاتساڭ سەپداشلىرىڭدىن، تەپەككۇرۇڭنى

www.uyghurkitap.com

توختاتساڭ زاماندىن كېيىن قالىسەن.

— ئابدۇۋەلى تۇرسۇن

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئىگەرچى بازار ئوتتۇرا مەكتىپى 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## شائىرغا:

مەشۇقۇڭ ئۈچۈن شېئىر يازساڭ بىر كىشى قەلبىدىن، خەلقىڭ ئۈچۈن شېئىر يازساڭ مىڭلىغان، مىليونلىغان كىشى قەلبىدىن ئورۇن ئالىسەن.

— مەنسۇرجان نۇرى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى تەييارلىق ئوقۇتۇش بۆلۈمى 2007-يىللىق 10-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئىجتىمائىيەت تەلقىنلىرى

▲ ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى باشلاش ياكى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇيى ئەتىنىڭ كۈچىدىن كېلىدۇ.

▲ھەرقانداق شەكىلدىكى پەردازلاشنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاندا ئادەم ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

▲ قارشىلىقى كۆپلەر بىر بولسا ھەقىقەتچىلەر، بىر بولسا جاۋابكارلاردۇر.

▲ نەرسىنىڭ قىممىتىنى ئۆسكەندە، ئادەمنىڭ قىممىتىنى كۆچكەندە بىلىسەن.

▲ خەلقىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كىچىككىنە بىر ئىش قىلىپ بەرگىنىڭدە ساڭا كەلگەن ئالقىشلاردىن بىلىۋال.

▲ ئۆز قېرىندىشىڭ قارغىغان، باشقىلار ماختىغان چاغ، دەل سەن نېمە قىلىشنى تاللىيالمىغان ئىشتۇر.

▲ ئۇزۇراشقا باشلىغان گەپ، ئاخىرىنى بىلەلمىگەن ئىشتۇر.

▲ كىشى، مەيلى قايسى تەرەپتىن ئالمايلى، ئىشى بىلەن تونۇلىدۇ.

▲ توقلۇقۇڭغا خاتىرجەملىكىڭ، ئاچلىقىڭغا يول شاھىتتۇر.

▲ دۈشمەنىنىڭ قەبىھسى پىشكەللىككە يولۇققىنىڭدا سەندىن نەپ كۈتۈۋاتقان كىشىدۇر.

▲ بېشارەتنىڭ كۈچىنى مەڭگۈلۈك پۇشايماندا قالغىنىڭدا ھېس قىلىسەن.

▲ تىرىشچانلىقنىڭ شاھىتى — ئۇنۇملا ئەمەس ئۆلۈممۇ بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان قىلىدىغان ئىشلار تۈگىمەيدۇ.

▲بۇزۇلۇش — ئۇرۇلۇشتىن بولىدۇ.

▲ ياشاشتىكى چوڭ ئاجىزلىق — قىلالايدىغان ئىشنىمۇ قىلماسلىقتۇر.

▲ بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلمىغانلارنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ.

▲ كۆزنى يامان قىلغانلار ئالدى بىلەن كۆزى تەرىپىدىن جازالىنىدۇ.

▲ سۆزۈڭ بىرنى ئىپادىلىسە، ھەربىكىتىڭ مىڭنى ئىپادىلەيدۇ.

▲ كىشىنىڭ يەككە-يېگانە قېلىشى، بىر بولسا غەلۋىلىكىدىن، يەنە بىر بولسا تەلۋىلىكىدىن.

▲ يىغىسى بولمىغانلارنىڭ كۈلكىسىمۇ يوقتۇر.

▲ ئالدىمىنىڭ ھېساب ئېلىشىنى ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچىڭدىن مەھرۇم بولغىنىڭدا تولۇق چۈشىنىسەن.

▲ مەنزىلگە يېتىشنى چۈشۈلىدىن ئۆگەنسەڭ مۇرادىڭ ھاسىل بولغۇسى.

▲ ئۇخلىمىغان ئادەمگە تاڭ، ماڭمىغان ئادەمگە يول ئۇزۇن.

▲ مۆجىزە — قۇدرەتنىڭ كۈچىدۇر.

▲ ئادەمنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان ياكى رۇسلايدىغان چېغى، ئۆزىدىن قاتتىق يىرگەنگەن ۋاقتىدۇر.

▲ ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ سېنىڭدىن يىراقلىششى، ئالدىڭنى كۆرۈپ، كەينىڭنى كۆرمىگەنلىكىدىنمۇ بولىدۇ.

▲ نېمىگە تەلمۈرۈشنى بىلەلىگەن ۋاقتىڭ، ئۆزگىلەرنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭدۇر.

— غوپۇرجان ياقۇپ سەگەك

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشەرىق يېزا قۇملۇق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىم

※ ※ ※

▲تەڭرى شۇنداق ئېيتارمىش: بۈگۈننى ساڭا ھەدىيە قىلدىم، ئەتەڭنى ئۆزۈڭ يارات.

## شەيتان لۇغەت

▲يانفون مۇزىكىلىق قوڭغۇرىقى — ھەققىنى ئۆزى تۆلەپ، باشقىلار ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىدىغان مۇزىكا.

▲ ئىچكىرىدىكى ستۇدېنتلار: «يىراق يەرلەردىن ئانا يەرگە سالام»

▲ قىزلارنى ساقلاش — قۇلۇلىنىڭ ئەلئېھرامغا چىقىشى.

▲ سورۇندا ھاراق ئىچكەندە: قىيامەتلىك ئاغىنە بوپقالايلى.

سورۇندىن قايتقاندا: ئىزدەپ تۇر، ئاغىنە.

▲ ناۋاي — «پولات قانداق تاۋلاندى»

▲ ئىنگلىز تىلى — «ۋاشىڭتون كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ»

— ئابلىكىم ئابدۇل

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان بازىرى بازار كەنتى بوغان قارلىغاچ مەھەللىسى تۈگمەن كوچىسىدا دېھقان

※ ※ ※

▲ دۇنيادا ئۈچ خىل كىشى ياشايدۇ: بىرى، ئۆگىنىپ

تۇرۇپ ئۆگىتىدىغانلار. ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەرلەردۇر؛ ئىككىنچىسى، مەڭگۈ ئۆگىنىدىغانلار. ئۇلار ئالىيجاناپلاردۇر؛ ئۈچىنچىسى، ھەم ئۆگىنىشنى ھەم ئۆگىتىشنى بىلمەيدىغانلار؛ ئۇلار نادانلاردۇر.

▲سىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئادەم، بىر بولسا دوستۇڭ، يەنە بىر بولسا دۈشمىنىڭدۇر.

— ھەسەنجان مۇسا

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى «يېڭى ئىزباسارلار» ئىنستىتۇتى كلىنىكادورىگەرلىكى 2007-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېڭىلگەن ۋاقىتتا ئادەم ئۆزىنى قايتا تونۇيدۇ.

▲ شائىرسىز مىللەت بۇلبۇلسىز گۈلزارغا ئوخشايدۇ.

— نۇربىيەم مەتتۇردى(شەبنەم)

ئاپتور: خوتەن شەھەر «ئارمان»تاللا بازىرىنىڭ خادىمەسى

▲ تەبىئەتنى ئۇلۇغلايمىز. چۈنكى ئۇ شەپقەت ياغدۇرغاندا يېتىم-مىسكىنلەرنى سىرتتا قالدۇرمايدۇ؛ غەزەپلەنگەندە شاھنىمۇ ئاياپ قويمايدۇ.

— توختى ناسىر

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر-تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

▲دائىم ئوتتۇردا تۇرۇۋالىدىغان ئادەم ھەممىدىن بەك جاپا تارتىدۇ. چۈنكى، ئۈستىدىكى ئادەم بېشىدىن دەسسەيدۇ، ئاستىدىكى ئادەم پۇتىدىن تارتىدۇ.

— مەدىنە كېرەم

ئاپتور: نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر باشقۇرۇش فاكۇلتېتى 2008-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئەقلىدىن تامچىلار

▲ ھۈنەرۋەن يالغانچى، سودىگەر ئالدامچى، ھېلىگەر قويمىچى كېلىدۇ.

▲ ئاچچىقنى، نەپسنى، ئاغزىنى باشقۇرالىغان، ئەقلىنى، كۈچىنى ئىشلىتەلىگەن ئادەم ئۆلمەس تەرجىمھالىنى ئەمەلىيىتى بىلەن يازالايدۇ.

▲ ئاچچىقلىنىش — ئاشكارىلىنىش، غەزەپلىنىش — پۇشايمان قىلىشتۇر.

▲ سورۇندا تۆتنى يىغىپ ئولتۇر: تىلىڭنى، نەپسىڭنى، قولۇڭنى، پۇتۇڭنى.

▲ دوستلۇرۇڭنى تۆت جايدا سىنا: سورۇندا، سەپەردە، پۇل تاپقاندا، خەتەرگە يولۇققاندا.

▲ خىيالنى كۆپ قىلغان ساراڭ، پاراڭنى كۆپ قىلغان گاڭۋاڭ.

▲ كۆپ ئىشلىگەن ھەققىنى يەيدۇ، كۆپ سۆزلىگەن دەككىنى.

▲ سۆكۈشنى بىلىشتىن ئاۋۋال تىكىشنى بىل.

▲ دەرەخنى ياشناتقان يىلتىزى، دېھقاننى ياشناتقان ئېتىزى.

▲ ئۆمۈر قىسقا بولغاچ قىممەتلىك؛ ئەجەل تۇيۇقسىز كەلگەچ دەھشەتلىك.

▲ ئالاھىدىلىك — ۋىۋىسكا، خاسلىق — ماركا.

▲ سەپسەتە — تەشتەكتە ئېچىلغان گۈل، ھەقىقەت تاش ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل.

▲ ئەخلاق ئادەتنى تۈزەيدۇ، قانۇن جىنايەتنى.

▲ قىزنىڭ كۆزۈڭگە تىكىلىپ قارىشى بىر سوئال.

▲ ئائىلىدە تەربىيە كۆرمىگەن بالا تۈرمىدە تەربىيىلىنىدۇ.

▲ بايلار كۆپ جايدا قىمارۋاز، پاھىشۋاز؛ گادايلار كۆپ جايدا ئوغرى، بۇلاڭچى كۆپ بولىدۇ.

▲ قىز يىگىتكە ئالدانسا پۇشايماندىن يىغلايدۇ؛ يىگىت قىزغا ئالدانسا، غەزەپتىن تىترەيدۇ.

▲ ياشانغاندىن ئەقىل سورا، ياشلاردىن پىكىر.

▲ ئەقىللىق يېتەكچى، بىلىملىك باشلامچى، تەدبىرلىك مەسلىھەتچى بولالايدۇ.

▲ يوقسۇزلۇق قولنى قىسقارتىدۇ، يۈزنى قىزارتىدۇ؛ باياشاتلىق قولنى ئۇزارتىدۇ، كۆزنى قىزارتىدۇ.

▲ ياخشى ئىش يامغۇردەك ھەممىگە يارىشىدۇ، يامان ئىش مۆلدۈردەك ھەممىگە زىيان قىلىدۇ.

▲ ھاراقكەشنىڭ جەننىتى بوتكا، سۆيگىنى رۇمكا، ياتىقى كوچا، خالاجايى ئىشتان.

▲ بىر كۆرۈپ كۆيگىنى يالغان، كۆپ كۆزىتىپ، چۈشەنگىنىڭ ئوبدان.

▲ خېرىدارنى ئالدىغىنىڭ — خېرىداردىن ئايرىلغىنىڭ.

▲ ھەسەل بەرگەچ ھەرە چاقسىمۇ باقىمىز،نىجاسەت يېگەچ چىۋىن قاچسىمۇ سوقىمىز.

▲ مېھنەت قىلساڭ پۇل تاپىسەن، پىكىر قىلساڭ يول .

▲ كۆپ غەم قىلىش كېسەلنى، كۆپ ئاچچىقلىنىش ئەجەلنى چىللاپ كېلىدۇ.

▲ ئەقىلنى ئەمەلىيەتتىن، ئىبرەتنى مەغلۇبىيەتتىن ئىزدە.

▲ مېھماننىڭ بار-يوق بىلەن كارى يوق؛ ئەجەلنىڭ ياش-قېرى بىلەن.

▲ مەنسەپدار بولساڭ ئەلنى باشقۇرۇشتىن بۇرۇن خوتۇن-بالاڭنى، نەپسىڭنى باشقۇرۇۋال.

▲ مېھمان بولساڭ ئۈچتە ئاز بول: ئاز يە، ئاز سۆزلە، ئاز كۈل.

▲يېڭىلىقنى ياشلاردىن، قەدىمكىنى ياشانغانلاردىن سورا.

▲ مەدەنىيلىكنى شەھەردىن، ئادەمىيلىكنى سەھرادىن ئىزدە.

www.uygurkitap.com

▲ تەسرات — خىيال، ئەمەلىي ھەرىكەت — رېئال.

▲ياش ۋاقتىڭدا ئۆگەنگۈچى، ئىزدەنگۈچى، ئىجادچى بول؛ ئوتتۇرا ياشتا تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان، ئىجادچان بول؛ ياشانغاندا ئېھتىياتچان، پەرھىزچان، كۆڭۈلچان، ھەرىكەتچان بول.

— ياقۇپ ھەمدۇللا

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ ئوغرىنىڭ پىمانى توشسا، قاراقچى بولغۇسى كېلەر.

▲تۆمۈرچىگە سەندەل كېرەك، قەھرىمانغا بەدەل.

— ئابلىمىت ئىبراھىم (قىيان)

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى ئاشپىزى

## تەڭ بىلىۋالايلى

▲ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغىنىڭدا ھەقىقەتنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

▲ ئاتا - ئانائىڭنىڭ نەزىرىسىگە ئاتىغان پۇلۇڭنى ھايات ۋاقتىدا قولىغا بەر.

▲ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى قەدىرلە، ياخشىلىقىڭنى بولسا پەرزىم دەپ بىل.

▲ ھوقۇق سودىغا ئايلانغاندا، مەنسەپدارنىڭ ھۆرمىتى بولماس.

▲ تىلىم قىسقا بولمىسۇن دېسەڭ، رەقىبىڭ بەرگەننى ئالما.

▲ بەخت — راھەت كۆرۈشلا ئەمەس، ئەمگەك مېۋىسىنى كۆرۈشتۇر.

▲تەر كۆپ ئاققان كىشىنىڭ پېشانىسىدە ئېرىقچىلار كۆپ بولىدۇ.

▲ ساختا كۈلكە بولغىنىغا ئوخشاش، كۆز ياشىنىڭمۇ ساختىسى بولىدۇ.

▲ ئىككى يۈزلىمىچى ھاجىتى چۈشكەندە كىشىنى ماختايدۇ.

▲ ئاتا - ئاناڭنىڭ، جوراڭنىڭ، باللىرىڭنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆزۈڭنىڭ يارامىلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋال.

▲ تەمەخوردىن دوست تۇتساڭ يالغۇچ، ۋاپاسىزدىن دوست تۇتساڭ يالغۇز قالىسەن.

▲ يازغۇچىلىرى بىخۇد مىللەت، دەل مەزىنلىرى گاچا قوۋمغا ئوخشايدۇ.

▲ ئاتا — ئانىنىڭ كۆز يېشىنى بالا كۆرۈپ قالمىسۇن.

▲ ئىنسان ئۆز تەبىئىتىگە قايتقان كۈنى، قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ رولى تۈگەيدۇ.

▲ ئىنسانغا چوقۇنۇش بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ شۆھرەتپەرەسلىك پەيدا بولغان.

▲ تۈلكىنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن گاھىدا يولۋاسمۇ ئىنسىز يۈرەرمىش.

▲ ياخشى ھەۋەس — ھىدايەتنىڭ، يامان ھەۋەس — قىيامەتنىڭ بەلگىسى.

▲ بىراۋغا قىلغان يامانلىقىڭ باشقا شەكىلدە ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. ئەمما شۇ چاغدا شۇ يامانلىقىڭنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلالىشىڭ ئەقلىڭگە باغلىق.

▲ قانائەتچان مېھمان نامرات ئائىلىدىمۇ پادىشاھتەك مېھمان بولالايدۇ.

▲ ئىچى تارلىقتىن غىيۋەت، غەيۋەتتىن ھەسەت كېلىپ چىقىدۇ.

▲ كىشىنىڭ ياخشىلىقىدىن يۈزۈڭ قىزارسۇن، يامانلىقىدىن قېنىڭ قىزىسۇن.

▲ ئورۇش ئوتى ئۆچمىگەن يەردىن بۆلگۈنچىلىكنىڭ، تىنچ ئەلدىن ئىتتىپاقلىقنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋال.

▲ ئۆز - ئۆزىنى سوراقتا تارتمىغان باشقىلار تەرىپىدىن سوراقتا تارتىلىدۇ.

▲ ئۆلۈمدىنلا ھېچقانداق نەرسىنىڭ سېنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىۋال!

▲ ئامانەتنى خار قىلغان قىز ئەر ئالدىدا خار، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان ئەر قىزلىرى ئالدىدا زار.

▲ئاناڭدىن ھاياتى، ئاتاڭدىن باتۇرلۇقنى ئۆگەن.

▲ ئاجىز ۋە ئاجىزەلەرنىڭ يىغىسى ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەرلەرنىڭ يىغىسى ئەڭ يىرگىنىشلىك.

▲ خاسلىقىڭ — دەل قىممىتىڭ.

▲ قىزىق ئىش! ئاتا - ئانا پەرزەنتلەرنىڭ توي ئىشىغا پۇلۇ ئەتسە، ئەكسىچە، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىنىڭ مۇسىبىتىدە پۇلۇ ئېتىدىكەن.

▲ دۈشمىنىڭدىن غالىپ كېلەي دېسەڭ، دوستۇڭنى رەنجىتمە.

▲ مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇمىغان ئەرنىڭ يېنىدا مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇمىغان ئايال بار ئائىلە — ئەڭ بەختلىك ئائىلە.

▲خىجالەتچىلىك كىمنىڭ شاپائەتچىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

▲بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن كىشى بىلەن سەپەرداش بول.

— ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھەر چىندىل بېزا رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

## دېھقاننىڭ تۈنجى تەپەككۇرى

▲ تاغ ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل بولغىنى بىلەن باغدەك ھۇزۇر

بېغىشلىيالمايدۇ.

▲ دۇشمەن سۆزىگە ئىشەنگەن، پۇشايمان خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچقان كىشىدۇر.

▲ بىراۋنىڭ بىر خاتالىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئالدىراپ باھا بەرمە. چۈنكى ئادەم خاتالىقتىن خالىي ئەمەس. كىم بىلىدۇ، بىر خاتالىقنى تۈزىتىش جەريانىدا ئۇن ياخشىلىق قىلسا ئەجەب ئەمەس.

ــ مۇساجان ئابلىمىت

ئاپتور: كۇنەس ناھىيە ئارالتۆبە يېزا ساغاتكۆل كەنتىدە دېھقان

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئەرلەر توي قىلغاندىن كېيىن، ئاياللار تۇل قالغاندىن كېيىن ئىقتىسادچىل بوپكېتىدۇ.

▲ تۇغماس ئايال ئانا قەدرىنى بىلمەس.

▲ ئاياللارنىڭ باتۇرلۇقى تۇغۇتتا، ئەرلەرنىڭ باتۇرلۇقى ئۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ بۇرۇن ئىسمى ئاددىي، ئىشى ئۇلۇغ كىشىلەر كۆپ بولسا، ھازىر ئىسمى ئۇلۇغ، ئىشى ئاددىي كىشىلەر كۆپ.

▲يېرىم يالىڭاچ كىيىنىۋالغان قىزلار شەھۋانىيەتنى، پۈتۈن كىيىنىۋالغان قىزلار تەبىئەتنى سۆيىدىغانلاردۇر.

▲ «ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالايدۇ»دېگۈچىلەر بىر بولسا ئۆزىنى چۈشىنىدىغان، بىر بولسا ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەردۇر.

▲ كېسەل ــ ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر.

▲ سېمىز ئىسسىقتىن، ئورۇق سوغۇقتىن قورقىدۇ.

▲ نەق پۇتۇشمىگەن سودا يا بۇزۇلىدۇ، يا سوزۇلىدۇ.

▲ كۈتۈش ــ ئازابلىق لەززەت.

▲«پۇل بولمىسا بىكار» دېگۈچىلەر ئىچىدىن بىر بولسا ساتقۇن، خائىن، بىر بولسا باي، كارخانىچىلار كۆپ چىقىدۇ.

ــ ئابدۇغەنى توختى تۇغرۇل

ئاپتور: ئۈرۈمچى «تۇغرۇل»كىتابخانىسىدا

## تەپەككۇر ھېسلىرىم

▲ باشقىلار ئالدىدا ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىڭنى ئۇنۇت، لېكىن سېنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىشنى ئۇنتۇما.

▲ باشلىقنىڭ بالىسى تەمەخور، سودىگەرنىڭ بالىسى ياسالما، دېھقاننىڭ بالىسى ئىنتائەتچان كېلۇر.

▲قېرىلار ئۆتمۈشنى، ياشلار كەلگۈسىنى ئويلايدۇ.

ــ ھۆرىيەت

ئاپتور: قەشقەر شەھەر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئارزۇ تىنىقلىرى

▲ ھاراق ـ سىرنىڭ سۈرگۈ دورىسى.

▲ كىم سىرىڭنى ئۇقتى ــ شۇ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىدۇ.

▲ سىرىڭ ــ ئۆزۈڭ، ئاشكارىلانغاندىن كېيىن باشقا ئادەمگە ئايلىنىسەن.

▲ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلار ــ پىشمايدىغان مېۋىگە ئوخشايدۇ.

▲ قەدىر ـ قىممەت ـ ھۆرمىتىڭ ــباشقىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىڭ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

▲ ئۆزىنى قەدىرلىمىگەنلەر ــ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن مېۋىگە ئوخشايدۇ.

▲ ئىمكانىيەت ــ بارلىق تاللىشىمىزنىڭ ئالدى.

▲ گۇمان ــ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە.

▲باھارنىڭ قەدرىنى جەنۇبتىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇشلار ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ياشىغان يەردە قىشلىغان قۇشلار بىلىدۇ..

▲ سەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە نىقابلانغان ئۆزۈڭنى كۆرىسەن.

▲ پۇشايمان ــ ئىككىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن قىلغۇزۇلىدۇ.

▲ مەغرۇرلۇق ــ بوراندا قالغان دەرەخ.

▲ پەخىرلىنىش ــ كۆپىنچە مەغرۇرلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئۆزىگە ۋە كىشىگە ئىشەنمەيدىغانلار، بىر بولسا، خاتا يولدا ئەڭ كۆپ يۈرگەن، يەنە بىر بولسا خاتا يولدا باشقىلارنى ئەڭ كۆپ كۆرگەن كىشىلەردۇر.

▲ بىز ئۆزىمىزنى ئەڭ ئاجىز ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا رەھىمدىل، ئەڭ كەمبەغەل ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا سېخىي، ئەڭ نادان ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا بىلىملىك، ئەڭ قەدىرسىز، خار ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا ھۆرمەتلىك، ئەڭ گۇناھكار ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا تەقۋا ئادەملەرگە ئايلىنىشىمىز مۇمكىن.

▲ بىرسىنى قەدىرلىمىسەڭ بىرسىگە خار بولىسەن. مانا بۇ ھاياتلىق پەلسەپىسى.

▲ دۇنيادا ئەڭ نادان ئادەم بار دېيىلسە ــ ئۇ، ئۆز نادانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلاردۇر.

▲ تەمەخورلۇق ــ تېگى يوق ھاڭ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى چۈشۈپ كېتىدىغان.

▲ ئۆزۈڭنى يىغلاپ تۇرمىساڭ تىرىك جەسەتكە ئايلىنىسەن.

▲ بىر قېتىملىق خاتالىقىڭ باشقىلارنىڭ پاراڭ تېمىسىغا ئايلانغاندا، سەن «يامان»لىق ۋىۋىسكىسىنى تاقاپ بولغان بولىسەن.

▲ نادانلار ــ قاملاق ـ يانتاق تۇرىگە، جاھىللار ــ چىت ـ جىغان تۈرىگە، ئادەتتىكىلەر ــ دەل ـ دەرەخ تۈرىگە، ئاقىللار ــ مېۋىلىك كۆچەت تۈرىگە كىرىدۇ.

▲بىرنى بىر دېگەن ئاقىل، ئىككى دېگەن جاھىل، ئۈچ ـ تۆت دېگەن ساراڭ، ھېچنېمە دېيەلمىگەن ناداندۇر.

▲ ئەتراپىڭ نادانلار بىلەن تولغاندا، سەن بىر بولسا قوش كالىسىغا، يەنە بىر بولسا ساراڭغا، يەنە بىر بولسا شۇلارنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

▲ ھەيران قالغاندىن ئاقىل، پەرۋا قىلمىغاندىن نادان،چاپلىشىۋالغاندىن جاھىل يېتىشىپ چىقىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۆزۈڭنى ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۆزۈڭدىن ئۇستۇنلەر بىلەن بىللە كېلىپ بىلەلەيسەن.

▲ مەغلۇبىيەت بىرگە پەرەزنىڭ، بىرگە پىلاننىڭ، يەنە بىرگە ئىدىيىنىڭ خاتا بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

▲ سەن ئۆزۈڭنى ئاجىز ھېس قىلغانسېرى ــ نىشانىڭ بىركۈننى قانداق كەچ قىلىشتىن چەتنىيەلمەيدۇ.

▲دۇنيا ــ تەجرىبە مەيدانى، كۆپىنچىسنى ئىشلىتىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغان.

▲ بەختىڭنىڭ، خۇشاللىقىڭ نىمىلىكىنى كۆڭلىدىكى نەرسىگە ئېرىشىپ ئەمەس، بەلكى ئايرىلىپ بىلەلەيسەن.

▲نادانلار ــ ئەقلىنىڭ ئۇۋالىغا قالغۇچىلاردۇر.

▲ خەلق ــ تىرىك تارىخ.

▲ خۇلقى يوق ئايال ــ پۇرىقى يوق گۈلگە ئوخشايدۇكى، جەلپ قىلىش كۈچى يوق.

▲ ئانىنىڭ ياخشىسى ــ ياقىنى كىر قىلدۇرمىغىنى، ئاتىنىڭ نوچىسى يۈرەكنى دىر قىلدۇرمىغىنى.

▲ ئايالنىڭ كەينىگە قارىغىنىدىن، ئەرنىڭ يەرگە قارىغىنىدىن ھەزەر ئەيلە.

▲ تۈنجى قېتىم كۆڭۈل چۈشكەن كىشى ــكۆڭۈل زېمىنىغا تىككەن كۆچەتكە ئوخشايدۇكى، ئۇنى قۇرۇتۇۋەتكەن بىلەنمۇ كۆتەك ـ يىلتىزلىرى قالىدۇ.

▲ئىرادەڭ ــ مۇھەببەت بىلەن، ۋىجدانىڭ نەپرەت بىلەن سىنىلىدۇ.

▲ «جاھاندا مىڭ، كۆڭۈلدە بىر» ــ مۇھەببەتتە تۇتقان ئەڭ توغرا يول.

▲ مۇھەببەت ــ بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىگە خەت يازىدىغان بەت.

ــ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپلىك خادىمى

※ ※ ※

▲ دۇنيادا كىرەكسىز نەرسە ئەسلا يوق، پەقەت ئۇنى كىرەككە كەلتۈرەلەيدىغان تەدبىر بولسىلا.

▲ دوختۇرخانىلارنىڭ كۆپىيىشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىر تراگېدىيە.

▲ دۇنيادا ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان بايلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ــ ۋاقىت.

ــ ئابدۇۋەلى ئەلى

---

ئاپتور: بىجان ناھىيە توبۇق يېزا ساقچىخانىسىدا ساقچى

▲ سۈكۈت ــ مەخپىي ئىلگىرىلەش.

مەن دەيمەن:

مەغلۇب بولغانلار،غالىب كەلگەنلەرنى دوراشقا ئامراق كېلىدۇ.

ــ مەۋلان ئابلىمەت

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە بازىرى چىغلىق شىمالى مەھەللىسىدە

▲ «ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ»نى تاشلاپ، چۇمۇلە روھىنى تاپايلى.

▲ كىتابخانىدىن ئۆزىمىز يازغان باشقۇرۇشقا ئائىت كىتابلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كاللامدىكى «نېمە ئۈچۈن؟»گە جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم.

▲ ۋاقتىڭنى ياخشى باشقۇر. چۈنكى ۋاقىت ھاياتىڭنى باشقۇرىدۇ.

ــ ئو.م. ئالغا

---

ئاپتور: شىنجاڭ «ئۇلتاش» مەكتىپىدە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى

▲ئىقتىساد ئىگى بولمىغان مىللەت نامرات، مائارىپ ئىگى بولمىغان مىللەت قۇل، ئېتىقاد بىرلىكى بولمىغان مىللەت خاراب بولىدۇ.

ــ ئىسلامجان ئەمەت پىغانى

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە خەلق تەنتەربىيە مەكتىپىدە ياردەمچى تەربىيىچى

## جەڭچىنىڭ تەپەككۇرى

▲بۇگۈنكى بىر تامچە تەر ــ ئەتىكى تاتلىق بۇلاق سۈيى.

▲ پىتەرسىزلىكنى بايقىيالىغان پاراسەتلىك، يېڭەلىگەن كۈچلۈكتۇر.

▲ ئەڭ ئېسىل ئەخلاق سەممىيەت، ئەڭ زور بايلىق قابىلىيەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتۇر.

▲ ئادەم ئۆيگە، ھەقىقىي دوست دېرىزىڭىزگە ئوخشايدۇ. دېرىزە قانچە كۆپ بولسا، ئۆيمۇ شۇنچە يورۇق بولىدۇ.

▲سەن ھاۋارايىنى ئۆزگەرتەلمەيسەن، ئەمما كەيپىياتىڭنى ئۆزگەرتەلەيسەن.

— پەرھادجان ئۆمەر

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسىم 75 - ئەترەتتە جەڭچى

## مەن دەيمەن

▲ بىراۋنىڭ يېشىڭنى سورىشى — بىر بولسا ئەقىللىقلىقىڭنىڭ، بىر بولسا دۆتلىكىڭنىڭ ئالامىتىدۇر.

— ئوبۇل ئوغلى قەلەمىي

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ جىنازا — ئىنسانلارنى بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمنىڭ چېگرىسىغىچە توشۇيدىغان ئەڭ ئاخىرقى قاتناش قورالى.

▲ئىنساپسىز پۇلغا تويماس، نومۇسسىز خوتۇنغا.

▲مېۋە سارغىيىپ پىشىدۇ، كېسەل ئاغرىتىپ چىقىدۇ.

▲ بەزىلەر دەردىنى ھاراقتا چىقارسا، بەزىلەر چاقچاقتا چىقىرار.

▲ پاچاقنىڭ ماغدۇرى، بىلەكنىڭ كۈچى، كۆزنىڭ نۇرى، مېڭىنىڭ قۇۋۋىتى— ياشلىقتىكى تۆت چوڭ دەسمايە.

▲ ھۇرۇنغا پۇرسەت يوق، تەكەببۇرغا ھۆرمەت.

— ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا «كاگدى» ئورۇقىنى سېتىش دۇكىنىدا پىرىكازچىك

## كونى تەس ئەرلەر

كىشىلىك ھاياتتا مۇنداق ئۈچ خىل ئەرنىڭ كۈنى تەس: 1. ئۆزى قېرى تۇرۇپ ياش خوتۇن ئالغان؛ 2. خىزمىتى يوق تۇرۇقلۇق خىزمەتتىكى ئايالنى ئالغان. 3. «ئاجرىشىمەن» دەپ داۋراڭ قىلغان خوتۇننى ساقلىغان.

## مۇناپىقلىق

▲ ھاقارەتكە چىدىغان كۆكۈل جىمىكى پەسكەشلىكنى كۆتۈرىدۇ.

— ياسىنجان ئۆمەر

---

ئاپتور: پىچان ناھىيە تويۇق يېزا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇئەللىم

※ ※ ※

▲ نامەرد ئۆزىنى ماختايدۇ، مەردنى خەلق ئۆزى ماختايدۇ.

▲ تەنھالىقىمدا سىرداشلىرىمنى، گاڭگىراپ قالغاندا مەسلىھەتچىلىرىمنى، غالىبىيىتىمدە كەمتەرلىكنى، مەغلۇبىيىتىمدە ئۈمىدنى، خۇشاللىقلىرىمدا سوغۇققانلىقنى، خاپىغان چاغلىرىمدا تەسەللىسىنى ئۈزمەي ھەدىيە قىلىپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ھەشقاللا!

— ئۆمەر ئېلى ئابدۇرەھمان


---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە زىڭلاڭ يېزا كەڭسالي باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم(M1)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ يۈكسەك كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بايقاپ، سېلىشتۇرۇپ دەلىللىشى، ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەن ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پاش قىلىشىدىن، ژۇرنىلىمىزنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىگە ئەسەر ئەۋەتىۋاتقان قىسمەن پەزىلەتسىز - كۆچۈرمىكەش ئاپتورلارنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسلەر، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەب - مۇتەپەككۇرلىرى، ئۇيغۇر ئەدەب - تەتقىقاتچىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ژۇرنىلىمىزدا يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئەينەن ياكى ئۆزگەرتىپ تەھرىراتىمىزغا ئەۋەتكەنلىكى، ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىڭ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئىلىم ساھەسىدىكى ئوغرىلىق كەچۈرگۈسىز ئەخلاقسىزلىق قىلمىش ۋە دۆلەتنىڭ «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»غا خىلاپ جىنايەتتۇر. ئوقۇرمەنلەر ۋە جامائەتچىلىك سۆيۈپ ئوقۇۋاتقان مەزكۇر سەھىپىنىڭ ئىلمىي نوپۇزى، ساپلىقىنى قوغداش، خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى توغرا - ساغلام يۆنىلىشكە يېتەكلەش ژۇرنىلىمىز ۋە ئاپتورلارنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىدۇر. تەھرىراتىمىز شۇنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرىدۇكى، ژۇرنىلىمىزنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ئەقلىيە ردىن ئىجادىيەت ئوغرىلىرىنىڭ بۇ خىل قىلمىشى بايقالسا، ژۇرنال يۈزىدە ئىسمى ئاتىلىپ ئاشكارا تەنقىدلىنىدۇ.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



## «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

**تەرجىمە كۆزنىكى**

# «كىشىلىك ھوقۇق»تا زادى نېمىلەر بار؟

«كىشىلىك ھوقۇق» ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نىسبەتەن ناتونۇش، ئەمما خېلى كۆپ قوللىنىلىدىغان قانۇن ئاتالغۇسى. مەسىلەن، «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلدىڭ»، «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇلۇق» دېگەندەك گەپلەر دەل مۇشۇنىڭ مىسالىدۇر. ئەمما ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى 1954-يىلى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن قېتىم مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «كىشىلىك ھوقۇق» ئۇقۇمىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىگە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلگىنى يوق.

ھالبۇكى، دەۋر ئۆزگەردى، قانۇنىنىڭ تەركىبىدىكى مەدەنىيەت خۇرۇچىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچلىنىپ باردى؛ بولۇپمۇ «كىشىلىك ھوقۇق»نىڭ مەخسۇس بەلگىلىمە سۈپىتىدە «ئاساسىي قانۇن»نىڭ 33-ماددىسىغا «دۆلەت كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ» دەپ كىرگۈزۈلگەنلىكى ئادەمنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ. بۇ گەرچە مۇنداقلا دەپ قويۇلغان بىر جۈملە گەپتەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزنىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئېلىمىز خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى ئۇلۇغ ئىش، شۇنداقلا قانۇنچىلىق تارىخىمىزدا كۆرۈلگەن خاسىيەتلىك بۇرۇلۇشنىڭ ئابىدىمسان بەلگىسى.

ھالبۇكى، «كىشىلىك ھوقۇق»نىڭ ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەنلىكىگە تەھسىن ئوقۇلۇۋاتقاندا قىسمەن تورداشنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشۋىشلىك مۇنازىرىلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. بەزىلەر: «‹كىشىلىك ھوقۇق› ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگىنى بىلەن ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ پېتىچە قالار، تايىنلىق! ...» دېسە، يەنە بەزىلەر: «‹كىشىلىك ھوقۇق›نى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ قويدۇق، ئەمما ئىشقا ئاشۇرماق تەس» دەيتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاساسسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى كونكرېت ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتىمىزدە «كىشىلىك ھوقۇق»تا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ھوقۇقنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىغا ئاۋام تۈگۈل ھەتتا ئەدلىيە ساھەسىدىكى خادىملارمۇ ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيدۇ؛ بىلىدىغىنىمىز پەقەت ئوقۇملاشقان تۇمتاق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس! دېمەك، مەيلى قانۇن ساھەسىدىكىلەر بولسۇن ۋە ياكى ئاۋام بولسۇن «كىشىلىك ھوقۇق»تا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ھوقۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى شەرت.

ئىنسانلىق ھوقۇقى تۇغما بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى تارتىۋېلىشقا، ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭغا دەخلى-تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ؛ ھەتتا دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتمۇ دەل ئىنسانلاردىكى بۇ خىل تۇغما ھوقۇقنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي

دەپىنە ـ دۇنياسىنى قوغداش ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «ئاساسىي قانۇن»ىمىزنىڭ يادرولۇق نىشانى ــ جۇمھۇرىيىتىمىز تەۋەسىدە ياشاۋاتقان ھەربىر پۇقرانىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش، خالاس. لېنىن ئاساسىي قانۇن توغرىسىدا توختىلىپ: «ئاساسىي قانۇن ــ خەلقنىڭ ھوقۇقى پۈتۈلگەن بىر پارچە جاكارنامە» دېگەنىدى؛ سۇن جوڭشەنمۇ: «ئاساسىي قانۇن ــ ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ دەستىكى، خەلققە بېرىلگەن كاپالەتنامە» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن، شەخسىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇندىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان يادرولۇق مەزمۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە سىياسىي تۈزۈمدە «كىشىلىك ھوقۇق» ھەققىدىكى چۈشەنچىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى فرانكلىن دېلانو روزېۋېلت 1941 ـ يىلى پارلامېنتقا تاپشۇرغان بىر پارچە دوكلاتىدا ئىنساننىڭ تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈرلۈك ئەقەللىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىكەن:

بىرىنچى، ئۆزىگە لايىق ئىش ـ ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇنىڭغا تۇشلۇق ھەق ئېلىش ھوقۇقى؛

ئىككىنچى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە خۇشۋاقلىق (كۆڭۈل ئېچىش، خۇشاللىنىش، خۇش كەيپ يۈرۈش دېگەن مەنىلەردە. ـ ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن) ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك پۇل تېپىش ھوقۇقى؛

ئۈچىنچى، فېرمېرلار (دېھقانچىلىق مەيدانى خوجايىنى. ــ ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن)نىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى قەدىر ئەھۋال قامداش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلات سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى؛

تۆتىنچى، چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق كارخانىچىنىڭ ئەركىن مۇھىتتا ئىختىيارىي سودا قىلىش، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى مونوپول گۇرۇھلار شەكىللەندۈرگەن نائادىل رىقابەت ۋە كونتروللۇقتىن ساقلىنىش ھوقۇقى؛

بەشىنچى، ھەرقانداق ئائىلىنىڭ تۈزۈك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش ھوقۇقى؛

ئالتىنچى، ئوبدان داۋالىنىش ئېتىبارى ۋە پۇرسىتىگە ئېرىشىش ئارقىلىق سالامەت تۇرۇش ھوقۇقى؛

يەتتىنچى، قېرىلىق، كېسەللىك، كېلىشمەسلىك ۋە ئىشسىزلىق ئەندىشىسىدىن خالاس قىلىدىغان پاراۋانلىق كاپالىتىدىن تولۇق بەھرىلىنىش ھوقۇقى؛

سەككىزىنچى، ئوبدان تەربىيىدىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى.

يۇقىرىقى بايانلارنى گەرچە «ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىنى ياساپ ـ جابدۇپ ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى؛ ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرگەنلىكى» دەپ چۈشەنسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»نى كونكرېتلاشتۇرۇش، سىياسىيلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ قانۇن ئىزىغا سېلىش يولىدا تاشلانغان مۇھىم بىر قەدەم ئىكەنلىكىگە كۆز يۇمالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە روزۋېلتمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبلىك «ئامېرىكا تارىخىدىكى داڭدار رەئىس جۇمھۇرلاردىن » دەپ تەرىپلەنگەن.

خوش، ئۇنداق بولسا ئېلىمىزدە ھازىر تىلغا ئېلىنىۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق» كەلىمىسى قانداق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ بۇ ھەقتە مەن بۇرۇنقى نۇرغۇن كىتابىمىزنى ئاختۇرۇپ باققان بولساممۇ، لېكىن لۇغەتلەردىكى «كىشىلىك ھوقۇق ــ شەخسلەر بەھرىمەن بولىدىغان جىسمانىي ئەركىنلىك ۋە تۈرلۈك دېموكراتىيە ھوقۇقى» دېگەندەك بىر جۈملىلىك ئاددىي تەبىردىن ئۆزگە، چوڭقۇر توختىلىپ گەپ قىلغىدەك بىرلىككە كەلگەن شەرھىنى ئۇچرىتالمىدىم. بۇنى ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ھالەت دېمەي تۇرالمايمىز. دۇرۇس، ئېلىمىزنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايى ئامېرىكىنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدۇ؛ بەزى نۇقتىلار ھەتتا ئامېرىكىنىڭكىگە زىت كېلىدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىلىقلارنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق»قا قويغان ئۆلچىمىنى ئۆلۈك كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەلۋەتتە بولمايدۇ. لېكىن، ئۆزىمىزگە خاس كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئېڭى ۋە قىممەت قارىشىغا ئاساسەن بېكىتىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ ھەم زۆرۈر ھەم تەخىرسىز ۋەزىپىگە ئايلانغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

چۈنكى، «كىشىلىك ھوقۇق»نىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا، ئاندىن «ئاساسىي قانۇن»دىكى «دۆلەت كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ» دېگەن بېكىتمىنى قەغەز يۈزىدىن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق ئاۋامنى كىشىلىك ھوقۇق سەۋەبلىك زىيادە بەدەل تۆلەپ يۈرۈشتىن ساقلاپ، «كىشىلىك ھوقۇق» كەلىمىسىنىڭ ھەققىي قىممىتىنى ئەبەدىي ساقلىغىلى بولىدۇ.

---

سۇن جىنجۇن ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە «قىلىبەتونلار ئائىلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2004 ـ يىل 4 ـ سانىغا بېسىلغان. ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار تەرجىمىسى.

تىلماچ: گۇما ناھىيە ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچى ئوفىتسېرى

# «ئاياللار ئازادلىقى»نى دەپ ئانىلىق مېھرىنى قۇربان قىلىۋەتمەيلى

ئىلگىرى، يەڭگىگەن ئاياللار 42 كۈنلۈك تۇغۇت دەم ئېلىشى توشقان ھامان بالىسىنى زاكىسغا تاشلاپ قويۇپ، ئامالسىز ئىشقا باراتتى. ھازىرغۇ خېلى ياخشى، ھەر نېمە بولسا تۇغۇت دەم ئېلىشى ئۈچ ئايغا ئۇزارتىلدى. ئانىلار بالىسى ئۈچ

ئايلىق بولغان ھامان ئۇنى بوۋا-مومىسى ياكى بالا باققۇچى ۋە ياكى يەسلىگە ئاپىرىپ بەرمەكتە؛ بەزىلىرى ھەتتا شۇنچە يىراقتىكى ئۇرۇغ-تۇققانلىرىنىڭ بېقىشىغا ئاپىرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولماقتا. ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان بوۋىقىنى ئەمچەكتىن مەجبۇري ئايرىپ باشقىلارغا باقتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ئانىلارنىڭ يۈرىكى قانچىلىك ئېچىشار-ھە؟! ھەممىمىزگە بەش قولدەك ئايانكى، ئانىلار پەقەت خىزمىتىنى قايتا قولغا ئېلىپ، جەمئىيەتتىكى رولىنى داۋاملىق ئاتقۇرۇش ئىستىكى ۋەجىدىنلا ئاشۇنداق ئازابلىق قىسمەتلەرگە مۇپتىلا بولۇۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، جەمئىيەت ۋە خىزمەتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا كىمنىڭ ھەددى؟!

خوش، ئۇنداق بولسا، جەمئىيەت تۇغۇتلۇق ئانىلار بىلەن بوۋاقلارغا زادى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا شەپقەتسىزلىك قىلىدۇ؟ ئانا-بالىلارنىڭ بىر-بىرىنى باغاشلاپ ياشىغانلىقىغا ئائىت تارىخىي كارتىنىلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئەمدىلىكتە ئانا-بالىلىق مېھرىنىڭ بالدۇرلا سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، شۈبھىسىزكى، ئادەمىيەتتىكى زىيادە چېكىنىش — ياتلىشىشقا بېشارەت. ئەجەبا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كامالىتى بۇ خىل ياتلىشىشقا سەۋەب بولۇپ، ئۇنى تېزلەتتىمۇ-قانداق؟

مېنىڭچە، بۇ خىل چېكىنىش - ياتلىشىشنىڭ نېگىزلىك سەۋەبىنى يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان كۆچەپ تەكتلىنىۋاتقان «ئاياللار ئازادلىقى»دىن كۆرۈش مۇمكىن. چۈنكى، «ئاياللار ئازادلىقى» ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، خىزمەت رىقابىتىگە قاتنىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھالبۇكى، دەبدەبىسى كۈچلۈك بەزىبىر ھەرىكەتلەر كۆپىنچە ھالدا ئاخىرى بېرىپ پاتقاققا پېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەرلەر بىلەن ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش» مەپكۇرىسىدە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى جىنسىي پەرق ۋە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى نەزەردىن ساقىت قىلىنغاچقا، نۇرغۇن «باھادىر» ئايال ئەرلەر بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ھەتتا تېخى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىقىغا جەڭ ئېلان قىلىشتى. نەتىجىدە، ئۇلاردىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى «ئوخشاش ئىنسان» دەپ تونۇش ئىستىكى، ئاخىرقى ھېسابتا بىر قىسىم پەيلاسوپنىڭ «ئىنسانلىقنىلا ئويلىشىپ، ئانىلىق بىلەن ھېسابلاشماسلىق» شوئارىغا ئايلاندى.

فېمىنىزم(ئاياللار ھوقۇقچىلىقى. — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن)نىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋەجىدىن بەزى ئاياللار ئېرىگە خوتۇن، بالىسىغا ئانا بولۇشتىن باش تارتتى. جۈملىدىن ئۇلار ئەرلەر بىلەن جىنسنىڭ بارىچە بەسلىشىپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك سەھنىدە نام-ئاتاق قازىنىشقا مەستخۇشتلارچە بېرىلىپ كەتتى. ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن نام-ئاتاق چىقىرىش ئارزۇسىغا يېتىپ «باھادىر»لارغا ئايلىنالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى بارا-بارا يوقىتىپ، «ئورتاق ئىنسانلىقنىلا ئويلىشىپ، ئانىلىق بىلەن ھېسابلاشماسلىق» ئۇقۇمىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. ئۇلار ئاران ئېرىشكەن ئىجتىمائىي ھوقۇقنى قوغداش زۆرۈرىيىتىدىن ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆزلىرى خالاپ نابۇت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەم ئايال، ھەم ئانا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى.

تەڭرى يەر-زېمىننى ئوي-دۆڭ، ئىنساننى ئەركەك-چىشى بىلەن ياراتقان. ئىنساننىڭ ئانىسى بولمىش ئاياللارنىڭ ئۆز جىسمىدىن پۈتكەن بالىسىنى باغاشلاپ ئۆستۈرۈشى تەڭرىدىن يەتكەن ئالەمشۇمۇل مەرھەمەتتۇر. چۈنكى، ئاياللار بالىسىنى پەرۋىشلەپ چوڭ قىلىش بىلەن ئۆزىدىكى ئانىلىقنى كۆنسايىن كۈچەيتىپ بارىدۇ. ناۋادا، ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئورتاق ئادەمىلىك ئىنساننىڭ بىرلەمچى تۇغما تەبىئىتى، دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئاياللاردىكى ئانىلىق ئىنساننىڭ ئىككىلەمچى تۇغما تەبىئىتى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئەرلەرنىڭ ئىنساننىڭ ئىككىلەمچى تۇغما تەبىئىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئانىلىقنى ئادەمىيلىكنىڭ ئاياللار جىسمىدىكى نامايەندىسى، دېيىشكە، شۇنداقلا ئاياللاردا ئىپادىلىنىدىغان ئادەمىيلىك ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ، دەپ تونۇشقا ھەقلىقمىز. بۇ ھەم ئەرلەر ياراتقان نۇرغۇن ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسىرىدىكى ئاياللار ئوبرازىغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەرنىڭ قۇرۇماس بۇلىقىدۇر.

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش، ئۇ توغرا تەدبىر. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئاياللاردىكى ئانىلىق تەبىئەتنى نابۇت قىلساق، بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپ تەتۈرلۈك بولامدۇ-قانداق؟! ئەرلەر بىلەن ئاياللار جىنسىي پەرق ۋەجىدىن جەمئىيەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. بۇ ھەم تەڭرىنىڭ جىمى جانلىققا بېكىتىپ بەرگەن ئۆزگەرمەس مىزانىدۇر. ناۋادا، جىنسىي پەرق ۋەجىدىن ئايرىلغان تەبىئىي ئىش تەقسىماتى زورىغا بۇزۇپ تاشلانسا، «ئاياللار ئازادلىقى» ئۇلاردىكى ئادەمىيلىكنىڭ كامالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تۈگۈل، ھەتتا ئەرلەر بىلەن ئاياللارغا ئورتاق بولغان ئادەمىيلىكنىمۇ نابۇت قىلىدۇ. دۇرۇس، بەزى «باھادىر» ئاياللارنىڭ تۇغۇشنى، تۇغقان تەقدىردىمۇ بالىسىنى ئۆز قولى بىلەن بېقىشنى خالىماسلىقى شۇ ئاياللارنىڭ شەخسىيىتىگە تەۋە ئىش؛ شۇڭا، ئۇنىڭغا «ئاقىلەي-كۆكلەي»

دېيىشكە ھەددىمىز ئەمەس. ئەمما، تۇغماسلىق، تۇغقان تەقدىردىمۇ بالىنى ئۆز قولى باقماسلىق خاھىشى بىر تۈرلۈك «ئىسلاھات» شوئارى سۈپىتىدە جىمى ئايال زاتىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈۋېتىلسە، ئۇ چاغدا ئايااللىق تەبىئىي قانۇنىيەت كۈچىدىن قالىدۇ-دە، ئايااللارمۇ ئانىلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئەبەدىي مەھرۇم بولىدۇ.

دەۋرىمىزدە ھەرقانداق مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىۋاتىمىزيۇ، لېكىن ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئۇنى يارامىلىق تەربىيىلەشكە پەقەت ئېرەنسىمەيۋاتىمىز: ھەرقانداق بىر ئىش-ئەمەلنى قىلىشتىن بۇرۇن زۆرۈر تەربىيە ئۆتكىلىدىن ئۆتىمىزيۇ، لېكىن ئايال زاتىنىڭ بالا تۇغۇپ ئانا بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ھەم مۇقەددەس، ھەم جاپالىق ئىشلا بۇ خىل تەلەپ ۋە ئۆلچەمدىن مۇستەسنا. ئارىمىزدا ھەتتا ئاي-كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئايااللار ئىچىدىمۇ تۇغۇت ۋە بوۋاق پەرۋىشى ھەققىدە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز مەزلۇمەلەر سامانىدەك. بۇ، ئادەمنىڭ ھوقۇقى، ئېھتىياجى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قىلچە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئاقىۋىتى. بۇنداق پەرۋاسىزلىق داۋاملىشىۋەرسە، «ئانا-بالىلار ھوقۇقى»دېگەن ئاسانلا ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئانىلىقنىڭ بۇرمىلىنىپ، بارا-بارا تاشلىنىپ قېلىشىغا مەيلى جەمئىيەت ھەدىيە قىلغان ئايااللار ئىجتىمائىيلىقى ۋە ياكى ئايال زاتىنىڭ شەخسىي نام-ئاتاق قازىنىپ «باھادىر» ئايااللارغا ئايلىنىش ئىستىكى سەۋەب بولغان بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئايااللار ئازادلىقى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئازغۇنلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دېمەك، ئانىلىقنىڭ ھەق-ھۆرمىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «ئايااللار ئازادلىقى» ھەرىكىتى ئايااللارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرمەكتە يوق، ئەكسىچە چۈشۈرۈۋەتتى. شۇڭا، مەدەنىيەتتىكى بۇ خىل شەيدائىي ئازغۇنلۇقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەل-جامائەتكە مۇنداق ندا قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ:

بىرىنچى، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس تۇغۇت ۋە بوۋاق پەرۋىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاللىما دەرس تۈرىنى تەسىس قىلىپ، بولغۇسى ئانىلارنى بۇ جەھەتتىكى ئىلىم-بىلىمدىن ئالدىنئالا خەۋەردار قىلىش لازىم. چۈنكى، ئانىلىق دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس ئىش بولغاچقا، بۇ مۇقەددەس ئىشنىڭ كامالىتى ئۈچۈن ئەلۋەتتە كۆڭۈلدە ئىدىيىلىق سان بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ. نۆۋەتتىكى ھالىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، مائارىپ تۈزۈمى ۋە مائارىپ بايلىقلىرى جەھەتتە ئىنسانىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس بۇرچى مۇناسىپ ئېتىۋارغا ئېرىشەلمەيلا

كېلىۋاتىدۇ. بۇ — پانىي ئالەمدىكى ئەڭ ئېغىر سەۋەنلىكىمىز، خالاس.

ئىككىنچى، ئايال زاتى ھامىلدار بولغاندىن تارتىپ تاكى كۆز يورىغۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇت، بوۋاق پەرۋىشى ۋە بالا تەربىيىسى ھەققىدە ئاز-تولا بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم. ھالبۇكى، ھازىرقى مەزلۇمەلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنداق بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تولغىقى تۇتۇپ كەتكىچىمۇ جاپالىق خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ: بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالا تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلارىنى ئۇقماي تەمتىرەپ قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، ھازىر شەھەرلىك ئايااللارنىڭ تۇغۇتى تەسلىشىپ، تۇغقان بوۋاقلىرىنىڭ سۈپەت-ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ كاشىلىنى دوختۇر ۋە كىندىك ئانىلىرىغا تايىنىپلا تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بالىنىڭ ساغلام ئەي بولۇشىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئۇنداق مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئايااللار ئانىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، بالىنى ھامىلە ۋاقتىدىن باشلاپلا قانداق پەرۋىشلەش لازىملىقىنى ئالدىنئالا بىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، ئانىلار بوشانغاندىن كېيىن ئاز دېگەندە ئۈچ ئاي دەم ئالىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بۇنىڭ ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بېرىشى لازىم. بالا تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگۈچە بولغان ۋاقىت، ئۇنىڭ بالىلىق خۇلق-مىجەزلىرى يېتىلىدىغان، يەنى تاشقى دۇنياغا كۆرە سېزىمى تۇرغۇنلىشىدىغان ھالقىلىق پەيت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ۋاقىتتا بالا ئىنچىكە پەرۋىشكە، گەپ-سۆز ۋە ئىما-ئىشارەت ئۈچۈرلىرى ئارقىلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئېچىشقا، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى غىدىقلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ خىزمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. بۇ چاغدا بالىنى ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىۋاتقان چوڭلارغا، بالا باققۇچىغا ياكى يەسلىگە تاشلاپ بەرگەندە، بالىنىڭ خۇلق-مىجەزلىرىنىڭ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشنى پەقەت ئانىلىق مېھرى ۋە پەرۋىشى ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن.

تۆتىنچى، بالىنى پەقەت ئامال بولمىغاندىمۇ يېشىغا يەتكۈچە ئانىسى ئېمىتىشى لازىم. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئانىنىڭ پۈتكۈل مېھرىنى بالىسىغا بېغىشلاپ، بۆشۈك ئەتراپىدا كېچە-كۈندۈز پەرۋانە بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

«ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى بالىلاردا» دېگەن گەپنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيمىزيۇ، لېكىن «بالىنىڭ كېلەچىكى ئانا مېھرىدە»، «بالىنىڭ قانداق بولۇشى ئانا تەربىيىسىدىن» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز. شۇنى بىلىشىمىز زۆرۈركى، ئادەمنىڭ ساپاسى ۋە تەقدىرى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ساپاسىغا باغلىقتۇر. ئايال زاتىدىكى ئانىلىق مېھرى قانچە كۈچلۈك بولسا، بالىمۇ مېھىر-مۇھەببەتكە شۇنچە تويۇنىدۇ؛ كىچىكىدە مېھىر-مۇھەببەتكە تويۇنغان بالا بارا-بارا كۆيۈمچان، كەڭ قورساق، غەيۇر بولۇپ يېتىلىدۇ. قىسقىسى، تۇرلۇك سەۋەب بىلەن ئانىلىقتا بەرھەم بېرىپ، ئايال زاتىنىڭ ھەقىقىي بىر ئانا بولۇشىغا ئىمكان بەرمەسلىك — ئاياللارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى ۋەيران قىلغانلىقتۇر!

---

«جەنۇب ئازنىسى» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 2008-يىلى 10-يانۋار سانىدىن

ئۆمەر ئابدۇقادىر تەرجىمىسى. تىلماچ: پىچان ناھىيە پىچان بازار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خادىمى

# خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاشتا ھۆكۈمەت نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىر ئەلنىڭ مالىيىسىدە كىرىم چىقىمدىن ئاشقانلىلا ئاندىن ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىلىش ۋە ئۆز فۇنكسىيىسىنى نورمال ئىشقا سېلىشقا قادىر بولالايدۇ؛ زىيادە قىزىل رەقەم خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شەخسكە كۆرە ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. يەنى پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ، پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش، داۋالىنىش جەھەتتىكى ھاجەتلىرىنى قامداپ ئاز-تولا ئېشىنالىسا، ئەگەر بولمىغاندا ئاشۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا، ئاندىن نورمال تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. ناۋادا كىشىلەرنىڭ چىقىمى كىرىمىدىن ئېشىپ كەتسە، ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى تۇرمۇشنى قامداش بىلەنلا چەكلىنىدۇ-دە، بۇنىڭدا تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى نىشانى نېمە؟ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللاندۇرۇش ئەمەسمىدى؟! گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، خەلقنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چىقىمىنى ئازايتىش ئەمەسمىدى؟! بىر قىسىم كىشىنى ئالدىن بېيىتىش — پەۋقۇلئاددە تارىخىي باسقۇچنىڭ پەۋقۇلئاددە مەھسۇلى؛ جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن مەقسەت — باي-نامراتلىق پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش.

ھالبۇكى، نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، كىرىمىمىزنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمىزغا 1978-يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 29 يىل بولدى. بۇ 29 يىل مابەينىدە ئېلىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز يۈكسىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. مەسىلەن، بېيجىڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق رايونلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان رايونلار سەۋىيىسىگە يەتتى. ھالبۇكى، مائاشىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن بەكلا ئاستا بولۇۋاتىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گۇاڭدۇڭنىڭ بىر قىسىم جايىدا ئىشچىلارنىڭ مائاشى ھەتتا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكىدىنمۇ چۈشۈپ كەتكەن. ئىقتىساد ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مائاش كىرىمىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى نورمال ئەھۋال دېگىلى بولمايدۇ. تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە پۇقرالارنىڭ كىرىمى مىللىي دارامەت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 50 — 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئېلىمىزنىڭ 2005-يىللىق مىللىي دارامەت ئومۇمىي سوممىسى 19 تىرىليون يۈەنگە يەتتى. لېكىن مائاش ئومۇمىي سوممىسى 2 تىرىليون يۈەن بولۇپ، مىللىي دارامەت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ پەقەت 11 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، دۆلەت بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمى پۇقرالارغا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ۋە ئاز ساندىكى كىشىگىلا تەئەللۇق بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم كارخانىچى ۋە ئاتالمىش سەرخىللار يىلىغا مىليون يۈەنلەپ، ھەتتا نەچچە ئون مىليون يۈەنلەپ كىرىمگە ئېرىشىۋاتىدۇ؛ لېكىن تالاي دېھقان ۋە ئىشچى يىل بويى جاپا چېكىپ ئىشلەپ، ئازغىنە بىر نەچچە يۈز يۈەن ياكى بىر نەچچە مىڭ يۈەن ئۈچۈن جان تالىشىۋاتىدۇ. قانۇنىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئالدىدا نېمىشقا چارىسىز قالىدىغاندۇ؟ ئەجەبا، بۇ خىل ئاسمان-زېمىن پەرقىنى سۈنئىي ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەسمۇ؟ ھۆكۈمەت بۇ جەھەتتە تەدبىر قوللىنىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟! ياپونىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە 30 يىللىق تېز تەرەققىيات مەزگىلىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە ياپونىيىلىكلەرنىڭ مائاشى ئامېرىكىلىقلارنىڭكىگە تەڭلەشتى؛ ئېلىمىز ئىقتىسادىمۇ 30 يىلغا يېقىن تەرەققىي قىلدى، ئەمما مائاشىمىز ئامېرىكىلىقلار مائاشىنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ، بۇ سەۋىيە ھەتتا ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىغا كەلگەندە ئاندىن ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز يۈكسىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويالىغان ھىندىستانىڭكىدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ. قىسقىسى، بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز پۇقرالار (بولۇپمۇ ئاجىزلا توپى)نى قۇربانلىق

قىلماسلىقى، ھۆكۈمىتىمىز ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئاشۇ تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن ھەممە ئادەمنى تەڭ بەھرىمەن قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھەم ھۆكۈمەت مۇھىم ئىشلار قاتارىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان، چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان ۋە قىلالايدىغان ئىش.

ئەمدى بىز چىقىملىرىمىزغا قاراپ باقايلى: مائارىپ كەسپىلىشۋىدى، تاپقان - تەرگىنىمىزنى باللارنى ئوقۇتۇشقا سېلىپ بېرىپ، قاقسەنەم بوپقالدۇق؛ تاپىتىن چىقىپ كەتكەن ئۆي باھاسى بىزنى ئۆمۈر بويى قەرزگە ئىشلەيدىغان «ئۆي قۇللىرى»غا ئايلاندۇرۇپ قويدى؛ قىياسەن ئۆستۈرۈۋېتىلگەن دورا باھاسى بىزنى داۋالىنىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىۋەتتى؛ چۈنكى بىر ئادەم ئېغىرراق كېسەلگە گىرىپتار بوپقالسا، ئوتتۇراھال كىرىملىك بىر ئائىلىنىڭ دەسمايىسىنى غالتەككە چىقىرىپ، قاقسەنەم قىلىۋېتىدۇ. بۇ چىقىملار پۇقرالارنى يەلكىسىدىن تاغدەك بېسىپ، ئۇلارنىڭ ماجالىنى قويمىدى. ھالبۇكى، ئۆي باھاسى، دورا باھاسى دېگەنلەر ئادەتتىكى قوشۇش - ئېلىش ئەمىلى بولۇپ، تەننەرخ، باج ۋە پايدا قاتارلىقلارنى ئۆز ئارا قوشۇش ئارقىلىقلا ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇنى ئۆي - زېمىن تەرەققىيات سودىگەرلىرى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلار پايدا - مەنپەئەتنىڭ ۋەسۋەسىسىدە خاتا ھېسابلاپ قويسۇنمۇ دەيلى، لېكىن ئۇنى پۇقرا ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەتمۇ ھېسابلىيالماسمۇ؟! ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىكى ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ بارا - بارا ھەقلىق مۇلازىمەتكە، ھەتتا يۇقىرى ھەقلىق مۇلازىمەتكە ئۆزگىرىشى، نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا ياسالغان يول، كۆۋرۈكلەرگە «ھەق ئېلىپ قەرز قايتۇرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن يول ھەققى ئېلىشتەك «خەلقنى شىلىش» قىلمىشلىرى، پۇقرالارنىڭ چىقىمىنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ھۆكۈمەت تىجارەت قىلىدىغان ئورۇن بولمىغاندىكەن، پۇل تېپىشنىلا مەقسەت قىلىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى؛ ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى پۇقرالار تاپشۇرغان باجنى ئوبدان باشقۇرۇپ، جايىدا ئىشلىتىش بولغانىكەن، ئۇنداقتا باج كىرىمىنىڭ مەمۇرلارنىڭ مائاشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت خىزمىتىگە لازىملىق خەج - خىراجەتلەردىن ئاشقان قىسمىنى پۇقرالار بەھرىمەن بولىدىغان ئاممىۋى مۇلازىمەتلەرگە سەرپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرلىرىمۇ مۇشۇ خىل مۇلازىمەتنى بەجا كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تېپىپ، غۇرۇرى بىلەن ياشىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ پارىخورلۇق قىلىپ قانۇننى بۇزماسلىقى، نەپسىگە بېرىلىپ ئۆزىنى بۇلغىماسلىقى لازىم. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى چۈشىنىش بەكمۇ ئاددىي. چۈنكى ئۇ — دېموكراتىك، ئەركىن، باراۋەر، ئادىل ۋە ئاشكارا ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، پۈتكۈل ئاۋامنى ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، تۈرلۈك مۇۋاپىق ۋە قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چىقىمىنى تۆۋەنلىتىشتىنلا ئىبارەت. تەرەققىي تاپقان نۇرغۇن ئەللەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئاغزىمىزدا كۈن بويى «دۇنياغا ماسلىشىمىز!» دەپ تووۋلاۋاتىمىزۇ، لېكىن بۇ جەھەتتىكى قەدىمىمىز نېمىشقا شۇنچىۋالا ئېغىر ۋە ئاستا ؟!

---

بەي خۇا ئىمزاسىدىكى بۇ مۇلاھىزە «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2007 - يىل 12 - سانىغا بېسىلغان. سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى. تىلماچ: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خادىمى

# جۇڭگونىڭ نامراتلىق چېكى خەلقئارا ئۆلچەمگە يېقىنلاشتى

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ نامراتلىق چېكى ئۆلچىمىنى ئۆستۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يېقىندا دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. بەزى غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرىدە: بۇ تەڭشەش جۇڭگو ئۈچۈن ئېيتقاندا، دادىل تەدبىر بولۇپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئۆلچەم بىلەن بولغان ئارىلىقنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ، دەپ قارالدى.

## يېڭى ئۆلچەمدە يىللىق كىرىم 1300يۈەن قىلىپ بېكىتىلىشى مۇمكىن

گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى تۈزگەن بۇ نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنى تەڭشەش چارىسى بويىچە، ئەسلىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ تۆۋەن چېكى 1067يۈەندىن 1300يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىكەن. ھازىر نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى بۇ چارە ھەققىدە پىكىر ئېلىۋېتىپتۇ. تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدىكەن. بەزى خەۋەرلەردە: ئەگەر بۇ دەسلەپكى لايىھە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشسە، تېخىمۇ كۆپ كىشى دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىدىن نەپ ئالىدۇ. جۇڭگودىكى نامراتلار ھازىرقى 40مىليوندىن 80مىليونغا كۆپىيىدۇ، دېيىلدى. ئېلىمىز ھەر يىلى نامراتلىق

چېكى ئۆلچىمىنى ئاز- ئازدىن تەڭشەپ كەلـدى. 1985-يىلـى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 200يۈەن بولۇشى نامراتلىق چېكـى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە: جۇڭگـو ئىسلاھات ئېلىپ بارغان، دۆلەت دەرۋازىلىرىـنى ئېچىۋەتكەن 30يىلدىن بۇيان، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مـۇراجىئەت قىلىپ كەلدى.بۇ قېتىمقى تەڭشەش جۇڭگونى خەلقئارا ئۆلچەمگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ ھەم ياردەمگە موھتـاج تېخىمـۇ كـۆپ كىشى ۋە رايونـنى ھۆكۈمەتنىـڭ ياردىمىگە ئېرىـشتۈرىدۇ، دېيىلدى. بۇ خەۋەردە: بـۇ تەڭـشەش ھۆكۈمەتنىـڭ دۆلەت ئىچىدىكى باي-نامراتلىق پەرقىنىڭ زورىيىپ كېتىشكە بولغـان ئەندىشىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۇردى، دەپ قارالدى.

## نېمە ئۈچۈن نامراتلىق چېكىنىڭ خەلقئارا ئۆلچىمى بېكىتىلىدۇ؟

دۇنيا بانكىسى 1985-يىلـى دوللارنـى ئـۆلچەم قىلىـپ، ھەرقايسى دۆلەت پۇللىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچـى سەۋىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا، خەلقئـارا نامراتلىـق چېكىنىڭ ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىچە كـۈنىگە بىـر دولـلار قىلىـپ بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيـانقى مـال باھا سەۋىيىسى ۋە ھەرقايسى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۇنيا بانكىسى 2005-يىلى دولـلار ھېسابى بويىچە، يېڭى نامراتلىق چېكىنىڭ ئۆلچىمى ئوتتۇرىچە كۈنـدە 1.2 دوللار بولۇشى كېرەك، دەپ مۆلچەرلىدى.

ھەرقايسى دۆلەتنىڭ شـارائىتى ئوخـشىمىغاچقا، نامراتلىـق چېكى ئۆلچىمىمۇ ئوخـشاش ئەمەس. ھەرقايـسى دۆلەت ئـۆز دۆلىتىنىڭ نامراتلىق چېكـى ئۆلچىمـىنى بېكىتـىشتە ئـادەتتە نامراتلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش، ئايرىلاپ تەكشۈرۈش شـەكلى ئارقىلىق ، ئۆز دۆلىتى شارائىتىدىكى «ئاساسىي ئېھتىيـاج» ۋە ئاساسىي ئېھتىياجنى قامداشقا زۆرۈر بولغان ئوتتۇرىچە كىرىمـنى كونكرېت ھېسابلاپ چىقىدۇ.

دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانىكەن، سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، يەنە نېمە ئۈچۈن خەلقئارا ئـۆلچەم تۈزۈلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، خەلقئارا نامراتلىق چېكىنى بېكىتىش دۇنيا مىقياسىدا سېلىشتۇرۇپ، دۇنيادىكى نامراتلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە، ب د ت ، دۇنيا بانكىسى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىستراتېگىيىـسىنى بېكىتىشكە پايدىلىق. بۇنداق خەلقئارا ئۆلچەم ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنـى ئېلگىرى سۈرۈشىگىمۇ قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

## ھىندىستان كالورىيە قوبۇل قىلىش مىقدارىنى ئۆلچەم قىلىدۇ

ھىندىستاننىڭ نامراتلىق چېكى خەلقئارا نامراتلىق چېكىدىن خېلى تۆۋەن. ھىندىستان ئوتتۇرىچە كالورىيە قوبـۇل قىلىـش مىقدارى( قانچە كالورىيە ئىسسىقلىق قوبـۇل قىلغـانلىقى)نـى ئۆلچەم قىلىپ، نامراتلىق چېكـىنى بېكىتـكەن. ھىندىـستاننىڭ 1957-يىلىدىكى نامراتلىق چېكى ـــ ئوتتۇرىچە ئايلىق كىرىـم 20رۇپىيە بولۇپ، بۇ نامراتلىق چېكى 1973-يىلىغا كەلگەنـدە تەڭشەلگەن. ھىندىستان ھۆكۈمىتى 2005-يىلى دېكابىردا يېزا نامراتلىق چېكى ئۆلچىمىدىكى ئوتتـۇرىچە ئـايلىق كىرىمـنى 368رۇپىيىـگە، شـەھەر-بـازار ئۆلچىمـنى 559رۇپىيىـگە تەڭشىگەن. بۇ ئۆلچەم ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا.

## ئامېرىكىدا نامراتلارنىڭمۇ ئاپتوموبىلى بار

ئامېرىكا 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا نامراتلىق چېكىنـى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويغان: ئادەتتىكى تـۆت جـانلىق ئـائىلە 1033دوللارغا يېمەكلىك سېتىۋېلىشى، بۇ، ئـائىلە كىرىمىنىـڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلـىشى كـېرەك. شـۇنىڭدىن كېيىـن ئامېرىكىنىڭ نامراتلىق چېكى ئۆلچىمى ھەر يىلـى تەڭـشىلىپ كەلدى. 2006-يىلىنىڭ ئاخىرى ئامېرىكىدا نامرات ئاھالىنىـڭ نىسبىتى% 12.3، يەنى 36مىليون 500مىڭ كـىشى، 7مىليـون 700مىڭ ئائىلە نامراتلىقتا ياشاۋاتقان بولۇپ، بۇ، ھەر سەككىز ئامېرىكىلىقنىڭ بىرىنىڭ نامراتلىقتا ياشاۋاتقانلىقىغا باراۋەر.

ئامېرىكىدىكى نامراتلار كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئۆي-ماكانسىز، ئاچ-يالىڭاچ ئەمەس. 2005-يىلى ئېلان قىلىنغـان تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىـدا %46نـامرات ئائىلىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى بار بولـۇپ، بىـر تىپىـك نـامرات ئائىلىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ ئېغىزلـىق ئۆيـى، بىر گاراژى، بىر بـالكونى بولىـدىكەن؛ ئامېرىكـىدىكى نـامرات ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىـدىغان ئولتـۇراق ئـۆي كۆلىمى پارىژ، لوندون، ۋېنا، ئافىنا قاتـارلىق شـەھەرلەردىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمـىدىن چـوڭ ئىكەن؛ نامرات ئائىلىلەرنىـڭ %97نىـڭ بىـردىن رەڭلىـك تېلېۋىزورى، %76نىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچى، %75نىڭ بىردىـن ئاپتوموبىلى بار ئىكەن.

---

«شـىنجاڭ گېزىـتى» (ئۇيغـۇرچە)نىـڭ 2008-يىل24-ئاپرېـل «خەلقئـارا قىزىق نۇقتا»سـەھىپىسىدىن

# شەھەرلەشكەندىن كېيىن ...

شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن دېھقان سـەھرانى تاشلاپ شەھەرگە ئاقتى؛ نەتىجىدە كـۆز يەتكۈسـىز ئېتىـزلار قېرىلار بىلەن بالىلارنىڭ تېرىشىغا قالدى.

شەھەرلەردە «گۈزەل مۇھىت» يـارىتىش ئۈچـۈن شـەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارغا شەھەرنىڭ ئەخلەت-چاۋارلىرىـدىن تـاغ ياسىدۇق؛ بۇنىڭ بىـلەن كۆكلەمىـدىن دالـىلار چۈشىنىـڭ

ئۇۋىسى، سېسىقچىلىقنىڭ قاينىمىغا ئايلاندى.

شەھەرلەرنىڭ «ئۇسسۇزلۇق»نى قاندۇرىمىز، دەپ پايانسىز ئېكىنزارلىقلارنى قۇرۇتۇۋەتتۇق؛ بۇنىڭ بىلەن چاك ـ چاك يېرىلغان ئېتىز ـ ئېرىقلار ئەرشتىكى بۇلۇتلارنىڭ ھەممىسىگە قاراشلىق قالدى.

« كېچە بولماس شەھەر» بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىمتاس سەھرالار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى؛ بۇنىڭ بىلەن سەھرالىقلار تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىغا تەقەززا بولدى.

---

شى لىي ئىمزاسىدىكى بۇ فېليەتون «فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 11 ـ سانىغا بېسىلغان. ئابدۇللا روزىمۇھەممەت تەرجىمىسى.
تىلماچ: قاراقاش ناھىيە ئىنتىباق كومىتېتىنىڭ خادىمى

# پارچىلار

▲ ئاجىزلارنىڭ بۇ دۇنيالىقى، كۈچلۈكلەرنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ياخشى بولمايدۇ؛ داڭدارلاردا ئۆز خاھىشى بويىچە ياشاپ بېقىش ئەركى، پۇقرالاردا باشقىلاردەك ياشاپ بېقىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ؛ ئەرلەرنىڭ ئۆمرى، ئاياللارنىڭ ياشلىقى كوتا كېلىدۇ.

▲ كەسىپلىك دۆلەتكە، شان ـ شەرىپلىك ئىدارىگە تەۋە بولىدۇ؛ ياراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭ باشلىقىڭنىڭ دوكلاتىغا، تاپقان پۇلۇڭ خوتۇنىڭنىڭ يانچۇقىغا كىرىدۇ؛ دەپنە ـ دۇنيايىڭ بالا ـ ۋاقاڭغا، خاتالىق ـ سەۋەنلىكلىرىڭ ئۆزۈڭگە قالىدۇ.

▲ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى نېمىدەپ چۈشەنگۈلۈك: ئۇ بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىنى تەسلىم قىلىشىدۇر.

▲ كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى چاغلىق بولۇۋاتقاندا، ئۇستىلىق بىلەن قىلىغان كۆچۈرمىكەشلىكمۇ «قالتىس ئىجادىيەت»لەردىن سانىلىدۇ.

---

«فېليەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 4 ـ سانى (كېيىنكى يېرىم ئايلىق )دىن ئابلەت مۇھەممەت توغراق. نۇرنىسا ئابلىمىت تەرجىمىسى(M2)

## ئۆمۈر ھەققىدە رىۋايەت

بىر كۈنى خۇدا بارلىق جانلىقنى يىغىپ ئۇلارغا ئۆمۈر تەقسىم قىپتۇ. ئادەمگە 30 يىل، ئىت بىلەن ئېشەككە 40 يىلدىن تەقسىم بوپتۇ. ئادەم ئۆزىگە ئاران 30 يىل ئۆمۈر تەقسىم قىلىنغانلىقىغا سەل نارازى بولۇپ:

ــ ئى ئاللا، نېمىشقا ماڭا ئاران 30 يىل ئۆمۈر تەقسىم قىلدىڭ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئاللا ئۇنىڭغا:

ــ بۇنىڭغا پەقەت ئامال يوق، باشقىلاردىن جىقراق ئاشمىدى ئەمەسمۇ،ــ دەپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئېشەك يېتىپ كېلىپ:

ــ ئى ئاللا، ماڭا 40 يىل ئۆمۈر ئاتا قىپسەن، بۇ 40 يىلدا نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ئاللا ئۇنىڭغا:

ــ ئادەملەرگە ئىشلەپ بېرىسەنــ يەر ھەيدەيسەن، ھارۋا سۆرەيسەن، خامان تېپىسەن، ئادەملەر سېنى مىنىدۇ، مۇشۇنداق ئەمگەكلەرنى قىلىپ ئادەملەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىسەن، ئۇلار سېنى سامان بېرىپ باقىدۇ،ــ دەپتۇ.

ئېشەك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. ئۇ، روھى چۈشكەن ھالدا ئاللادىن ئۆمرىنى 20 يىل قىسقارتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ئۇنىڭ 20 يىللىق ئۆمرىنى ئادەمنىڭ ئۆمرىگە قوشۇپ بېرىپتۇ. ئېشەك خۇشھال بولۇپ ئەمدى كېتىپ تۇرۇشىغا ئىت يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ:« ئى ئاللا، ماڭا 40 يىل ئۆمۈر ئاتا قىلدىڭ، نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟» دەپ سوراپتۇ.

ئاللا ئۇنىڭغا:

ــ ئادەملەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىنى باقىسەن، مال ـ مۈلۈكلىرىنى قوغدايسەن، ئۆز ئىگەڭگە ۋاپادار، بۇزۇقلارغا رەھىمسىز بولىسەن، جامائەتنىڭ مۈلكىنى جان تىكىپ قوغدايسەن، ئۇلارغا جېنىڭنىڭ بارىچە خىزمەت قىلىسەن. باي ئائىلىلەردە بېقىلساڭ، ئۇلار ساڭا گۆشىنىڭ سۆڭەكلىرىنى، ئېشىپ قالغان ئاشلىرىنى بېرىدۇ؛ كەمبەغەل ئائىلىلەردە بېقىلساڭ، ئاشنىڭ يۇندىلىرىنى قۇيۇپ بېرىدۇ. بەزىدە ئاچ، بەزىدە توق يۈرىسەن،ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئىتنىڭ ماغدۇرى قېچىپتۇ. ئۇ، ئاللادىن ئۆمرىنى 20 يىل قىسقارتىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاللا ئىتنىڭ 20 يىللىق ئۆمرىنىمۇ ئادەمگە قوشۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئۆمرى تەخمىنەن 70 يىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئادەملەر 30 يىللىق ئۆمرىدە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ كۈنلىرىنى خۇشھال ـ خۇرام ئۆتكۈزىدىكەن. 30 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئۆمرىدە، يەنى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئېشەككە ئوخشاش جاپا ـ مۇشەققەتتە ئىشلەپ ئائىلىسىنى باقىدىكەن. 50 ياشتىن 70 ياشقىچە ئۆمرىنى ئىتقا ئوخشاش تەمەخورلۇقتا ئۆتكۈزىدىكەن.

---

ئېيتىپ بەرگۈچى: نىياز كېرىم. قەلەمگە ئالغۇچى: تۇرسۇن نىياز(M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تېلېۋىزىيە ئېكرانى ۋە «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى»

**زەمىرە مىجىت**

زىيالىي — ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەت ۋە مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم بايراقدارى. زىيالىي ئاتالغۇسى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار جەمئىيىتىمىزدە ئەمدىلەتىن مۇھىم تېما سۈپىتىدە تونۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، پىكىر ئۆزگىچىلىكى ۋە تەپەككۇر خاسلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى ئادىل ئابدۇقادىرئەپەندى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «زىيالىي ئاتالغۇسى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە بۇ ھەقتە ئىلمىي ۋە سالماقلىق بىلەن چۈشەنچە بەرگەنىدى. مەزكۇر مۇلاھىزىدە زىيالىي ئاتالغۇسى ئىلمىي نۇقتىدىن ئەتراپلىق شەرھلىنىپلا قالماي، بىزگە يەنە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتلىمى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەنىدى. «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى»دېگەن يېڭى ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىزگە مېدىيە تەرەققىي قىلغان ھازىرقى دەۋردە يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا زىيالىي بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ دىئالېكتىكلىق مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ ئۇقۇم غەرب زىيالىيلار تەتقىقاتى ساھەسىدە ئاللىقاچان ھەرخىل تالاش-تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان قاراشلىرىدىن تۆۋەندىكى يەكۈنگە ئىگە بولىمىز: «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى» تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئۆزى تەۋە بولغان ساھەدىكى مەلۇم مەسىلىلەرنى كۆرۈرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈپ، جەمئىيەتتە مەلۇم ئىجتىمائىي كۆزقاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغۇچى بولۇپ، ئۇ، شۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق شەخسنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگودا سۆھبەت پروگراممىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ھەر ساھە بويىچە تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى توپى شەكىللىنىپ ۋە ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

تېلېۋىزىيىنىڭ جەمئىيەتتىكى پۈتكۈل ساھەگە يېيىلىشى، «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى ئەڭ دەسلەپ فرانسىيىنىڭ داڭلىق جەمئىيەتشۇناسى پىئېر بوردېئو تېلېۋىزورنىڭ ئىككى ياقلىملىق تەرىپىنى تەتقىق قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئۇقۇم ھازىرقى زامان ئاممىۋى مېدىيىلىرى ھەممىگە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىۋالغانلىقىدەك رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، بوردېئو: «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى» تېلېۋىزىيىدىكى مەلۇم بىر بۆلەك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، شۇ مېدىيىگە تايىنىپ ئۆزىنى

## ھەركىم ھەرخىل ھەۋەستە

تونۇتقۇچى، دەپ ئىنقلىما بەرگەن. [1] ھەقىقەتەن مېدىيىنىڭ كۈچى، بولۇپمۇ مېدىيىلەشكەن ئىقتىسادنىڭ كۈچى ئەڭ پاك بولغان ئىلىم ساھەسىگە ئاللىقاچان شىددەت بىلەن بېسىپ كىرگەن بۈگۈنكى كۈندە، «تېلېۋىزىيە زىيالىيلىرى»نىڭ شەكىللىنىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشىنىشكە بولىدۇ: تېلېۋىزىيە ھازىر ئۆزى مۇھىم بىلگەن ھەر قانداق ساھەدە ئۆزىنى مەسىلەكداشقا ئايلاندۇرۇۋالىدى. تېلېۋىزىيىنىڭ ھۆكۈمى جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەڭ مۇھىم ئامىل بوپقالدى. بوردېئو بۇ ھەقتە يەنە ئوبرازلاشتۇرۇپ مۇنداق دىگەن:«مۇخبىرلار، رىياسەتچىلەر دائىم مەغرۇرلانغان ھالدا ھەر قايسى ساھە زىيالىيلىرىنى بەس- بەس بىلەن مېدىيىلەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئۆز پىكىرلىرىنى كۆز- كۆز قىلىشىدۇ، زىيالىيلارمۇ مېدىيىلەر ئارقىلىق تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، مېدىيىلەرنىڭ تەكلىپىنى كۈتىدۇ، ئۆزىنىڭ مېدىيىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قېلىشۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى ئاڭلىغان كىشى ھەيرەتتە قالىدۇ. ھەتتا ئاشۇ زىيالىيلارنىڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلىغۇسى بار ياكى يوقلىقىدىن ئىختىيارسىز گۇمانغا چۈشىدۇ...»[2] بوردېئونىڭ بۇ بايانى بىزنى زىيالىي ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ مۇناسىۋىتى چەمبىرىكىگە سۆرەپ كىرىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىغا بولغان تەلىپىنىڭ كۈچىيىشى، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سۆھبەت تېمىلىرىنىڭ مولللىشىشى، ھەر ساھە زىيالىيلىرىنى بەس- بەس بىلەن ئېكرانغا چىقاردى. كۆرۈرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىش پسىخىكىسى مۇرەككەپ بولغان ۋە ھېسسىي قوبۇل قىلىش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەلۇم زىيالىينى بىر پروگراممىغا تەكلىپ قىلغاندا، بۇ تەكلىپ ئەمەلىيەتتە شۇ زىيالىيغا نىسبەتەن مەلۇم شەكىلدىكى ئېتىراپ قىلىشقا ھۆكۈمگە، تېلېۋىزىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بارغانسېرى كۆرۈرمەنلەرنىڭ بىردىنبىر ئېتىراپ قىلىش ئاساسىغا ئايلىنىپ قالدى. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، شۇ زىيالىيغا نىسبەتەن ئۆز ئەتراپىدىكى كەسىپداشلىرىنىڭ باھاسى بارا- بارا ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا پەيدا بولۇشى، گېزىت- ژۇرناللاردىكى ياخشى باھالار، مەخسۇس زىيارەت قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئۇتۇق قازانغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسىگە ئايلىنىپ، تېلېۋىزىيىنىڭ ھۆكۈمى ھەتتا ئۇنۋان باھالاش جەريانىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ ھەقتىكى كۈلكىلىك تالاش- تارتىشلارنىڭ بىر مىسالى :2001 ـ يىلى يازدا «جۇڭگو ئوقۇرمەنلەر گېزىتى»(中华读书报)نىڭ مۇخبىرى جاۋ جىنخۇا «ئالىي مەكتەپلەر ئادەمىيەت پەنلىرىنى سۇپەتلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتىن كېلىپ چىققان تالاش- تارتىشلار» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات مىقدارىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىدىكى مۇنداق بىر بۆلەكنى تەنقىدىي تىلغا ئالغان: «ئۇنۋان باھالاشتا ‹مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى› ياكى ‹سۇمۇرغ› سۇنئىي ھەمرا تېلېۋىزىيىسىنىڭ بىر مەخسۇس پروگراممىسىغا (20مىنۇتتىن ئارتۇق) قاتناشقان بولسا ئون نومۇر، ئۆلكە- شەھەر دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بىر مەخسۇس پروگراممىسىغا قاتناشقان بولسا بەش نومۇر قوشۇلىدۇ.»[3] سىناق تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ بەلگىلىمە شۇ چاغدا دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، زىيالىينىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ۋە زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىش مەسىلىسى ھەققىدە جىددىي تالاش- تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. نۇرغۇن كىشى ئاخبارات كەسىپلىرىدىن باشقا ساھە زىيالىيلىرىنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىشى ھېچنېمىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، زىيالىيلار ئىلمىي نوپۇزىنى چىڭ ساقلىشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئىلمىي نەتىجىنى تېلېۋىزىيىدىن يىراقلاشتۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، يوقىرىقى سىناق لايىھە سىناق پېتى بېسىلىپ قالغان.

زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزوردا پەيدا بولۇشىغا قارىتا، ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى ئېدۋارد سەئىد «زىيالىيلار »ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «1968 ـ يىللىرىدا، زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى نەشرىياتنى چۆرىدەش ھالىتىدىن ۋاز كېچىپ توپ- توپى بىلەن ئاممۇۋى مېدىيىلەرگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار تېلېۋىزىيىدە ئاخبارات خادىمى، سۆھبەت پروگراممىلىرىنىڭ ئالاھىدە مېھمىنى، رىياسەتچى، مەسلىھەتچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمىنى بولۇشتىن سىرت، چوقۇنىدىغان، ھەۋەس قىلىدىغان كۆرۈرمەن، تىڭشىغۇچىلىرى بار بولدى... ئاممۇۋى مېدىيىلەر كۆرۈرمەنلىرى ئالاھىدە كۆپ بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىي نوپۇزى ئانچە يۇقىرى بولمىغان، لېكىن كۆرۈرمەنلەرنى ئاسان جەلىپ قىلالايدىغان بىر تۈركۈم كەسپىي تېلېۋىزىيە زىيالىيسى چەمبىرىكىنى شەكىللەندۇردى...»[4]

لېكىن، بەزى زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزىيىنى رەت قىلىشىدىمۇ مۇئەييەن ئەمەلىي سەۋەبلەر مەۋجۇد. تېلېۋىزوردىن يىراق تۇرۇش، ئىلىم ساھەسىگە تېلېۋىزىيىنى يېقىن يولاتماسلىق غەرب

تېلېۋىزىيە تەنقىدىي نەزەرىيىسىنىڭمۇ ئەڭ ئاممىباب، ئەڭ بىۋاستە چاقىرىقى بولۇپ، ھەتتا بەزى رادىكال زىيالىيلار ھەرقانداق مېدىيە بىلەن ئۇچرىشىشنى قەتئىي رەت قىلغان ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ ھەممىگە ھۆكۈمران بولۇۋېلىش ھالىتىنى نۇقتا قىلىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى شەرھلىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تېلېۋىزىيە تۈرلۈك شەكىل ئارقىلىق سەنئەت، ئەدەبىيات، پەن-تېخنىكا، پەلسەپە، قانۇن قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەلىرىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا سىياسىي تۇرمۇش ۋە دېموكراتىيىگىمۇ ئوخشاشلا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. تېلېۋىزىيە زامانىۋى دېموكراتىيە قورالى ئەمەس، بەلكى دېموكراتىيىنى بېسىشتەك زوراۋانلىق ماھىيىتىگە ئىگە بوپقالدى، دەيدىغان قاراش كۆتۈرۈلۈپ چىققان. ھەقىقەتەن، تېلېۋىزىيە ھازىر ترېنېر ۋە سوتچىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەۋاتىدۇ. بولۇپمۇ تارىخنى ھەرخىل شەكىلدە خۇلاسىلەشكە ئامراق. مەسىلەن، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق بېكىتىلىدىغان «XXمۇنەۋۋەر ياش»، «XX تۆھپىكار»، «XX ناخشىچى» دېگەندەك باھالاش پائالىيەتلىرىنىڭ باش-ئاخىرى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى،ئىلىم نەزەرىيىسى ۋە ئىلىم تەتقىقاتى ساھەلىرىدىكى شەخسلەر تېلېۋىزىيە تەرىپىدىن بېكىتىلگەن چاغدا، ئىلىم مەيدانى ۋە سەنئەت مەيدانىنىڭ ئىچكى پرىنسىپى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولىدۇ. چۈنكى مېدىيەلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان «ئۆز ئارا مەنپەئەت بېرىش» ئويۇنلىرى باھالاشنىڭ ئادىللىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە مەدەنىيەت كاپىتالى، ئىقتىسادىي كاپىتال ۋە ماددىي كاپىتاللارنىڭ ئۆز ئارا ئايلىنىش جەريانىنى چوڭقۇر كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، ھازىر ئاممىۋى مېدىيەلەر ئەنئەنىۋى بىلىم قاتلىمىنىڭ بېكىنمىچىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئەنئەنىۋى بىلىم قاتلىمىغا بولغان باھالاش پرىنسىپلىرى، قىممەت ئۆلچىمىنىمۇ بۇزۇپ تاشلىدى. جۈڭگو تېلېۋىزىيىسىدە بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ئىسلاھات ئۆزىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى كاپىتالنىڭ ئاددىي ھالىدىكى قايتا تەقسىملىنىشىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىقتىساد، بازارلىشىش ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ بازارلىشىشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

بىر توپ ئىجادىي ئېيتىم (话语Discourse) توختىماي پەيدا بولۇپ، يەنە جىمجىتلا يوقاپ كېتىۋاتقان مېدىيە دەۋرىدە، ئېيتىم بىلەن ئادەم ئوخشاشلا قىسمەتكە دۇچار بولماقتا. بوردىيۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى كۆرۈرمەنلەر قاتلىمى مۇرەككەپ، تەپەككۇر شەكلى ھېسسى تەپەككۇرنى ئاساس قىلغان جەمئىيىتىمىزدە زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىش-چىقماسلىقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ: «تېلېۋىزىيە ئەسلىدىلا مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى ئىنتايىن ئاز بولغان بىر خىل ئالاقىلىشىش قورالى. تېلېۋىزىيە تېز سۈرئەتتە تەپەككۇر قىلالايدىغان كىشىلەرگە سۆزلەش ھوقۇقى ئاتا قىلغان بولۇپ، تېز سۈرئەتتە تەپەككۇر قىلغۇچىلار (fast_thinkers) دەماللىققا مەدەنىيەت تېز تاماقى يارىتىدۇ، كۆرۈرمەنلەرنى ئاللىقاچان ھەزىم قىلىنىپ بولغان مەدەنىيەت يېمەكلىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان ئىدىيىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.»[5] دېمەك، زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىشى قانداق مەدەنىيەت ئېقىمى ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ جەمئىيەتتە تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تېلېۋىزىيە بىلەن ئۇچرىشىشنى رەت قىلىش زىيالىيلىرىمىزدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەمەلىي ئەھۋال. بۇ مەسىلىنى زىيالىيلار نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: زىيالىيلارغا نىسبەتەن تېلېۋىزورغا چىقىشنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى شۇكى، پۈتكۈل سۆھبەت جەريانى بىر خىل زېرىكىشلىك، قېلىپلىق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىش ۋە مۇستەقىل كۆز قاراشنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراش جەريانىدۇر. سىزنىڭ تەپەككۇر يولىڭىزنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، رىياسەتچى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن خۇلاسە بويىچە سۆھبەتنى تاماملايدۇ، سۆھبەت زىيالىيلارنىڭ مۇناسىپ تەنقىد روھىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. زىيالىيلارنىڭ تەنقىد روھى ئەنئەنىنى قېزىش ۋە ئەنئەنىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا قارىتا مۇستەقىل پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. تېلېۋىزىيىدە ئەركىن تەپەككۇر ۋە مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە زىيالىيلار ئوبرازىنى ساقلاپ قېلىش ھەقىقەتەن تەس. بەزىدە سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىنغان زىيالىينىڭ پىكرىدىن كۆرە ئۇنىڭ شۇ ساھەدىكى نوپۇزى پروگراممىغا بەكرەك كېرەك بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «تېلېۋىزىيە زىيالىيسى» بولۇش شۇ زىيالىيغا نىسبەتەنمۇ ئېغىر ، ئازابلىق بىر جەريان. يەنە كېلىپ تېلېۋىزىيىنىڭ ھۆكۈمنى شەكسىز توغرا دەپ چۈشىنىدىغان كۆپ سانلىق كۆرۈرمەنگە ئىگە بۇگۈنكى رېئاللىقتا تېخىمۇ شۇنداق. مېدىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىشى جەمئىيەتكە تونۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۇدۇل يولى. ئىلگىرى زىيالىيلار بىر ئۆمۈر ئۈن-تىنسىز باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەندىلا ئاندىن جەمئىيەتكە تونۇلاتتى، ھازىر تېلېۋىزىيە ناھايىتى ئاسانلا

كىشىلەرنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولدى. ئون- يىگىرمە يىل باش چۆكۈرۈپ ئۆگەنسە ھېچكىم تونۇمايدىغان، تېلېۋىزورغا چىقسا بىر كېچىدىلا پۈتكۈل جەمئىيەت تونۇيدىغان، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان ئىلمىي بولمىغان بۇخىل تونۇلۇش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە زىيالىيلارغا نىسبەتەنمۇ نورمالسىزلىق. بەزى زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزىيىنى رەت قىلىشى، تېلېۋىزىيىنىڭ سودا خاراكتېرى ۋە «مەدەنىيەت تېز تامىقى»بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن بولۇپ، زىيالىيلار تېلېۋىزورغا چىقسا ئۆزىنىڭ بۇ خىل سودا شەكلىنىڭ قورچىقى ھەم «تېز تاماق»نىڭ توشۇغۇچىسى بوپقېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. تېلېۋىزىيىنى رەت قىلسا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن، تونۇلالماسلىقتىن، جەمئىيەت تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. زىيالىيلارنىڭ مېدىيىلەرگە «ئەل بولۇش»ى، ھەتتا خۇشامەت قىلىشى ئامالسىزلىقتىن بولۇۋاتامدۇ؟ زادى كىتابنى قۇچاقلاپ ئىلىم يولىدا رىيازەت چېكىپ، قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلىگەن تۈزۈكمۇ، ياكى مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئاممىۋى مېدىيىلەر بىلەن «يېقىندىن ئۇچراشقان ياخشىمۇ؟» دېگەن سوئاللار نۇرغۇن زىيالىينى زىددىيەتلىك ئويلارغا تاشلىماقتا.

ئاممىۋى مېدىيىلەر ئادەمنىڭ ئۆز- ئۆزىنى ئىپادىلەش ۋە باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىشنى ئىستەشتەك پىسخىك ئېھتىياجىغا ئەڭ ئاسان ئۇيغۇنلىشىدۇ. زىيالىيلارنىڭ تېلېۋىزورغا چىقىش مەسىلىسىدە تېلېۋىزىيىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرىپىنى تولۇق ئويلىشىمىز زۆرۈر. ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپى— ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، سەلبىي تەرىپى ئېيتىم چەكلىمىلىكى. شۇڭا تېلېۋىزىيە ھەم ئۆزىنىڭ ئېيتىم چەكلىمىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، ھەم كىشىلەرنى قايتا ئويلىنىش ۋە تەنقىد قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن. جۇڭگونىڭ تونۇلغان سىنارىستى جاڭ خۇڭشىن مۇنداق دېگەن: «لۇشۈن ئەپەندى پۈتكۈل ئۆمرىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىنى ئويغىتىشقا سەرپ قىلدى. ئۇ ‹چۇقان›، ‹تېگىرقاش› قاتارلىق ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئەينى چاغدا (جۇڭگولۇقلارنىڭ) بىخۇدلۇقتا ياتقان روھىنىڭ ئويغىنىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلدى. ئەمما مەيلى ‹چۇقان› بولسۇن ياكى‹تېگىرقاش› بولسۇن، كىتابنىڭ ئومۇمىي تىرازى نەچچە مىڭغىلا يېتەتتى. ئەگەر لۇشۈن ئەپەندى ھازىر ياشىغان بولسا قانداق بولاتتى؟ ئۇنىڭ ۋەزنىلىك چۇقانلىرى بىر كېچىدىلا ھەرخىل زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بۇلۇڭ- پۇچقاقلارغا بارالايتتى...» [6]

ئەلۋەتتە، ماددىي جەھەتتىن بىز لۇشۈن ئەپەندىدىن كۆپ باياشات، بارلىق مېدىيىدىن پايدىلىنىش پۇرسىتى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئېسىل شارائىت مەدەنىيەتنى قوغداپ تۇرغۇچىلارغىلا ئەمەس، بەلكى زەپەر مارشىنى جاراڭلىق ياڭرىتالايدىغان مەدەنىيەت قازغۇچىلارغىمۇ مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. زىيالىيلار تېلېۋىزىيىنى بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن ئالدىراپ رەت قىلماسلىقى، تېلېۋىزورنىڭ ئاقارتىش پۇشتىكى بولۇش ئالاھىدىلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقى ۋە تېلېۋىزورنى كۆرۈرمەنلەرنىڭ زېھنىنى ئويغىتىقۇچى سەھنە قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك.

زىيالىيلارلا ئەمەس، ھەقىقىي مەنىدىكى بارلىق مەدەنىيەت تارقاتقۇچى چوقۇم زامانىۋى تېخنىكا ۋاستىلىرى ۋە زامانىۋى مېدىيىلەرنىڭ مەدەنىيەت- ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قايتا قاراپ چىقىشى، مېدىيىنى «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئۆگىنىش تىپىدىكى جەمئىيەت قۇرۇش» تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، پارتىيىنىڭ ئىلىم دېموكراتىيىسىگە كەڭ يول ئاچقان «بارچە گۈل تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس- بەستە سايراش» فاڭجېنى بويىچە ھەرخىل ئېيتىمنى ئىلمىي، كەڭ- كۇشادە ئىپادىلەيدىغان بىر خىل قورالغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. تېلېۋىزىيىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئادەمىيەت روھىنى ئۇستۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى بولسا زىيالىيلارغا تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا تېخىمۇ كۆپ كۆرۈنۈش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تېلېۋىزىيىدىن ئىبارەت تەسىر كۈچى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئاممىۋى بوشلۇقتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئىلمىي ئېيتىملارنى تېلېۋىزىيە ئېيتىملىرىغا ئايلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتۇر. بۇ، بارلىق زىيالىيمىز ۋە مېدىيە خادىمىنىڭ يۈكسەك بۇرچى.

2008- يىل ماي، شەھرى خانبالىق

## ستاتا مەنبەلىرى

[1]،[2]،[5] پېئىر بوردېئو: «تېلېۋىزور ھەققىدە»، لياۋنىڭ مائارىپ نەشرىياتى2000- يىل نەشرى (خەنزۇچە).

[3] «جۇڭخۇا ئوقۇرمەنلەر گېزىتى» (خەنزۇچە) 2001- يىل 18- ئىيۇن سانى.

[4] ئېدۋارد سەئىد: «زىيالىيلار»، «ئۈچ بىرلەشمە» نەشرىياتى2002- يىل نەشرى (خەنزۇچە).

[6] «شىنخۇا تەرمىلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)1995- يىل 10- سان.

---

* ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى كىنو - تېلېۋىزىيە، تىياتىر فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى؛ ھازىر جۇڭگو مېدىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا رادىئو- تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە دوكتور ئاسپىرانت (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاتقا مىنگۈزگەنلەرنى ئۇنتۇمايلى



مۇھەممەتجان راشىددىن

مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەيلى رادىئو، مەيلى سەھنە ۋە مەيلى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىن بولسۇن، ھەر قېتىم بىرەر ناخشا ئاڭلىساملا دىكتور ياكى رىياسەتچىلەرنىڭ ناخشا ئاپتورلىرىنى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئوچۇق ئېلان قىلمايدىغان بوپقېلىۋاتقانلىقىدىن غەشلىك ھېس قىلىدىغان بوپقالدىم. بۇ خىل سۇس مۇئامىلىنىڭ ئاقىۋىتى ئاستا- ئاستا ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ ناخشا ئىجادىيىتىدىكى مۇزىكا (ئاھاڭ) ئىجادكارلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تېخىمۇ چوڭ يوقىتىش. چۈنكى ئەسلىي زۆرۈرىيەتتىن ئېيتقاندا، ناخشا ئاپتورلىرى دىكتور ياكى رىياسەتچى تەرىپىدىن ناخشىچى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا تاماشىبىنلار بۇ ئىجادىيەتنىڭ مۇزىكا ئاپتورى بىلەن تېكىست (شېئىر- نەزمە) يازغۇچىسىنىڭ كىملىكىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرالايدۇ؛ مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىجادكارلار تىرىكىدە ھۆرمەتلەنگەن، ئىجادىيەت ئەتىۋارلانغان، تۆھپە ئالقىشلىنىپ، شەخس ئەزىزلەنگەن بولىدۇ؛ ئۆلمەس (نادىر) ناخشا ئاپتورلىرىنىڭ نامى مىللەت زېمىنىدا ئۆچمەس چىراغقا ئايلىنىدۇ؛ ئۇلار ئۆز ناخشىلىرى بىلەن بىللە ياشاپ، ئۆز- ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ئابىدە تىكلەيدۇ. ھازىر بىزگە زۆرۈر بولۇۋاتقان (ئىلگىرى بىر ئوبدان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان) يۇقىرىقىدەك قائىدە- مىزانلار بارغانچە سۇسلاپ، يوقلىشقا يۈز تۇتتى. بولۇپمۇ بايرام ۋە مەخسۇس پائالىيەت سەھنىلىرىدە گەپدان رىياسەتچىلىرىمىز ناخشىلاردىن پايدىلىنىپ دەۋر، تەرەققىيات، تۇرمۇش، ئەخلاق ۋە باشقىلار ھەققىدە شۇنچىلىك سۆزلەيدۇكى، ئەمما بايىقى ئاپتورلار ھەققىدە ئىككى ئېغىزمۇ گەپ ئېچىپ قويمايدۇ. دېمەك، ئىجادكارلارنىڭ نام- شەرىپى ئۇلارنىڭ جاراڭلىقىنە ئاۋازىغىمۇ ئەرزىمەيدىغان بوپقالدى. بۇنىڭ كەلگۈسىدىكى زىيىنىنى ھېلىغىچە چوڭقۇرراق ئويلاپ باققان ھېچكىم يوق.

ناخشا ئىجادىيىتىدىكى تۆھپە مىللەتنىڭ مەنىۋى ھايات زېمىنىدا تولىمۇ تەسىرلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ نادىرلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ھامان ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىۋى مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، تەۋەررۈك دەستۇرى، پەخىرلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتىرى بوپقالىدۇ. بۇ، شۇ ئىجادكارنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتى ئۈچۈن ياراتقان قىممەتلىك بايلىقى. كېيىنكى كىشىلەر (ئەۋلادلار) بۇ بايلىقتىن بەھرىلەنگەندە ئۇلارنىڭ ئەجىر- ئەمگەكلىرى بىلەن ئىنتايىن شەرەپلىك ياشىغان، ئۆزلۈك روھىغا باي ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، بۇ روھنىڭ ئۇلارنى مىللەتنىڭ قەدىردانلىرى، ئەزىزلىرىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايدۇ. ئۇلارنى ھەم بۇ دۇنيادا قەدىرلەپ، ھەم ئۇ دۇنيالىقىدىمۇ ئەسلا ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت ئەنە شۇلاردىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىراق، بىز ئەجدادلاردىن قېلىۋاتقان ئەنە شۇنداق ئۆلمەس- ئۇنتۇلماس ناخشىلىرىمىز بىلەن سۆيۈنسەك، ئۇنىڭ ئىجادكارلىرى نامىنىڭ ئۆزلىرى (ناخشىلىرى) بىلەن بىللە بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىدىن كۆڭلىمىز غەش بولىدۇ.

## «ھەسسىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق» مۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى، پۈتكۈل مىللەت قەلبىدە ئۇلارنىڭ ئەجرىگە مۇناسىپ ئابىدە تىكلەشكە سەل قارالغانلىقتا. بۇ مەسىلىنى بىز ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ تارىخىي تەقدىرىدىن ئويلاشساقلا، ئەمدى قانداق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى بىلەن ھازىرقى ئىشلىرىمىزنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

2007 ـ يىلى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ئىشچان قەلىمى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلىنغان «ئەلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي بايانى» دېگەن كىتاب بىزدە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى (بولۇپمۇ ئاھاڭلىرى)نىڭ ئەسلىي ئاپتورلىرى بىلەن ئەزەلدىن كارىمىز بولماي كېلىۋاتقان تارىخىي بىپەرۋالىقنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىقىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى. يازغۇچى كىتابنى ئاپىرىدە قىلغۇچە تولىمۇ جاپالىق ئىزدىنىشلەردە بولدى. گەرچە نۇرغۇن «ئىگىسىز» ناخشا پېشقەدەملەردىن سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئىگىلىرى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاق قالدى. ھەتتا يېقىنقى ــ 1930 ـ ، 1940 ـ يىللاردا چىققان ناخشىلارنىڭ كىملەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ تەسكە توختىدى. ھېلىمۇ ياخشى، يازغۇچى قەدىمى يېتەلىگەنلىكى يەرلەرگىچە مېڭىپ، قولىقى ئاڭلىغانلىكى ئۇچۇرلارنى ئېرىنمەي سۈرۈشتۈرگەچكە، بۇ خاسىيەتلىك جاپانىڭ نەتىجىسىدە نۇرغۇن ئاھاڭنىڭ ئىجادكارلىرى روشەنلەشتى. ئەگەر بۇ ئىش يەنىلا كېچىككەن بولسا، بۇ كىتابنىڭ مۇنداق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يورۇققا چىقالىشى ناتايىن ئىدى.

يۇقىرىقى (ئۆتمۈشتىكى) ئۆكۈنۈشلۈك ھادىسىلەرنىغۇ ساۋاتسىزلىق قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەن زامانلاردىكى مەدەنىيەت تەزكىرىمىزنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىدىن، ياكى سەنئەتكە نىسبەتەن بىپەرۋالىقنىڭ كاساپىتىدىن بولغان دەيلى، بۈگۈنكى بىخۇدلۇقنىچۇ؟ بۇمۇ ھازىرقى ئۇسۇلىمىز بىلەن كەلگۈسىدىكى ئۇنۇم چوڭقۇر ئويلىشىلمىغان بىپەرۋالىقتىن كېلىپ چىققان ئەھۋال. شۇڭا ھازىر ناخشا ئاپتورلىرىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى تىلغا ئېلىنمايدىغان ھادىسىنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك ئىكەنلىكى، موشۇنداق كېتىۋەرسە نادىر ناخشىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە جەزمەن ئىگىسىز قالىدىغانلىقى ھېس قىلىنمايۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ سەنئەت ئەخلاقىمىز بىلەن كەسپىي سالاھىيىتىمىزنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنىڭ سۇسلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئېھتىمال بەزىلەر: نەشر قىلىنىۋاتقان ئون ـ سىن بۇيۇملىرىدا، ئېكرانلاردا ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېزىلىقىغۇ، نادىر ناخشىلار كومپوزىتورلىرى بىلەن ئاللىقاچان لېنتىغا ئېلىنىپ بولدىغۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. بۇ جاۋاب ئاڭلىماققا ئورۇنلۇقتەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز كۆزلىگەن مەقسەتلەرگە ئەسلا يېقىنلىشالمايدۇ. ئون ـ سىن بۇيۇملىرىغا يېزىپ قويۇلغانلار نوپۇزلۇق رادىئولاردا ئوقۇلمايۋاتقان تۇرسا، شەھەر، سەھرا كوچىلىرىدا بولۇشىغا قويۇپ بېرىلگەن رادىئو كانايلىرىدىن ئۇ ناخشىلارنىڭ ئاپتورلىرىنى كىم ئوقۇپ بېرىدۇ دەيسىز ؟ ھازىر ئون ـ سىن مەھسۇلاتلىرىغا ھېلىقىدەك يېزىپ قويۇش ناخشا (مۇزىكا) ئىجادكارلىرىنىڭ نامىنى ئېلان قىلىشتا ناھايىتى ئاددىي ئىزاھ ۋە پاسسىپ رەسمىيەتچىلىككە ئايلىنىپ، كىشىلەر ئۇنى (يېزىپ قويۇش زۆرۈر دېگەن تەقدىردىمۇ) رىياسەتچى ياكى دىكتورلارنىڭ ئاۋام ئالدىدا يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئۆز ئاغزىدا يۇز تۇرانە ئېلان قىلغىنىغا تەڭ قىلمايدىغان بوپقالدى. ئىجادكارلارنى ئاۋامغا تەنتەنە بىلەن تونۇشتۇرۇپ تۇرمايدىغان بايىقىدەك پاسسىپ ئۇسۇل ھەرگىز ئىسلاھات ئەمەس. ئۇنى يېقىنقى دەۋردىكى ئىسلاھاتنىڭ ئابرۇيى بىلەن ئۆلچەپ ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ، ئاپتورلارنى تونجۇقتۇرۇپ قويۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ.

ئىجادكارلارنى ئاۋامغا دائىم تونۇشتۇرۇپ تۇرمايدىغان بۇ خىل ئېتىبارسىزلىق ئۇلارغا ھايات چېغىدا گۈلدەستە تۇتالمايدۇ؛ رىغبەت، ئىلھام بەخش ئېتەلمەيدۇ، مۇنبەرلەرگە چىقىرالمايدۇ. چۈنكى ئىجادكارلارغا ئاۋۋال بۇ دۇنيالىق ھۆرمەت، شان ـ شەرەپ، ئاندىن ئۇ دۇنيالىق ئابىدە كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ــ يەنىلا يۈز تۇرانە ئاغزاكى ئېلان قىلىش. بۇ، ئاپتورلار نامىنى كەڭ تاماشىبىنلار (تىڭشىغۇچىلار)نىڭ قەلب زېمىنىغا ئورۇق قىلىپ تېرىۋېتىشكە پايدىلىق. ئەكسىچە، ھازىرقىدەك ئەھۋال تەكرارلىنىۋېرىدىغان بولسا، ھازىر ئىجاد بولغان نادىر ناخشىلارنىڭ ئاپتور تەۋەلىكىنى بىلەلمەي، كەلگۈسىدىكى ئاۋارىچىلىقلارنىڭ بىزنىڭ بۈگۈنكى بىپەرۋالىقىمىزغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىدە شۈبھە بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، ھازىر كىشىلەر ناخشىچىلارنىلا تونۇيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ناخشا سېلىپ بەرگەن ئىجادىيەتچىلەرنى تونۇمايدۇ.

قازاق قېرىنداشلارغا ئاپىرىن! ئۇلار سەنئەت ئەخلاقىدا ناخشىچى (ئورۇندىغۇچى) بىلەن ناخشا ئاپتورلىرىنى نەق مەيداندا، ياكى رادىئودا بىللە ئېلان قىلىشنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئادەت قىلىپ كەلمەكتە. ئىشەنمىسىڭىز، قازاقچە رادىئولارنىڭ سەنئەت ئاڭلىتىشلىرىنى تىڭشاپ بېقىڭ، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىغا نەزەر سېلىپ، قازاقچە ناخشا كېچىلىكلىرىگە ئىشتىراك قىلىپ بېقىڭ. ئۇلار ناخشا ـ كۈي ئىجادكارلىرىنى ئۇنتۇپ باققان ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھايات ئىجادكارلىرىمۇ بۈگۈنكى

www.uyghurkitap.com

رادىئو- تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن. كەسىپ ئەخلاقى مۇشۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرقىلارنىلا ئەمەس، ئۆتمۈشتىكى كلاسسىك ناخشا- كۈي، ئۆلەنلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىمۇ بەش قولدەك بىلىدۇ. ھەتتا ئاباي، جامبۇل، قۇرمانغازى، تەتتى ئۇمبەد، تاڭجارىق... قاتارلىق نۇرغۇن خەلق ئىجادكارىنىڭ ئىجادىيەت جەريانلىرىنى گويا بىر ھېكايە- قىسسىلەر سۈپىتىدە سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. بىزدە بولسا ئەھۋال باشقىچە. بۇ بىزنىڭ سەنئەت بايلىقلىرىغا بولغان مىراسخورلۇقتىكى ھېچكىم تەتقىق قىلىپ باقمىغان سەۋەنلىكىمىز بولۇشى مۇمكىن. ناخشا ئىجادكارلىرىغا قىلىنىۋاتقان مۇنداق مۇئامىلە ئۇلارنىڭ تۆھپە ۋە نام- شۆھرەتلىرىنى ھەرگىز نۇرلاندۇرالمايدۇ.

مېنىڭچە، ناخشا ئىجادىيەتچىلىرىنى ئۇنتۇماسلىق ناخشىچىلارنىڭمۇ كەسپىي پەزىلىتى بولۇشى لازىم. ئۇ، ناخشىچىلارنىڭ ئۆزىگىمۇ شۆھرەت تاجى كىيدۈرىدۇ، ئۇلارنى كەسىپ ۋە ئەخلاقتا قوش كامالەتكە ئېرىشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئىززەت تاپقۇزىدۇ. ئۆزى ئورۇنداۋاتقان ناخشىغا كەم- كىملەرنىڭ قانچىلىك ئەجىر- مېھنىتى سىڭگەنلىكىنى دادىللىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىش ھەرگىزمۇ ئۇ ناخشىچىنىڭ ئوبراز- ئىستىلىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىدىكى نۇرانە تەرەپلەرنى تېخىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ(مۇھەررىردىن). مانا بۇ «ھۆرمەت قىلساڭ، ئىززەت تاپارسەن» دېگەن ھېكمەتنىڭ كارامىتى!

بىزدە ناخشا ئىجادكارلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلارنى ئۇستاز سۈپىتىدە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي يۈرىدىغان پەزىلەتلىك ناخشىچىلىرىمىزمۇ خېلى بار. ئۇلار بىز سەل قاراۋاتقان شۇ زۆرۈرىيەتنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق نەمۇنىگە ئايلاندۇردى. مەسىلەن، بۇلتۇر تەكلىپ بويىچە ئىلىغا بېرىپ غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ساياھەت مەشرىپى»دە ناخشا ئېيتقان ئەل سۆيگەن مۇنەۋۋەر ياش ناخشىچىمىز سەنۇبەر تۇرسۇن تەلەپ بويىچە ئىككىنچى ناخشىسى ئۈچۈن يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مەن ئەمدى داڭلىق كومپوزىتور، يېتۈك سەنئەتكار، ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز مەرھۇم غىياسىددىنكام باراتنىڭ ‹ئايدىڭ كېچە›(بۇ ناخشىنىڭ شېئىرى ھېيتەم ھۇسەيىننىڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىل 6- سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. — مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەن تەۋەررۈك ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن!» دېۋىدى، پۈتكۈل مەيدان نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىننىڭ گۈلدۈراس ئالقىش- چاۋاكلىرى ئىچىدە زىلزىلىگە كېپكەتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ چاۋاكلار ھەم مەرھۇم كومپوزىتورنىڭ روھىغا، ھەم سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ ئۆز ئۇستازلىرىنى ئۇنتۇمايدىغان ئېسىل پەزىلىتىگە چېلىنغانىدى. بۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق ناخشىنىڭ ئەسلىدە ئۆز ئوغلى غىياسىددىن باراتنىڭ ئەمگىكى ئىكەنلىكىنى ئىلىدىكى نەچچە مىڭلىغان ھېرىسمەننىڭ بىلىپ قالغانلىقى تېخىمۇ چوڭ غەنىيمەت ئىدى. ئىلگىرى بىلمەيدىغانلار بىلىۋالغان، بىلىدىغانلار پەخىرلەنگەن بۇنداق پۇرسەت كومپوزىتور ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك شان- شەرەپ ئابىدىسى ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن مەرھۇمنىڭ روھى، ئۇرۇق- تۇغقان، بالا- چاقا، دوست- بۇرادەرلىرىنىڭ قانچىلىك خۇش بوپكەتكەنلىكىگە مۇناسىپ سۆز تاپماق تېخىمۇ تەسكە توختايتتى. مۇبادا غىياسىددىن بارات ھايات ۋاقتىدا مۇشۇ سورۇنغا داخىل بولالىغان بولسا، ئۇنى كىممۇ ھۆرمەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلمايتتى دېيەلىسۇن؟ ئۇنى كىممۇ ئۆز ئەمگىكىدىن ھاردۇقى چىقمىدى، دېيەلىسۇن؟ ئەپسۇسكى، مەرھۇم غۇلجا شەھىرىدىكى بۇ تەنتەنىدىن بالدۇرراق ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ سەنۇبەرنىڭ بۇ كاتتا مەشرەپتىكى ئەسلىمىسى ئۇنىڭ روھىنى چەكسىز ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىۋەتتى: «ئايدىڭ كېچە» ناملىق بۇ گۈزەل ناخشىنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتى ئۈچۈن غىياسىددىن باراتتىن قالغان يالداما ئىكەنلىكىنى پۈتۈن تاماشىبىننىڭ خاتىرىسىگە سېلىپ قويدى. ئىجادكارنىڭ بىر مەنزىلى مانا شۇ.

«ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيىتى ھۆرمەتلىنىشكە تەشنا بولۇشتۇر» دېگەنىدى ۋىللىيام جامىس. مېنىڭ تەشەببۇس قىلىۋاتقىنىممۇ ئەسلىدە ئۇلارنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن (كەلگۈسىدە) ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھايات چېغىدا، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى ئورۇندالغان سورۇن، سەھنىلەردە يۈز تۇرانە خۇشھاللىقتا (خۇددى قازاق ئىجادكارلىرىدەك) ئېرىشتۈرۈش، ھۆرمەتلەش ئىدى. بۇنداق قەدىرلەش ئۇلارنىڭ قەلبىگە يەنىمۇ ئىلھام بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. مەن بۇلارنى رىياسەتچى، دىكتورلارغىلا ئەمەس، ناخشىچىلار ئۈچۈنمۇ مۇناسىپ بۇرچ ھېسابلايتتىم. بىراق، ھەممىلا ناخشىچىنىڭ سەنۇبەردەك قىلالىشى ناتايىن. ھازىر بىزنىڭ بەزى ناخشىچىلىرىمىز ئۆزلىرى ئېيتىپ يۈرگەن ناخشىلارنىڭ كىملەرنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا قالماستىن، بۇنىڭ بىر ناخشىچى ئۈچۈن زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئويلاپ قويمايدۇ.

ناخشا ئىجادكارلىرىنىڭ سەنئەتتىكى رولى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھۆرمىتىگە ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىلمىگەچكە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان مۇشۇ 30 يىلدىن بۇيان ئىجاد قىلىنغان بەزى خېلى ئوبدان ناخشىلىرىمىزنىڭ ئاپتورلىرىنىمۇ دەماللىققا ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بوپقالدۇق. كۆپى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، يەنىلا ئاپتورلىرىنى

ئەزىزلەش يۈزىسىدىن ئۇنىلۇك ئېلان قىلىپ تۇرالماسلىقىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ.

مېنىڭ يۇقىرىقى يازمىشلىرىمىدىن، ئېھتىمال بەزىلەر ئۆز شېئىرلىرىم ئۈچۈن ئابىدە تىكلەش خاھىشىنى گۇمان قىلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. مەن ناخشا ئاپتورلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىگە مەڭگۈلۈك ئابىدە تالاشقاندا، ئەڭ ئاۋۋال شېئىر ئاپتورلىرىنى ئەمەس، ئاھاڭ ئىجادكارلىرىنى كۆزدە تۇتىمەن. چۈنكى، بىر ناخشىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەڭ ئاۋۋاڭ ئۇنىڭ شېئىرىدا ئەمەس، مۇزىكىسىدا. چىرايلىق ئاھاڭدىن بەزىدە كىشىلەر ئۇنى شېئىرسىز غىڭشىپ يۈرۈپمۇ ھوزۇرلىنىدۇ؛ يېقىملىق ناخشا يىراقتىن ئاڭلانسا، كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىر مەزمۇنىنى ئاڭقىرالمىسىمۇ، يەنىلا ياقتۇرۇپ تىڭشايدۇ؛ سازەندىلەر ئۇنى چالغۇلار بىلەن خاس، مۇستەقىل مۇزىكا سۈپىتىدە چېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىدۇ، جەلپكارلىقىنى نامايىش قىلىدۇ. گۈزەل، يېقىملىق ئاھاڭلارنىڭ شېئىرسىزمۇ ھوزۇر بېرەلىشى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى.

تەييار ئاھاڭغا مۇناسىپ شېئىر ـ نەزمە تاپماق قىيىن ئەمەس، لېكىن تەييار شېئىر ـ نەزمىگە چىرايلىق ئاھاڭ ياراتماق تەس. ئېسىل ئاھاڭ ناچار شېئىر ـ نەزمىنىڭ قۇسۇر ـ ئېۋەنلىرىنى يېپىپ كېتەلەيدۇ؛ لېكىن ياخشى شېئىر ـ نەزمە ناچار مۇزىكىلارنى ئۇتۇشاپ، ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەلمەيدۇ. دېمەك بىر ناخشىنىڭ جەلپكارلىقى، ياشاپ قېلىشى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاھاڭغا باغلىق. مۇشۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئۆزىلا نادىر ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ مېھرىگىياھتەك ئەتىۋار، كومپوزىتورلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانت ئىگىلىرى، نازۇك ئەمگەك ئەھلى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، 1950 ـ يىللاردىن بۇيان مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا نەچچە ئونلىغان تالانتلىق، مول ھوسۇللۇق شائىر يېتىشىپ چىقتى. نۇرغۇن ياخشى شېئىرمۇ يېزىلدى، لېكىن مىللەت سۆيۈنگەن كومپوزىتورلاردىن بولسا ئاران قۇربان ئىبراھىم، ھۈسەنجان جامىي، غىياسىددىن بارات، مۇساجان روزى، ئابلىكىم ئابدۇللا، قۇربان ئۆمەر، سەمەت ئابدۇللا، تۇرسۇن قادىر، ئابدۇرېشىت توختى، ئىسكەندەر سەيپۇللا، خارىس ئاشۇروف... قاتارلىق بىر نەچچەيلەنلا مەيدانغا كەلدى؛ ھەتتا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ناخشا ـ كۈيلىرى خەلق ناخشا ـ كۈيلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى (مەسئۇل مۇھەررىردىن). بۇ ئەمەلىيەت ئۇلارنى گويا تەبىئەتتىن تەستە تېپىلىدىغان گۆھەر ياكى چۆچەكلەردىكى ئالتۇن كوكۇللۇق باللار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر دەۋر ۋە بىر خىل ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشىغان زاماندىشلاردىن چىقىدىغان كومپوزىتورلارنىڭ نىسبىتى شائىرلارغا قارىغاندا تولىمۇ تۆۋەن بولىدىغانلىقى ھەممە ئۈچۈن ئاددىي ساۋات. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەزىزلىككە مۇناسىپ كىشىلەر تۇرسا، بىزنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىمەسلىكىمىز، ئەتىۋارلىماسلىقىمىز مۇمكىنمۇ؟

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ كىتابىدا ئېزدىگىنىمۇ ئالدى بىلەن ناخشا نەزمىلىرىنىڭ ئاپتورلىرى ئەمەس، ئاھاڭ ئىجادىيەتچىلىرى. بىز ئۇلار قازغان قۇدۇقتىن سۇ ئىچكەنىكەنمىز، ئۇلارنىڭ تۆھپە ۋە نام ـ شەرەپلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئاھاڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىنتايىن قىيىن ۋە نازۇك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار مۇنداق نۇرلاندۇرۇشنى رەت قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىسلاھاتتىن بۇيان ئۇيغۇر سەنئىتى يېڭى بىر ئازادلىككە ئېرىشىپ، نۇرغۇن ھەۋەسكار ناخشا (ئاھاڭ) ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. گەرچە، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا كومپوزىتورلاردىن بولۇپ چىقىشىغا كۆزىمىز يەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىدۋارمىز. ئۇلار ئالدى بىلەن قوللاشقا، ئىلھام بېرىشكە، يېتەكلەشكە، زۆرۈر تېپىلغانلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە موھتاج. ئۇلار تېرىغان گۈللەر چېچەكلىگەن، تىككەن كۆچەتلەر مېۋە بەرگەن ھامان ئۇلارنى خەلققە تونۇشتۇرۇپ تۇرۇش، جەلقنىڭ ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىگە، سۆيۈشىگە قويۇپ بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى: سەھنە، رادىئولاردا ئۇلارنىڭ نامىنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئۆز ئىجادىيەتلىرىگە قوشۇپ ئېلان قىلىپ تۇرۇشتىنلا ئىبارەت.

دۇنيادا ئۇسۇل ـ چارە دېگەنلەر ئاز ئەمەس. گەپ، ئۇلارنىڭ ئەسقاتىدىغانلىرىنى تاللىۋېلىش ۋە داۋام ئەتتۈرۈشتە. بىزدە ئىلگىرى شۇنداق ئىدى. نۆۋەتتە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ناخشا ئىجادىيەتچىلىرىنى ئېتىباردىن ساقىت قىلىۋېتىدىغان، ئۇنتۇپ قالىدىغان بىخۇدلۇقتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ، دىكتور ۋە رىياسەتچىلەرنىڭ، ناخشىچىلارنىڭ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

---

ئاپتور: شائىر، غۇلجا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېنسىيونېرى (M1)، (M3)

بۇ سان 2008 ـ يىل 10 ـ ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ سېنتەبىردە نەشردىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن (M3). بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى



«هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىيىملىرىنى پىچىش ۋە تىكىش»، «شىنجاڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۆلچىمى»، «كىيىم پىچىش ۋە تىكىش ئاساسىي بىلىملىرى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، كىيىم - كېچەك تەتقىقاتچىسى، ئۇستاز ئابدۇرەشىد زۇنۇن ئەپەندى

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/I
国外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
国外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：新疆日报印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局
邮发代号：58－22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2008 - يىل 5 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008 — 6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65 — 1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھ) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 22　باھاسى: 5 يۈەن

ئۆركەش جاپپار فوتوگرافىيە ئەسەرلىرىدىن

فوتوگراف ئۆركەش جاپپار ئەپەندى











